# تارىم

11

1992

## مەرھۇم شائىر قۇربان ئىمىننىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلە



پىشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن ئىجادىيەت ئۈستىدە.



قۇربان ئىمىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەھەممەت رېھىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقتا.



قۇربان ئىمىن ئەرشىدىن تاتلىق، ئىمىن تۇرسۇنلار بىلەن سۆھبەتتە.



قۇربان ئىمىن پىشقەدەم سەنئەتكارلار بىلەن بىللە.



شائىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.

# تارىم


ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

42-يىل نەشرى

11

1992



باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى ، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، ئارسلان ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ، ئابلىكىم باقى ، تۇرغان شاۋۇدۇن ، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ، قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت شاۋۇدۇن ، مۇھەممەت زۇنۇن ، مەھمۇد زەيدى ، ئەمىن تۇرسۇن ، ئىمىن ئەخمىدى ، زوردۇن سابىر .

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئارسلان ........................ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر (پوۋېست) ........................ 4
ئا. قاھار........................ناۋائىي ھەيكىلى ئالدىدا (ھېكايە)........................ 74
م. ئىمىن........................ خەتەرلىك كېسەل (ھېكايە)........................ 89
ز. سابىر........................چاڭ-توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك (ئەدەبىي خاتىرە)... 104


## شېئىرلار


ئا. ئۆتكۈر ........................مەلىكە ھەيكىلى ........................ 62
ئى. تۇرسۇن ........................ئامانىسا........................ 63
م. سادىق ........................مەلىكە ۋە ئون ئىككى مۇقام ........................ 64
م. راشىدىن........................ئۆكۈنۈش ........................ 66
م. زەيدى ........................يۇرت قەدرى ........................ 70
م. ئىبراھىم........................شېئىرلار........................ 70
ئۇ. ئۆمەر........................ئاچچىق - چۈچۈك سادالار........................ 72
ئۆ. مۇھەممەتئىمىن ........................شېئىرلار ........................ 97
ئا. تۇردى ........................بىر كۈبلېتلىق شېئىرلار........................ 99
ج. ئەمەت........................يېشىل ھايات پەرىسى ........................ 100
ك. ھۇسەيىن ........................ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار ........................ 101
م. بۇغرا ........................ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە........................ 129
ئا. ھەسەن........................قەلب ئاسمىنىدىن تامچىلار ........................ 132
ئە. قاھار ........................سەنئەتكار خەلققە ئېھتىرام........................ 133

مۇهاكىمە ۋە تەقرىز

م. پولات...................يېڭى شېئىرلار توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم......... 134

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئى.گاسكىل.......................ئۆگەي قېرىندىشىم (ھېكايە)............................... 144

ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن ۋاپات بولدى............................... 157
«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش ئېلانى ............................................ 160

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مۇھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن

www.uyghurkitap.com

ئارسلان

# ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر

(پوۋېست)

كۈندۈز بىلەن تۈن باشلانغان قاچان قەيەردىن،
چېگرا بىلمەس ۋە قېرىماس نېچۈن مۇھەببەت؟
ئاتار تاڭلار بىزنىڭ، ئۆچكەن تاڭلار ئەجدادىنىڭ،
ھايات ئاسار ھەر بىر تاڭدا ئۇپۇقتا سۈرەت.
كەچمىش چۈشلەر چاقىرىقلىرى بار سۈرەتلەردە،
قۇياش بېرىپ كۆرگەچكىلا ئالىدۇ لەززەت.
ۋاقىت ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ تالاي نەرسىنى،
ئىزلار سۆزلەر مۇھەببەتنى، سىرلارنى ئەبەت.

— ئاپتوردىن



بىرىنچى باب

.......

مەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كېلىپ بۇ قايناق شەھەردە بىرىنچى يازنى ئۆتكۈزدۈم. شۇ جەريانىدا، تەڭرىتاغ تىزمىلىرى قۇ-

چاقلاپ ياتقان يۇرتىمىزدىكى بۇلۇتلارغا قىلىچ كۆتۈرگەن ئەزىمەت تاغلار، يەرنى يېرىپ ياردائىلار ياسىغان قىياناىلىق دەريالار، تاشلىرىنىمۇ بوران ئۇچۇرىدىغان چۆل-جەزىرىلەر، ئالۋۇن تىترىگەن پايانسىز ئويماىلىق، شامالنىڭ ئايىغىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان تونۇردەك قىزىق قۇمۇلۇقلار، تېپىشماقتەك سىرلىق كۆك ئورمان، سۈت - قىمىزلار بۇلدۇقلىغان جۇلالىق يايلاق، يېنىك نەپەس ئېلىپ ياتقان زۇمرەت بوستانلىقلار-نىڭ مەنزىرىلىرى، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئېگىز - پەستلىكتىكى مۇتلەق يۇقىرى پەرق تەبىئەتنىڭ ئاجايىپلىقىنى نامايان قىلىپ، كۆڭلۈم ئالىمىدە كېچە - كۈندۈز جىلۋە قىلىپ تۇردى.

سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، بىر كۈنى يىخىيۇەن باغچىسىغا سەيلىگە باردىم. تەبىئەتخۇمار بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، باغجانلاپ ياتقان رەڭدار گۈللۈكلەرنى، سۈزۈك ياپراقلىرىدا ئالتۇن نۇر تارقىتىۋاتقان دەرەخلەرنى بىرەر قۇر ئارىلاپ، ئۆزۈممۇ سەزمەيلا چىغىرىيول ئارقىلىق ۋەنشۇشەن تېغى ئۈستىگە چىقىپ قاپتىمەن. چوققىدىكى قات - قات ئورمان كۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان يىپەكتەك مەيىن شامالدا تەۋرەپ دولقۇنلىناتتى. يىراقتىن قاپقارا دۆرىنىدىغان بۇ دەرەخزار قوزغىغان دولقۇن ئالتۇن ئاپتاپتا جىلۋە قىلىپ، رەڭگا - رەڭ مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. ماڭا ئۇ ياۋروپا رەسساملىرىنىڭ چوڭ ھەجىملىك ماي بوياق رەسىملىرىدەك كۆرۈندى. تەڭرىتېغى، پامىر، ئاربىغاتاي تاغلىرىدىكى، بولۇپمۇ ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئالتاي تاغلىرىدىكى كۆك نۇردا تاۋلىنىپ، يېشىل رەڭگە چىلىنىپ بەزىدە گۈۋۈلدەپ، بەزىدە قورقۇنچلۇق جىملىققا چۆكۈپ، سىرلىق تۈس ئالغان ئىپتىدائىي ئورمانلار ئېسىمگە چۈشتى. قۇلىقىمغا قۇشلار سىمفونىيىسى ئاڭلىنىپ، بۇرنۇمغا دىۋىرقاي ھىدى پۇرىغاندەك بولدى.

بىرئاز ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ھاياتلىقنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان بۇ رەڭلەر دۇنياسى ئىچىدە جىددىي ئىشلەۋاتقان زىلۋا، زىبا بىر قىزنى ئۇچراتتىم. ئۇ رەسىم سىزىۋاتقانىكەن، پەرىشتىنىڭكىدەك جامالىنىڭ نۇرى كۆزلىرىمنى يورۇتقاندەك بولدى. يېقىنلاپ بارغىنىمنى كۆرۈپ بېشىنى سىڭايان قىلىپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك كۈلدى. جىنەستەلەۋلەر قورشاۋىدىكى سەدەپتەك چىشلار يالتىراپ كەتتى. سۈرمىلىك كۆزلەرنىڭ زۇمرەت شولىسى تېخىمۇ ياندى. بۇ كۆزلەر ئاپتاپ چۈشكەن سەھەردىكى



دېگىنىزدەك شۇنداق تىنىق جىلۋىلىنىپ كۆلدىكى، مۇقەددەس بىر ھاياجان ئىچىدە جىمىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرى سىمابتەك تىترەپ كەتتى. مەن مەست بولۇۋاتاتتىم، دەرھال ئۇنىڭغا ئىنگلىز تىلىدا سالام قىلدىم. ئۇ ماڭا خەنزۇ تىلىدا خېلىلا توغرا تەلەپپۇزدا جاۋاب قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئارىلاشما تىلدا پاراڭلىشىپ كەتتۇق.

— سىز تۈركمۇ؟ مەن فرانسۇز.

— مەن ئۇيغۇر، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت ئادىمى. ئىسمىم قەيسەر.

— ھە، ئۇيغۇرمەن دەڭ، بۇرۇن مەن ئۇيغۇرلارنى بىلمەيتتىم. بىر قېتىم گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ دېگەن يېرىدە بىر ئۇيغۇر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ مۇخبىرى ئىكەن. كېيىنچە ئاز - تولا ماتېرىياللارنى ئوقۇدۇم. تۈركلەرگۇ بىزگە تولىمۇ تونۇش، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ، مانا شۇ چاغدا مەن بىردىنلا قىزنىڭ ئۆزىدىن بەكرەك خۇمار كۆزلىرىنىڭ كۈلۈمسىرەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بۇ كۆزلەردە پىكىرنىڭ جىلۋىلىرى، خىياللارنىڭ رەڭلىرى چاقنايتتى، — تونۇشۇپ قالغىنىمىزغا خۇشالمەن. مېنى لويىزا، دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ ئىسمىڭىز پادىشاھ كائىسنىڭ ئىسمىغا يېقىنكەن. ھىم، ئازراق چوڭ يۈرەكلىك قىلسام ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز، رەنجىمىسىڭىز بايىتىن تۇرغان جايىڭىزغا بېرىپ يەنە بىردەم تۇرۇپ بەرسىڭىز، مەنزىرە رەسىمگە جان كىرگۈزۈۋاتقان ئىدىڭىز.

— گۈزەلنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش ئەيىب، خانىقىز، — دېدىم مەنمۇ نائىلاج كۈلۈمسىرەپ ۋە ھېلىلا يىراقلارنى تاماشا قىلغان جايغا قايتىپ، ئوڭ پۇتۇمنى يېقىلىپ ياتقان دەرەخ غولىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم.

ئالاھەزەل بىرنەچچە مىنۇت ئاشۇنداق مودېل بولۇشقا توغرا كەلدى، ئاندىن دەرەخ كۆلەڭگۈسىدىكى ياپىلاق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇ سىزغان رەسىملەرنى كۆردۇم. ئۇنىڭدا ئايدىڭدىكى قىز - يىگىتنىڭ، ئورماندىكى تاڭنىڭ، بۇلۇتتىكى تاغنىڭ، باھاردىكى دەريانىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. رەسىملەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق، نەپىس ئىدى. مەن سىزمىلارنى، قىزنىڭ ئىستېداتىنى ماختىدىم. بىراق بەزى رەسىملەردە نېمىدۇر بىر نەرسە كەمچىلدەك ھېس قىلدىم. بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— ياخشىراق ئويلاپ باقسىڭىز نېمىنىڭ كەملىكى ئېسىڭىزگە كېلىپمۇ قالار، ئۇنىڭ ماڭا پايدىسى چوڭ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى لويىزا ئاپئاق يۈزلىرىگە چۈشۈۋالغان ئالتۇن چاچلىرىنى تۈزىتىپ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل جەزىبىلىك كۈچ بار ئىدى، — ئۆتكەن ھەپتىدە گۈزەل سەنئەت يۇرتىدىكى رەسىم كۆرگەزمىسىدە مەن سىزنى كۆرگەن، شۇ چاغدىمۇ بىر رەسىمنىڭ ئالدىدا شۇنداق خىيالغا پېتىپ قالغان ئىكەنسىز، شۇ رەسىمدىمۇ تاغ مەنزىرىسى بار ئىدى.

يېنىمغىلا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. مەن لويىزاغا ئىختىيارسىز لەپپىدە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئايدەك سۈزۈلۈپ تۇراتتى. شۇ زامات كۆز ئالدىمدا ئۇ ئېيتقان كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. شۇ چاغدا مەن بىر چەتتە تۇرغان ئالتۇن چاچلىق

قىزغا تىكىلىپ قارىغانىدىم. بۇ راست، خاتاسى يوق ھەقىقەت ئىدى. ئۇنىڭ باياتىن تولۇشتەك ئىسسىق چىراي كۆرۈنگىنىنىڭ سەۋەبى مانا نەدىكەن؟ ئاھ، پەرىزاتنىڭ ئالدىدا مېنى ئوسال قىلغان بۇ ئېسىم قۇرۇسۇن. مەن مەڭزىمنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

— كەچۈرۈڭ ئوماق قىز، مەن... مەن ئۇنتۇپتىمەن، قاتىلاڭچىلىقتىن... راست بىز شۇنداق ئۇچراشقان، كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان...

قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، گويا تاش ئۈستىگە ئېگىزدىن بىر كومزەك كۈمۈش تەڭگە تۆكۈلدى. ئۇ يارىلىشتىنلا شۇنداق خۇش خۇي بولسا كېرەك، نازۇك كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا پېشانەمگە نوقۇپ قويدى.

— ۋاي، شەرقلىق تارتىنچاقەي، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغىنىنى، بىزدە ئەرلەر بۇنداق قىلمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنى ئەركىن، ئازادە تۇتۇشنى ياخشى كۆرىمىز. ئوچۇقلۇق، شوخلۇقنى ياقتۇرىمىز. ئەرلەر تەشەببۇسكارراق بولسا ئەقىللىقراق بولىدۇ. ئىختىيارىراق بولۇڭ. ھايات جىددىيلىكنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. قېنى ئەسلەپ بېقىڭا، شۇ چاغدا نېمىنى ئويلىغانىدىڭىز؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئېسىمنى يىغىۋېلىشقا ياردىمى تەگدى. دەرۋەقە، شۇ چاغدىمۇ كۆرگىنىم تاغ مەنزىرىسىنىڭ رەسىمى ئىدى. شۇ چاغدىمۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە بىر نەرسە كەمدەك تۇيۇلۇۋىدى... ھەممىسىلا تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ رەسىمىغۇ ھە... بىردىنلا مېڭەم ۋاققىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى. مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— جۈرئەتلىكرەك بولسام راستىنلا ئەقىللىقراق بولامدىمەن نېمە؟ تاپتىم، بۇ رەسىملەردىكى مەنزىرىلەردىن يۇرتۇمدىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ پەرق - ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپتىمەن.

لوئىزا گېپىمنىڭ مەنىسىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدىمۇ قانداق، تىزىدىكى رەسىم نۇسخىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆرۈگەچ سوراپ قالدى:

— مەسىلەن، قانداق؟ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەردىن بېشارەت بېرىش كېرەكمىدى؟

— ياقەي، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ، — بىزنىڭ يۇرتنى شىنجاڭ دېيىشىدۇ، ئۇ ئەزەلدىن «گۆھەر زېمىن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ يەرنىڭ بايلىقى مول، تاغ - دەريالىرى سىز كۆرگەن تاغ، دەريالارغا ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ.

— ئەلۋەتتە ئاز - تولا پەرقى بولىدۇ - دە.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئانچە - مۇنچە پەرقى ئەمەس، ياق، — دېدىم مەن بارغانسېرى قىزىشىپ، — يۇرتۇمغا بولغان كۆرۈنمەس سېغىنىش ئوتى يەنە يۈرىكىمنىڭ بىر يېرىدە يالقۇنلاشقا باشلىغان بولسا كېرەك، — ئۇ يەردىكى تاغ - دەريالارنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، ئۇ تاغلار قۇرۇغان قەدىمىي دېڭىزلارنىڭ تەكتىدىكى قىيا تاشلاردۇر. ئانىلىرى بولمىش مەرھۇم دېڭىزلارنىڭ شۆھرەت شولىلىرىنى ئالەمگە نامايان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدلىرىدا ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنى شۇ دېڭىزلار بەدەنلىرى قۇرۇلمىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ئۇ دەريالار چاچلىرى

www.uyghurkitap.com

ئاقارغان شۇ تاغلارنىڭ قورۇغان ئانا دېڭىزلارغا ھازا تۇتۇپ تۆكۈپ كېلىۋاتقان تارام-تارام كۆز ياشلىرىدۇر. ئۇ ياقلاردا سىز تۇگۇل ناپالىئونمۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان تاغ-دەريالار بار.

لوئىزا بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. شەھلا كۆزلىرىدە تەئەددە شولىسى يالتىراپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ تەلەپپۇزىمدىكى دادىللىقتا ھەيران قالغان بولسا كېرەك.

— پاھ، كاتتا يەردىن چۈشتىڭىزغۇ، ناپالىئون كۆرگەن تاغلارغا بارغاندەكلا...

— ئوخشىتىشىم مۇۋاپىق بولمىغان بولسا، كەچۈرۈڭ. ئارتۇقچە دادىل بولۇپ كەتكەنىدىمەن. ئۇ تاغ، دەريالارنى ماڭا ھېيۇگو، مۇپاسسان، لېۋ. تولستوي قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ قەلەم نۇرلىرى يورۇتۇپ بەرگەنىدى.

— ھى، ھى، ھى، يازغۇچى، شائىرلاردىن ئوخشىمامسىز، قېنى، سىزنىڭ ئۇ ياقلاردىكى تاغ-دەريالىرىڭىزنىڭ لىرىكىلىرىدىن بىزمۇ ئازراق ھۇزۇرلانمايمىزمۇ!

مەن خۇددى مېنى يوقاتقاندەكلا قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن. سۆزلىرىم كۆزلىرىمگە تونۇش كۆرۈنۈشلەرنى قايتا نامايان قىلاتتى. راستىنلا ئۇ ياقلاردا باشقىچە كارامەت مەنزىرىلەر بار ئىدى: ھەرە چىشلىرىنىڭ قاتارىنى ئەسلىتىدىغان چوققىلارنىڭ باشلىرى يىل بويى ئالماس تاج كىيىدۇ. تاغ سۇلىرى شۇ يەردىن باشلىنىپ، قاپتاللاردىكى ئاددىي كۆرۈنۈشلەردە يايلاقنى بېزەپ جانلاندۇرۇپ تۇرغان ئاۋۇللاردىن ئۆتۈپ، يىراقلاردا غايىب بولىدۇ. ئۇ يەردە شەمشاد، غازاڭ تاشلايدىغان قارىغاي، قىزىل قارىغاي، ئاق قارىغاي، كىچىك ياپراقلىق ئەرمۇدۇن قاتارلىق ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك دەرەخلەر بار. ئۇ يەردە بىر يۈز يەتتە خىل ياۋايى ھايۋان، ئىككى يۈز سەكسەن بىر خىل ئۇچار قانات بار. يىلپىزلار ھۆركىرەپ، قولان تۇپلىرى چۆللەرنىڭ خىلۋەت كۆكسىنى تىترىتىدۇ. قوڭۇر ئېيىقلار ئېگىز چوققىلاردىن پەستىكى ئۆتكۈنچىلەرگە قارىتىپ ئۆيدەك يوغان تاشلارنى دومىلىتىدۇ. كېيىك، جەرەنلەر تاشتىن-تاشقا سەكرەپ، بۆكەنلەر قىلىچ قىرلىق ئۇزۇك قىيالاردا ماڭىدۇ. ئارقارلار باش قايغىدەك تىك يارلار لېۋىدىن پەستىكى ئېقىنغا قارايدۇ. مۆرىلىرىگە ئورمانىنى ئارتىۋالغان بوغىلار ئىنچىكە، چىرايلىق ئاياغلىرىدا ئۇچقۇر شامالدىنمۇ چاپسان چاپىدۇ. ئۇ يەردە ھازىرغىچە ئۈچ مىڭ خىلدىن ئارتۇق ياۋا ئۆسۈملۈك، بىر يۈز سەككىز خىل مەدەن بايقالدى. تارىم، جۇڭغارىيە، تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى نېفىت ئوكيانى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تەبىئىي كېمىلەردۇر.

— ئەگەر ئازراق بىر نەرسە يەۋالساق تېخىمۇ تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ئەسلىتىپ بېرەر ئىدىڭىز، — دېدى لوئىزا بىر چاغدا ماڭا چاقچاق قىلىپ، — يۈرۈڭ، كۆل بويىدىكى مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرەرسىگە كىرەيلى.

— مۇسۇلمانچە تاماقلارنى قانداق بىلىسىز؟

— ھا، ھا، ھا، مېنى بەكمۇ تۆۋەن چاغلايدىكەنسىز، فرانسىيىدە ئەرەبلەرمۇ، تۈركلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئۆزۈممۇ تۈركىيىگە بارغان. كاۋاپنىڭ لەززىتى چەكسىز.

ئۇ توختىماي كۈلەتتى، چاقچاق قىلاتتى، كېتىۋېتىپ يول چېتىگە قويۇلغان

تەشتەكتىكى ئەتىرگۈلنى تۇتۇپ باقتى، پۇرىقىنى ماختىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا بولسا تارباغاتاي تاغلىرىدىكى ياۋا ئەتىرگۈل توقايلىقلىرى كەلدى. ئۇ گۈللەر تاڭ شامىلىدا تەۋرىگەندە قوزغالغان دېڭىزدەك يۈز مىڭلىغان دولقۇنلارنى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ ئۇپۇققىچە تەۋرىنەتتى، خۇشپۇرىقى ئالەمنى بىر ئالاتتى. مەن بۇلارنى لوئىزاغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ شوخلۇق بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرىدە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلەتتى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى جىلۋىلەر دۇنياسىغا مەپتۇن، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى تىلسىماتىق تاغ - دەريالار مەنزىرىسىنىڭ دۇنياسىغا مەھلىيا بولۇۋاتقان بولسا كېرەك. مەن تەشتەكتىكى گۈلنى كۆرسىتىپ، ئۆمرى يالغۇزلۇق، ئۈمىدسىزلىكتە ئۆتىدۇ، يېنىدا ھەمراھلىرى، ھەقىقىي تاغ - دالا، ئورمانلار يوق، دېدىم. قىز بىردەم قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ئۈنچىقماي ماڭدى. ئاندىن ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئەركىنلىكى يوق دېسىڭىز توغرىراق بولار. يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك دېگەنلەر مەندىمۇ يەتكۈچە بار، — دېدى.

كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. مەن دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ نازۇك تەرىپىگە تېگىپ كەتكەندەك ئىدىم، قولايسىز كەيپىياتنى چاقچاقلا يۆلەپ ئۆزگەرتمەك بولدۇم:

— كەچۈرۈڭ، دەرداش ئوخشايمىز. ئىككى غېرىب تېپىشقاندا تاماشاغا قېنىشمايدۇ.

— خېلى پەيزىڭىز بارىكەنغۇ، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداقراق بولامدۇ!

مەن ياۋروپا كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدۇم، ئۆزىنى ساھىبجامال دەپ ئاتىدىم. ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ: رەھمەت، دېدى. ئاسمان رەڭ كۆزلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يېرىدە ئۆتكۈر، يالىلىق بىر نۇر چاقناپ كەتتى. راستىنى ئېيتسام، ماڭا گويا چەكسىز زۇمرەت دېڭىزنىڭ ناھايىتى، ناھايىتى يىراق ئۇپۇقىدا سۇزۇك تاڭ نۇرى پالىلدە پارقىراپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى، بەلكى كۆك دېڭىزدىكى يالغۇز ئارالدا يانار تاغ پارتلىغاندەك، ئوت چاچقان كۆرۈنۈش كۆرۈنگەن بولغىيدى. شۇ ئۇپۇقمۇ، يانار تاغمۇ، ئەيتاۋۇر، شۇ چەكسىز كۆك دېڭىزدىن ئېتىلىپ چىققان بىر پارچە ئوت توپتوغرا يۈرىكىمگە چۈشتىدە، لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈپ كەتكەندەك بولدى. ئەسلىسەم، ھازىرمۇ جېنىم ئېرىگەن ئالتۇندەك تىترەپ كېتىدۇ. بەلكى ئۇ ئوت ئەمەس، شۇۋقەدىر بولغىيدى. شۇ چاغدىلا چاپانغا يۆگىۋالسام ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالار ئىدى.

بىز كۆل بويىدىكى ئاشپۇزۇلدا غىزالاندۇق. تاماق مۇسۇلمانچە بولۇپ، تەممۇ خېلىلا ياخشى ئىدى. قورۇلغان گۆش ھەمدە كاۋاپنى، كاۋاپ بولسا يەنە شىنجاڭنى ئېسىمگە سالدى. قايناق شەھەرلەر، يېشىل بوستانلار، ھېيتگاھ، دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن زىخ كاۋاپلىرىنىڭ كۆكۈش ئىسلىرى، تونۇر كاۋاپ، تاۋا كاۋاپلىرىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى «مانا ياغ چايناپ كەت»، «بەش مانتۇ، ئون مانتۇ» دەپ ۋارقىراپ قاسقانلاردىن ئېلىنىۋاتقان پېتىر مانتا، لېگەن-

www.uyghurkitap.com

لەردىكى ھورى پۇرقىراپ تۇرغان ئالتۇن پولۇ، چاچتەك ئىنچىكە سوزۇلۇۋاتقان لەغمەنلەر، تەخسىلەرگە تىزىلغان سامسا، سامبۇسا، كاتلېت، باقالى، مايدا قاينىۋاتقان بېلىق، قويى گۆشى قىيمىلىرى، قىغراقتا توغرىلىۋاتقان قىرغاۋۇل ـ كەكلىكلەر... ئۇيۇقنى باغاشلىغان گىلەمسىمان يايلاقلار، مۆلدۈر بۇلاقلار، تۇرخۇنلىرىدىن تېزەك ئىسى تولغىنىپ چىقىۋاتقان كىگىز ئۆيلەر، ئاپئاق سۈت، چۆچۈمەل قىمىز، ئايجامال كېلىنچەكلەر چاشتەگىلىرىنىڭ جىرىڭلاشلىرى، ئايدىڭدا چۆپاۋكىتىكى قەدەملەرنىڭ يېنىك شىپىرلاشلىرى ... ماڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇش. باراڭلىق قورۇلار، قوغۇنلۇقلارنىڭ ساتمىلىرى، مېۋە پۇرايدىغان خىلۋەت باغلار، چاتقاللىق دەريا بويلىرى، شاۋقۇنلۇق كوچىلار، ئاشپۇزۇل، ساماۋەرخانا، مۇسەللەسخانا، قاۋاقخانا، قەھۋەخانا، قەۋەتلىك بىنالار، ئات بەيگىلىرى، ئوغلاق تارتىشلار، گۈلخانلارنىڭ چۆرىلىرى، كۆچ ـ كوچىلەردىكى تۆگىلەرنىڭ لوككىلىرىنىڭ ئارىلىرى ... مەن بۇ جايلارنىڭ، بۇ سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە بولغانمەن. گۆشتىن مېۋە، كۆكتاتقىچە، سۈدىن سۈت ـ قىمىزغىچە ھەممىسىگە تويۇنغانمەن. ھاراقتىن ساز، ناخشا ـ ئۇسسۇلغىچە بەرىدىن لەززەت ئالغانمەن. ئۇ يەرلەردە مېنى ئۇستۇرگەن بۇلاق ـ دەريالار بار. باللىقىمدا قوغۇنلۇقتا چالغان تومبوكلار، بارات كېچىسى خادىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ كۆيدۈرگەن ياغلىق قاپاق مەشئەللىرى، ئايدىڭدا ئېتىزدا تالىشىپ ئېتىشىپ ئوينايدىغان ئاق سۆڭەك ئويۇنى، باھاردا ئۇچۇرىدىغان لەگلەكلەر، ياشلىقىمىكى ئوۋچى ھەمراھلىرىم، تايغىنىم، تومۇزغا كىيگەن بۇركۇتۇم، قىشتا قار ـ سۇرەنلەر ئىچىدە رەقىبلەر توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېقىمىمدىكى ئوغلاقنى نىشانغا ئەكىلىپ تاشلىيالىشىمغا كېپىللىك قىلغان ئۇچقۇر چىلان تورۇقۇم، قىزى بار ئۆيلەرنى كەچتە ئايلىنىپ ئۇشقۇرتىشلار، تاملارنىڭ شورلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشلەر، ئاھ، باللىقنىڭ، ياشلىقنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن ـ ھۈسەندەك چۈشلىرى ... لوئىزانىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ياشلىق ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىم مۇشۇ مەزمۇنلارنى چۆرىدىدى.

ئىككىنچى باب

تاماقتىن كېيىن بىز بىللە قېيىققا چۈشتۇق. مەن پالاقنى لەرزان ئۇرۇپ، قېيىقنى كۆنىڭ كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىرغىتىپ ئېلىپ ماڭدىم. كۆزلىرىمنى كەينىمىزگە ئاققاندەك كۆرۈنۈۋاتقان يېشىل سۇغا تىككىنىمچە:

— ھەيرانمەن، كۆرگەزمىدە سىز سىزغان رەسىمگە نېمانچە تىكىلىپ قارىغان بولغىيتتىم، — دېدىم.

— بۇ ئەسلىدە مەن سوراشقا تېگىشلىك سوئال.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىلەمسىز، مەنزىرە ئىچىدىكى قىز سىيماسىدىن سىزنى كۆرگەن بولغىيتتىم، بەلكى.

— ئىشەنمەيمەن، ئۇ تۇتۇق سىيما ئىدى. شۇ كۆلەڭگىگە سىز يېرىم سائەتلەپ

قادىلىپ قاراپ تۇرغان ئىدىڭىز، ھالبۇكى، مېنىڭ تىرىك سىيمايىم، مانا ئۆزۈم ئالدىـ
ڭىزدىلا تۇرساممۇ تونۇيالمايسىز، ...

مەن كۆزلىرىمنى ئىختىيارسىز سۇدىن ئۈزۈپ قىزغا لەپپىدە قارىدىم. ئۇنىڭ
سېھىرلىك قارىچۇقلىرى شەيتانلىق بىلەن ئويناپ تۇراتتى، ئۆزۈممۇ سەزمەيلا كۈلۈـ
ۋەتتىم.

— ئالدىمغا قارىماي، سىزگىلا قادىلىپ ئولتۇرۇۋالسام، قېيىق كۆمتۈرۈلۈپ كۆلگە
چۈشۈپ كېتىمىز.

— بۇنچىلىك كۆلگە چۈشۈپ كەتسەك نېمە بوپتۇ؟ —دېدى ئۇ ماڭا ئوچۇملاپ
سۇ چېچىپ تۇرۇپ، — بىزدە قىز - يىگىتلەر قېيىقنى دېڭىزنىڭ ئىچىگە ئاپىرىپمۇ
دۈم كۆمتۈرۈشىدۇ.

— مانا ئەمىسە، — مەن پالاقىنىڭ بىرىنى قويۇۋېتىپ، بىرىنى كۈچ بىلەن ئۇرۇشقا
باشلىدىم. قېيىق سۇنى شالاپلىتىپ چايقالدى، بىر ئورۇندا پىرقىرىدى، ئۇستىباشلىـ
رىمىزغا سۇ چاچرايتتى. لوئىزا ۋارقىرايتتى، كۈلەتتى، سۇ چاچاتتى، ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ مەن تەرەپكە تاشلاندى. مەن پالاقنى تاشلاپ ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇۋۇـ
دىم، قېيىق بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قاتتىق چايقالدى. سۇپىغا سۇ چاچراپ كىردى،
لوئىزا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئوڭ تەرىپىمگە يىقىلدى. مەن چاققانلىق بىلەن قول
سوزۇپلا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدىم، بىز بىللە تاختاي سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
يىقىلدۇق. دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشكە تاس قالغان قېيىق ئۆز جايىدا پىرقىراپ كەتتى،
بىردىنلا ئېسىمگە كەلگەندەك بولدۇم. لوئىزا مېنىڭ ئاستىمغا چۈشكەن بولۇپ،
ئالتۇن چاچلىرى مەڭزىمگە تېگىپ تۇراتتى. بىزنى چاقماق سوقۇپ يىقىتقانمۇ - نېمە،
بىر ئوتلۇق ئېقىم ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈۋاتقاندەك بولدى. دىمىغىمغا ئۇرۇلـ
غان ئىسسىق، خۇش بۇي تىنىقنى سەزگىنىمدە كۆزلىرىمنى يۇمدۇم، بەدىنىمنى توك
سوققاندەك بولدى. بىردەمدىن كېيىنلا لەۋلىرىمنىڭ ئىسسىق، يۇمران لەۋلەرگە
يېقىنلىق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سېزىپ، قورقۇنچ بىلەن كۆزلىرىمنى ئاچتىم.
كۆزلىرىمگە زۇمرەت دېڭىز كۆچۈپ كىرىۋاتقاندەك، كىرپىكلەر بوستانى باستۇرۇپ
كېلىۋاتقاندەك بولغانلىقىلا ئېسىمدە. ھاۋانى قىممەت باھالىق فرانسىيە ئەتىرىنىڭ ئۆتكۈر
پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنىدى. گۈلگە ئېغىنىغان ئادەمگە گۈلنىڭ ھىدى سىڭمەي
قالامتىمۇ؟ ئۇستىبېشىمغىمۇ شۇ خۇش پۇراق سىڭگەنىدى. بىر خىل غالجىرانە ئىنتىـ
لىش، ئەسەبىي كۈچ، قانماس تەشنالىق لەۋلىرىمنى لوئىزانىڭ لەۋلىرىدىن ئاجرىـ
تىشقا يول قويمايتتى. بۇ لەۋلەرگە گويا مۇھەببەت گۈللىرىنىڭ قانلىرى يىغىلىپ
مۇجەسسەملەشكەندەك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ يىللىق، نازۇك ئاق بىلەكلىرى بويىنۇمغا
يۆگەلگەن بولۇپ، بارماقلىرى يول - يول نۇرلاردەك تىترەيتتى. بىز قاراڭغۇ كېچىـ
نىڭ ئۇيۇقتىكى خىلۋەت ئارىلىدا تېپىشقاندەك ئىدۇق. قېيىقنىڭ چايقىلىشىدىن
مەڭزىمگە چاچرىغان سۇ كاللامنى سەگىتتى بولغاي، ئىككىمىزنىڭ ئىككى دۆلەتكە
تەۋە ئادەملەر ئىكەنلىكىمىز يادىمغا چۈشتى. مۇھەببەتكىمۇ مىللەتمۇ، دۆلەتمۇ چېگـ

را بولالمايدۇ. بىراق بەزى ئەمەلىي ھېساباتنى ئويلىمايمۇ بولماس. ئاخىرى ئەقلىم ئۇيقۇدا ئويغانغان نۇرلاردەك چاقناپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈردى. مەن لوئىزانى قويۇۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— راستىنلا چۆكۈپ رەسۋا بولىدىغان بولدۇق.

— ئويۇنىنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتسەكمۇ ئارمان يوق! — لوئىزا بۇلبۇل ئاۋازىدا كۈلدى. بۇ كۈلكە ھىجران كېچىسىنى ئۆز ئۇيقۇسىدا كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان كۈلكە ئىدى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق مەڭزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق پەيدا بولغانىدى. كۆزلىرىدىكى دېڭىزلاردىن ھەسەن - ھۈسەن پارلاپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. مەن ئۆز مەڭزىمنىڭ ئوتتەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ۋۇجۇدۇمنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز شېرىن لەززەت مەست قىلغانىدى.

لوئىزا پالاقلارنى قولىغا ئالدى. قېيىق بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان نېرىقى قىرغاققا قاراپ قۇشتەك يېنىك ئۇچتى. بۇ ياقلار خىلۋەت، ئادەمشالاڭ ئىدى. يۈر- كىم قورقۇنچ ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن دۇپۇلدەپ كەتتى. قېيىق تومشۇقى قىرغاققا تاقىلاي دېدى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، تىترىگەن ئاياغلىرىمدا ئۆرە بولدۇم. سۇغا ئېگىلگەن مەجنۇن تاللارنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى يۈز - كۆزلىرىمگە كۆك قامچىلاردەك تارىلاپ ئۇرۇلدى. ئەمدىلا قاشقا سەكرىمەك بولۇپ بىر پۇتۇمنى كۆتۈرۈۋىدىم، لوئىزا قېيىقنىڭ تومشۇقىنى شىددەت بىلەن يانغا بۇرۇۋەتتى. مەن بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يىقىلدىم. لوئىزا قېيىقنى ئەپچىللىك بىلەن تېز ئايلاندۇرغاچقا، سۇغا ئەمەس، سۇپا ئۈستىگە يانپاشلاپ قالدىم. لوئىزا قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالغانىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە سەۋەبتىن خاتالاشقانلىقىمنى بايقاپ ئۈلگۈرگىچە، ئۇ قېيىقنى كەلگەندىكى ئىزىغا سېلىۋالدى. ئاندىن چىرايىدا بۇلۇتلار تارقىلىپ، ئاپتاپ يەنە پارلىدى.



— كېيىنكى قېتىمدا ئۇچىنغىلىمۇ جاي قالسۇن، — دېدى ئۇ سىرلىق، مەغرۇرانە
كۈلۈمسىرەپ. لېكىن ئۇنىڭ نازۇك لەۋلىرى تىترەۋاتاتتى، — ئەمدى قايتايلى،
سىرى قالمىغان ئىشقا كىشىدە ھەۋەسمۇ قالمايدۇ.

— ئاسان ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قەدرى بولمايدۇ، دېمەكچىمۇسىز، قىۋۇكەنسىز.

مەن ئۇنى ياتىقىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. پاراڭلىرىمىز ئايرىلغۇچە تۈگىمىدى.
رەسسام بولغانلىقىدىندۇر بەلكىم، قىيا تاش رەسىملىرى، مىڭئۆي رەسىملىرى توغ-
رىسىدىكى سۆزلىرىم ئۇنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى. ئۇ بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك
توختىلىشىمنى ئۆتۈندى. مەن شىنجاڭدا ھازىرغىچە 16 دىن ئارتۇق جايدا تام
رەسىملىرىگە تولغان مىڭئۆي تېپىلغانلىقى، ئۇلاردىكى بىرقەدەر ساق ئۆيلەرنىڭ
550 دىن ئاشىدىغانلىقى، 39 ناھىيىدىكى 150 تىن ئارتۇق ئورۇندا قىيا تاش
سۈرەتلىرى ئۇچىنغانلىقى، ئالتاي، تارباغاتايدىكى قىيا تاش سۈرەتلى-
رىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغانلىقىنى زوق بىلەن سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ سوئاللارنى مۆلدۈردەكلا ياغدۇراتتى. مەن ئارانلا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەت-
تىم. تەپەككۇرلىرىم ئۇلىنىپ قەدىمكى دۇنيادىكى يېڭى - يېڭى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسە-
تەتتى.

مۇشۇنداق بىرنەچچە ئۇچرىشىش بىزنى سىرداش دوستلاردىن قىلىپ قويدى.
ھاياتتا ساددىپىلىقا باي، تەقدىر كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۆجىزاتلار-
نى پەيدا قىلىشقا ئامراق بولىدىكەن. بىر كۈنى لوئىزا مەسلىھەتمۇ قىلماي ئۇرۇم-
چىگە قاتنايدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى،
رەت قىلاي دېسەم، كۈلۈمسىرەپ يالۋۇرۇپلا تۇرۇۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن نائى-
لاج ئايروپىلانغا بىللە چىقتىم. ئەمدى بىر ھەپتىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇنىڭ تەڭ-
رىتاغ ئېتەكلىرىگە قىلغان سەپىرىدە ھەمراھ بولۇشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدىم. مەن
گاڭگىراپ گويا كارامەتلەر ئالىمىگە كىرىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدىم.
ماۋى، ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقىۋاتقاندەكلا، چاقماق دۆلدۈللىرى سۆرىگەن
گۈلدۈرمامالار ھارۋىسى بىزنى ئېلىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە يۈگۈرۈپ، تاغ - دەريا ئۈستى-
دە ئۇچۇپ لەيلەپ سەيلە قىلغۇزۇپ يۈرگەندەكلا بىلىنەتتى. كۆزلىرىم ئالىي-
چەكمەن بولاتتى. مەستلىكنىڭ ئالۋۇنلۇق چۆللىرىدە، چۈشلىرىمنىڭ رەڭدار دۇنيا-
سىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدىم. ھاۋا ئوچۇق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈچا ناھىيىسىنىڭ قىزىلقۇم مىڭئۆيلىرى يېنىغا كېلىپ قالغانلى-
قىمىزنى سەزدىم. گاراڭلىق تۇمانلىرى تارقىغاندا، لوئىزانىڭ قېشىمدا كۈلۈمسىرەپ
تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئالدىمىزدا ئاجايىپ - غارايىپ خادا تاشلار چوقچىيىپ تۇرۇشاتتى.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان كاتتا مەشئەلگە، قەد كېرىپ تۇرغان
تۇرغا ئوخشىسا، بەزىلىرى باش كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراۋاتقان نار تۆگى-
لەرگە ئوخشايتتى.

— تەڭرىنىڭ كارامىتىمۇ نېمە بۇ؟ — دېيەلىدىم مەن تەئەججۈپ ئىلكىدە،

— تەقدىر شامىلىنىڭ، — دېدى لوئىنزا.

بىز ئادەم سىياق كۆرۈنىدىغان غايەت زور بىر قىيا تاشنىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇنىڭ كۆنىسىز كۆزلىرى بىزگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك ئىدى. قىزىق كۆرۈنۈپ مەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە يامىشىپ چىقتىم. ئۇنىڭ يەلكىسى كەڭ بولۇپ، ياقىسىنىڭ يېنىدا بىر گۆھەر پارقىرىغاندەك قىلدى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، سىپتا ياسالغان پاپىروس قۇتىسىدەك كۆرۈندى. قاپقىقىنى ئېچىۋېدىم، بېشىم قايغاندەك بولدى. بىر تەرىپىدە ئەينەك، بىر تەرىپىدە تۈگمىلىك زاپچاس بارلىقىنى ئىلغا قىلغاندەك بولدۇم. تۈگمىگە بارمىقىم تېگىۋېدى، قوتا نۇرلىنىپ يورۇپ كەتتى، ئەينەكتە مۇشۇ قوتا شەكلىدىكى تۆت چاسا بىر تەخسىنىڭ پىرقىراپ ئۇچۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ، ھاجىتىڭنى ئېيت، دېگەن سادا ئىككى قېتىم تەكرارلاندى. مەن قورقۇپ كېتىپ، قولۇمنى كۈنۈپكىدىن تارتتىم - دە، پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ، كۆرگەنلىرىمنى لوئىنزاغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ئىشەنمىدى، قاقاقلاپ كۈلۈپ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن گۆھەر قۇتىنى ئېچىپ تۈگمىسىنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى:

— مۇنۇ ئادەم سىياق قىيانى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ بەرگىن!

گۆھەر قۇتا يورۇپ، خرۇستالدەك سۇزۇكلەشتى. ئىچىگە ئېتىۋاتقان تاڭ كىرىۋالغاندەك كۆز چىقىپ پارقىرىدى. مۆجىزە سادىر بولۇپ، ئايىغىمىز ئاستىدىكى يەر تەۋرەپ كەتتى. ئادەمسىياق قىيا تاش قىمىرلىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا، بېشىغا قونۇۋالغان قۇشلار بۇ ئۇشتۇمتۇتلۇقتىن چۆچۈپ، پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

— رەھمەت سىزگە ئەي قىز، مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم، — دېگەن سادا چىقتى بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ ھاۋادىن، — نەچچە مىڭ يىل ئۆرە تۇرۇپ تولىمۇ چارچاپ كەتتىم، زېرىكىشلىرىمنى بىر دېمەڭ، ئەسلىگە قايتىش ئەركىنلىكىنى بەرگىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت، خىزمىتىڭىزگە ھەر ۋاقىت تەييارمەن.

سادا ئەتراپنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەندەك بولدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بىزگە ئېگىشىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى قىيا ئادەمنى كۆردۈم. ئەمدى ئۇ تىرىك ئادەملىككە قايتقان ئىدى. ئاستا - ئاستا بويى پەسلەپ، تېنى كىچىكلەپ، ئاخىرى بىزدىن چوڭراق تەمبەل ئادەم بولۇپ قالدى.

— سالام قەدىمىي كېگانت ئادەم! — دەپ ئىككىمىز ئۇنىڭغا تەڭلا سالام بەردۇق، — تەقسىر، مۇبارەك نام - شەرىپىڭىز...

— تەقسىر دېمەڭلار. مەن بۇ ئەتراپ تېغى دېگىنىز چاغدىكى بىر ئاددىي ئادەم ئىدىم. مانا بۈگۈن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلاردا ئەسلىمگە قايتتىم. رەھمەت، ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۈ يادلايمەن.

— بىزگە قەدىمىي ھاياتتىن كۆرۈنۈشلەر كۆرسەتسىڭىز بولاتتى، — دېدى لوئىنزا پىرئاز داۋاملاشقان پاراڭدىن كېيىن.

— ئۇنداق كارامەت ماۋۇ ھېكمەتلىك دوستىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، — دېدى قىيا ئادەم لوئىنزانىڭ قولىدىكى گۆھەر قۇتىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يىغىلما نۇردىن

قاتۇرۇپ ياسالغان ئۇچار قۇتا. يەر شارىدا تېخى مۇنداق قالتىس ھۈنەر يوق. بۇ ھېكمەتلىك قۇتا تارىخنىڭ مىڭلىغان يىللىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى دەقىقە ئىچىدە يېرىپ ئۆتۈپ، بىزنى ئۆتكەن زاماندىكى ۋاقىت كۆمۈۋالغان جەمئىيەتكە يەتكۈزۈپ بارالايدۇ. تارىخ جەريانىدىكى كېرەكلىك كۆرۈنۈشلەر تەپسىلاتلىرىنى خىسلەتلىك ئەينىكىدە دەرھال ئايان قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنى ئۇچار تەخسىدە كەلگەنلەر يەلكەم ئۈستىدە ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ئۇچار تەخسە ؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ.

— سىلەر شۇنداق ئاتايسىلەرغۇ، كائىناتتىن چىققان تەخسە شەكلىدىكى ئاشۇ ئۇچىدىغان ماشىنا بۇ ئەتراپقا كۆپ قېتىم قونغانىدى. ئۇلار يۇلتۇزلار دۇنياسىنىڭ يولۇچىلىرى بولۇپ، مەدەنىيىتىمۇ، پەن - تېخنىكىسىمۇ تەڭداشسىز تەرەققىي تاپقان.

— سىز ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرگەنمۇ ؟

— ياقەي، مېنى ئۇلار تىرىلدۈرمىگەن تۇرسا...

قىيا ئادەم نۇر قۇتىسىغا تىكىلدى. قىزىلقۇم مېڭىۋېدىكى قەدىمىي ھاياتنى ئېلىپ بار، دېدى - دە، قۇتا ئىچىدىكى كۇنۇپكىنى باستى. نۇر پارتلىغاندەك بولدى، گۆھەر قۇتا سوزۇلدى، پارقىرىدى، بىردىنلا كېڭىيىپ، بىزنى قوينىغا تارتتى ۋە بىز نۇر قويۇنى ئىچىدە قالغاندەك بولدۇق. بۇ نۇر چەمبىرىنىڭ سىرتى يىللارنىڭ چەكسىز قاراڭغۇلۇقى ئىدى. قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۇچقان بولساق كېرەك، يېنىك تەۋرىنگەندەك، سىلجىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ئۆتتى. تەۋرىنىش توختاپ نۇر ئۆچتى. ئۆپچۆرىمىزگە قاراپ، ھەممىلا يەردە ناتونۇش قەدىمىي دۇنيا تۈسىنى كۆردۇق. يېنىمىزدىن قەدىمكى زامان ئۇسلۇبىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشكەن ساقاللىق يوچۇن ئادەملەر بىزگە ھەيرانلىق، گۇمانىي نەزەرلەردە قارىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىز ئۈنچىقماي قىيالىققا قاراپ ماڭدۇق. تىك كەسمە قىيا يېنىدىكى تەشمە سوۋۇقلار بىر - بىرىگە ياندىشىپ، قاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، گويا ئاسمانغا غايەت زور ئالىچىپار يىلپىز تېرىسى ئېسىپ قويۇلغاندەك ئىدى. يېقىنلاپ بارغاندا، ئۇ يەردە يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ جىددىي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. قىيالىققا بىر - بىرىگە ئۇلانغان ئېگىز - ئېگىز شوتىلار تىرەلگەن، ئارغامچىدىن ياسالغان شوتىلار بولسا پەسكەساڭگىلىتىلغان. بەللىرىگە ئارغامچا، زەنجىرلەرنى باغلىۋالغان ئادەملەر شوتىلاردا تۇرۇپ، ھەتتا قىيا بېلىدىكى بوشلۇقتا لەيلەپ ئېسىلىپ تۇرۇپ، قورام تاشتىن سوۋۇق تەشمەكتە ئىدى. بازغان، بولقا، ئۇشكىلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ

ئاۋازلىرى يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

بىز قىيالىق جايلاشقان تاغقا يېقىنلاپ، تار كوچىلارغا كىردۇق. بىر قانچە دوقمۇشتىن ئۆتۈپ ئېگىزرەك جايدىكى كەڭرەك بىر ئۈچۈقچىلىقتا چىقتۇق. بۇ يەرگە چېدىر شەكلىلىك چوڭراق ئىمارەتلەر مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئادەملەر مىغىلدايتتى، بازار بولسا كېرەك، بىزمۇ توپقا قوشۇلدۇق. ئۇلار باشلىرىغا قۇش پەيلىرى قادالغان ئۈچلۇق تۇماق، ئۇچىلىرىغا يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى. ئۇستىباشلىرى كونا بولسىمۇ ھەر ھالدا پاكىز ئىدى. بازارنى سودا ۋاڭ-چۇڭى قاپلىغان، ئادەملەر باھا تالىشىپ، پۇلغا-مال ئايرىۋاشلايتتى. تاغار-تاغار بۇغداي-قوناقلار تىكىلىۋېتىلگەن، يەردە كىگىز، گىلەملەر يېيىۋېتىلگەن، دۇكانلار-دا ئەتلەس-ماتالار، ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، تۆچتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى پارقىرايتتى. نېرىراقتا تۈلكە، يولۋاس تېرىلىرى ئېسىۋېتىلگەن، كۆن-خۇرۇم ئۆتۈكلەر، پوپۇش، مەسە-كەشلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. بۈگۈن قانداقتۇر بىر بايرام كۈنى بولسا كېرەك، مەيداننىڭ نېرىقى تەرىپىدە لەشكەرلەر قاتارى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭمۇ نېرىسىدا — مەيداننىڭ تۆردىكى شاھ سۇپىسىنى بىر توپ ئادەملەر بېزەۋاتاتتى.

يېقىنلا جايدىن ناغرا-سۇنەي ساداسى كەلدى. ئارقىدىنلا جەز كانايدا ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقتى. جاكارچى قانداقتۇر بىرەر پەرماننى جاكارلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئاتلارنىڭ دۈپۈر-دۈپۈرى، مىس-تۆمۈر، جەز قوراللارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ چىقارغان جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. پوش-پوش! كۈسەن خاقانى كۈندەك دىدارىنى كۆرسەتكۈسى، پوش! دېگەن چۇقانلار يۈرەكلەرنى ھاۋانى تىترەتكەندەك تىترىتەتتى. مەيدانغا خاننىڭ قوغداش ئەترىتى كىرىپ كەلگەنىدى. بازار ئىچى قالايمىقانلىشىپ، ئالىمان تەۋرىدى. نېرىدا خاقاننىڭ ئالتۇن ھەل بېرىل-گەن مەپىسى سەلتەنەت بىلەن پەيدا بولدى. «ياشىسۇن!» دەپ توۋلاپ ئالقىش ياغدۇرۇۋاتقانلارمۇ، قىزىقىپ بويۇنداپ قاراۋاتقانلارمۇ، قورقۇپ جېنىنى دالدىغا ئېلىشنى پەملەۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. قىزغىن تەنتەنە سۈرلۈك سۈكۈت بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. قىيا ئادەم بولسا پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھاياجانلىنىپ گاڭگىرىغان ئالىماننى يېرىپ ئۆتتى. بىزنى باشلاپ بازارلىق مەيداننى تېزلىكتە ئارقىغا تاشلاپ تاغ ئۈستىگە قاراپ جىددىيلەپ ماڭدى. ئۇ كۈچلۈك بولغىنى بىلەن كالامپاي ئىدى. ئانچە ئۇزاپ كەتمەيلا قوغلىغۇچىلارنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرى بىزگە يېقىنلاپلا قالدى. مەن قىيا ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋارقىرىدىم:

— ئۆلمەس ئەجداد، چاپسانراق بولۇڭ، قولغا چۈشۈپ قالىدىغان بولدۇق.

— ماڭا تارتىشماي، چاپسان تاغقا چىقىپ مۆكۈۋېلىڭلار، مېنىڭ چارەم بار.

مېنىڭ ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىم چىدىمىدى. لوئىزا قولۇمدىن تارتىپ دېڭىزدەك يۇقىرىغا سۆرەيتتى. مەن بىر قولۇمنى قىيا ئادەمگە سوزۇپ تىرەجەيتتىم. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ماڭماي پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قېتىپ قالغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ تايتاڭلاپ دېڭىزدەك ئاران يۈگۈرەيتتى. بىر جىلغا ئېغىزىدىكى ئەگمىگە كەلگەندە ئۇ تۆپىلىككە يامىشىپ چىقتى - دە، قەۋەتلىك ئىمارەتتەك چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىر خادا تاشقا دۈمبىسىنى تىرىدى. چارچاپ هالىدىن كەتكەن بولمىغىيدى. مەن ئۇنىڭ ئەقلىنىڭمۇ ئۆز هەرىكىتىدەك گال ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، تىت - تىت بولۇپ زورغا تىرەجەپ توختىدىم. بىراق، ئۇ رىۋايەت فىلىملىرىدىكى ئەۋلىيالاردەكلا غايىب بولغانىدى، ئۇ هېلىلا بېرىپ تۇرغان ئورۇندا چوقچىيىپ چىققان يوغان خادا تاشقا يۆلىنىپ، توپا چىراي ئادەمسىياق كىچىك بىر قىيا تاش تۇراتتى.

بىز جان - جەھلىمىز بىلەن يۇقىرىغا ياماشتۇق، تەرلەپ - تەپچىرەپ يۈرۈپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ، چوققىدىكى يوغان بىر تاشنىڭ دالدىسىغا بېكىنىۋالدۇق. بۇ يەردىن پەستىكىلەر شاهمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلاردەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىيالىقنىڭ كەسمە يۈزىدىكى تاش سوۋۇقلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قاتلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەندەك، سوۋۇق تېشىپ ئىشلەۋاتقانلار بولسا، ئۆمۈچۈك تورلىرىغا يېپىشقان چۈمۈلىلەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ هەر خىل مەزمۇن ۋە ئېھتىياجلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ئۆي قاتارلىرى مۇكەممەل بىر قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قىيالىقنىڭ ئاستىدا بولسا زۇمرەت ياپراقلىق تېرەكلەر، كەھرىۋا مېۋىلىك ئۆرۈك دەرەخلىرى، ئالتۇن رەڭ تاغ توغراقلىرى، يالقۇن رەڭ يۇلغۇنلار، قېلىن چاتقاللار، بۇككىدە توقايلار بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ، قۇچاقلىشىپ، رەڭگارەڭ، كەڭ - كەڭرى بوستان دۇنياسىنى هاسىل قىلىپ تۇراتتى. تۆمۈر چوققىسىدىن باشلانغان مۇزات دەرياسى تاشتۆلىك قىيانىڭ جەنۇبىدىن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتۈپ شەرققە يول ئالاتتى، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى بۇلۇتلارغا بوي سوزغان قۇرۇق تاغ مىڭئۆيلەر قاتارلىرىغا يىراقتىن تىكىلىپ قاراپ هارمايتتى. تاغ سالاپىتى، دەريا جىلۋىسى، تاش سوۋۇقلار، بوستان، گۈلىستانلار بىر - بىرىگە هۆسن قوشۇپ جەزىبىلىك گەۋدە شەكىللەندۈرۈپ، بىر يۈرۈش سەلتەنەتلىك رەسىملەر چاتمىسى پەيدا قىلغانىدى. بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى هېلىقى بازاردا ئالا - بۇلىماچ تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ خاقانىنىڭ تەختىراۋىنى ئالىمانىنىڭ

باشلىرى ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. خاقاننىڭ تاجىغا قېقىلغان ئېسىل گۆھەر يالتىراپ
ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى يورۇتۇپ كۆرسەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قىسقاس ـ
سۈرەنلەر، ئالقىش سادالىرى يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالدى. خاقان بايرام سەيلىسى ـ
گە چىقىپ، بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرىدىن تەقدىر تەسەللىسى
ۋە ھاياتلىق لەززىتى ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغان بولسا كېرەك.

لوئىزانىڭ يەنە شەيتانلىقى تۇتتى. ئۇنىڭ تام رەسىملىرىنى كۆرۈشكە تاقىتى ـ تاق
بولۇۋاتقان بولسا كېرەك، ماڭا پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىرنى كۆرسەتتى،
ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى، لېكىن باش تارتىشقا
نومۇسۇم يول قويمىدى. كىم سېنى رەسسامغا كۆيىسۈن دەپتىكەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە
غۇدۇرىدىم. بۇنداق رەسسام بىلەن دوست بولغانىنىڭ جېنىغا ۋاي.

مەن لېۋىمنى چىشلەپ زەنجىرگە قاراپ ئۆمىلىدىم. زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى قىيا ئۈستى ـ
گە قېقىلغان تۆمۈر قوزۇققا باغلانغان بولۇپ، يەنە بىر ئۇچى قىيالىقتىن پەسكە ـ
يۈرەكنى ئېغىزغا قاپلاشتۇرىدىغان چوڭقۇر بوشلۇققا ساڭگىلاپ چۈشۈپ كەتكەنىدى.
مېنىڭ گاڭگىراپ قاراپ قالغان پەيتىمدىن پايدىلانغان لوئىزا مايمۇندەك چاققانلىق
بىلەن زەنجىرگە يېپىشىپ، قىيالىقتىن پەسكە سىيرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەنمۇ
ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۇنىڭ كەينىدىن زەنجىرنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدىم،
ئۇ ئەڭ يۇقىرى قاتاردىكى تاش سۇۋۇقلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە مۇئەللەق ئېسىلىپ
توختىدى، بىرلا سىلكىنىپ قاتتىق تەۋرەندى ـ دە، زەنجىرنى شاراقلاتقىنىچە ئىلەڭگۈچ
ئۇچقاندەك ئۇچۇپ بېرىپ بىر سۇۋۇقنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى
توختىتىۋېلىپ ئۇنى دوراپ تەۋەككۇلىسىگە ئۇ كىرگەن سۇۋۇقنىڭ يېنىدىكى تاش تەش ـ
مىگە سەكرىدىم. رىسقىم تېخى تۈگىمىگەن ئىكەن، خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى. قىر ـ
لىق تاشلارغا سوقۇلۇپ مىجىقىم چىقمىدى، ئەكسىچە، لوئىزا ئىككىمىز ئاسماندىكى
تەشمە تاش ئۆيدە ئامان ـ ئېسەن ئۇچراشتۇق. لوئىزا مېنى زەنجىرلەر بىلەنلا قۇچاق ـ
لاپ، مامۇقتەك كۆكسىگە باستى. لەۋلىرى شۇ چاغدا تولىمۇ تاتلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.
ئۇ مېنى يەنە ئىشىك تەرەپكە سۆرىدى، مەن قورقۇپ، ئۇ كۈلۈپ ئىشىككە يېقىنلاش ـ
تۇق. پەستە قىيا ـ چىيا، ناغرا ـ دۇمباقلار ساداسى ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى. تاختايلار ـ
دىن قۇراشتۇرۇلغان چوڭ سۇپىدا ئالا ـ بۇلا كىيىنگەن، باشلىرىغا قۇش پەيلىرى
تاقىغان ئارتىسلار ئاللىقانداق ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى، دراما ئويناۋاتقان بولسا
كېرەك، يان تەرەپتە كىچىكرەك بىر ئوچۇقچىلىقتىكى قۇملاق يەردە چېلىشىش بولۇ ـ
ۋاتاتتى. مەدەت بېرىۋاتقان، باركاللا ئوقۇۋاتقان ئېگىز ـ پەس ۋارقىراشلار ئاڭلىناتتى

تى، بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى سايلىقتا ئاتلىقلار بىردە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، بىردە
بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ تىركىشەتتى، تەنتەنە، ئالقىشلار گۈركىرەيتتى، ئوغلاق تارتى-
شىش ئەۋجىگە چىققاندەك ئىدى. تۇشمۇ - تۇشتىن لاۋۇلدىغان گۇلخانلار كۆزگە چېلى-
قاتتى. تولغىنىپ كۆككە ئۆرلەۋاتقان كۆكۈش ئىس قوي گۆشى كاۋاپلىرىنىڭ مەززىلىك
پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماغلىرىمىزنى غىدىقلىدى، بىز تەتۈر قاراپ تاش سوۋۇق-
نىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتۇق.

سوۋۇقلار سوزۇنچاق شەكىلدە تېشىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك-
لىكى ئوخشىمايتتى. ھەر بىر تاش سوۋۇق ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆيلەردىن تەركىب
تاپقان، تاشقىرى ئۆي كەڭرەك، ئىچكىرى ئۆي پاكار ۋە تارراق ئىدى. تاشقىرى
ئۆينىڭ ئۇدۇل تېمىغا بۇت تەكچىسى ئويۇلغان بولۇپ، يوغان - يوغان بۇت قويۇلغان،
ئويۇقنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىدىن ئارقا ئۆيگە ئۆتۈش يوللىرى ياسالغانىدى. ئارقا
ئۆي بۇلار ئىبادەت قىلىدىغان جايى ئوخشايدۇ. تۆت تام، تورۇس،
دالان، ئويۇقلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە رەڭدار تام رەسىملىرى كۆزگە چۈشەتتى. بولۇپمۇ
تورۇستىكى رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەردە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقان ئادەم-
لەر، ھايۋانلار ئاساس، تاغ - دەريا، تاش - توپا، گۈل، قۇشلار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىن-
غان تۈرلۈك بۇددا ھېكايىلىرى رەسىملەشتۈرۈلۈپ سىزىلغانىدى. بىر رەسىم لوئىزانىڭ
دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى. ئۇنىڭدا دۈمبىسىگە يۈك ئارتىلغان بىر تۆگە بېشىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ يىراققا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى تۆگىچى بار ئىدى.
تۆگىچىلەر باشلىرىغا ئۇچلۇق كىچىك بۆك، پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك، ئۇچىلىرىغا
قوش ئېتەكلىك ياقىسىز چەكمەن چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، يۈزلىرىنى ساقال باسقانىدى. ئۇلار
ئالدىغا قاراپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ تەنتەنە قىلىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپ-
تە يەنە بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ كۆزلىرىنى سەل يۇمۇپ تەمكىن قىياپەتتە تۇرۇپ،
لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىلەكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سودا كارۋانلىرىنىڭ يولىنى كۆر-
سىتىپ بېرىۋاتاتتى.

— بۇ، دانكونىڭ قاراڭغۇ ئورماندا ئېزىقىپ قالغان ئالدىمانغا يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ
مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ يول كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئوخشايدىغان سۈرەتمۇ-
نېمە؟ — سورىدى لوئىزا.

— دىنني ھېكايەت ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن ئېنىق جاۋاب تاپالماي، — بىراق ئۇ
دىنني مەزمۇندىن باشقا، يەنە يىپەك يوللىرىدىكى سودا كارۋانلىرى بىلەن راھىبلار
مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر زىچلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك.

ئۇشتۇمتۇت تامدىكى رەسىمگە جان كىردى. ئۇنىڭدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلار تېلېۋىزور
ئېكرانىدىكى سىنىمالاردەك قىمىرلىدى. چەكمەن چاپانلىقلارنىڭ بىرى زۇۋان سۈردى:

— بۇ سابۇنىڭ سېرىق مايغا چىلانغان ئاق كىگىزنى بېلىكىگە يۆگەپ، ئۇنىڭغا
ئوت يېقىپ يول كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت.

بىز چۆچۈپ كەينىمىزگە داجىدۇق. بىراق رەسىم ئۆز جايىدىلا يەنە قېتىپ قال-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دى. لوئىزا گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك كۈلۈپ يەنە سوئالىنى سوراۋەردى:

— بۇ مىڭئۆيي قۇرۇلۇشى قاچان سېلىنغان؟

— شەرقتە تاش سوۋۇق سەنئىتى تۇنجى ئىجاد بولغان دەۋردىن باشلانغان. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىلادى 1 - ئەسىردە بۇددا دىنى يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەنىكەن. مىلادى 4 - ئەسىردە كۇسەن دۆلىتىدە بۇددا دىنى ئىنتايىن راۋاج تاپقان. ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار، بۇتخانا، مىڭئۆيلەر سېلىنغان ئىكەن، — دېدىم مەن.

— بۇ رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھايات قاچانغا توغرا كېلەر؟

— بۇ مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەر قەدىمكى رەسساملارنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى. بۇ ئەسەرلەردە مىلادى 3 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭدىكى رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى خاتىرىلەنگەن دېيىشىدۇ.

تاش سوۋۇقلارنى خېلى ۋاقىتقىچە ئاشۇنداق ئايلاندۇق. بۇددا دىنى تەشۋىق قىلىنغان رەسىملەردىن باشقا، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چەۋەندازلىق، ھارۋىكەشلىك، كېمىچىلىك، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ چىنلىقتا يېقىن ئەكسىنى كۆردۇق. لوئىزا مېنى يەنە زەنجىر قېشىغا باشلاپ باردى. بىز زەنجىرنى تۇتۇپ سىيرىلىپ، يەر بېتىدىن ئىككى قەۋەت ئىمارەت ئېگىزلىكتىكى ئىگىلىككە جايلاشقان بىر تاش سوۋۇققا كىردۇق. مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يولغا بارغاندا، ئاجايىپ جانلاندۇرۇپ سىزىلغان ئىككى رەسىم كۆڭلىمىزنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇلاردىن تۇرمۇش پۇرىقى پۇراپ، سەنئەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. رەسىملەرنىڭ بىرىدە دۈمبىسىدە تۇخۇم توختىغۇدەك سېمىز، تېمەن ئىككى ئۆكۈز باشلىرىنى ئېگىپ، قۇيرۇقلىرىنى شىڭگىتىپ، يوغان بىر دىيۇنتۇرۇقنى بىللە كۆتۈرۈپ، كۈچەپ بوقۇسا تارتىۋاتاتتى. بوقۇسا كەينىدىكى دېھقان بىر قولىدا تاياق تۇيىنتىپ، بىر قولىدا بوقۇسىنى تۇتقۇچىدىن بېسىپ يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتى. «جۈپ ئۆكۈزنىڭ بوقۇسا تارتىشى» دېگەن بۇ رەسىمگە ياندىشىپ تۇرغان «يەر تېرىش رەسىمى» دە، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان كالتە ئىشتانلىق دېھقاننىڭ كەتمەن تۇيىنتىپ كۈچەپ يەر چېپىۋاتقان قىياپىتى سىزىلغانىدى.

— بۇنداق ئەمگەك مەنزىرىسىنى شىنجاڭ يېزىلىرىدا ھازىرمۇ خالىغانچە كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدىم مەن لوئىزاغا.

لوئىزا 28 كىشىلىك «كۇسەن سازچىلار توپى» نىڭ سەيلىچىلەرگە مۇزىكا چېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىمگە قىزىقتى. سازچىلارنىڭ بەزىلىرى بەرباپ، غوڭقا، بەزىلىرى نەي، بەزىلىرى داپ، سۈنەي چالاتتى.

— بۇ رەسىم كىشىگە راست كۆرۈنۈشتەك تۇيغۇ بېرىدىكەن، — دېدىم مەن رەسسامنىڭ تامدا كۆرسەتكەن كارامىتىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ.

كېچىمنىڭ ئاخىرى چۈشە - چۈشمەيلا تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش سادىر بولدى. رەسىمدىكى سىزما ئادەملەر كېچىمدىن تەسىرلەندىمۇ قانداق، مىدىرلاشتى. قول

لىرىدىكى سازلارمۇ ئۇياق - بۇياققا چايقالدى. ئەتراپنى بىر دەقىقە مۇڭلۇق قەدىمكى مۇزىكا ساداسى قاپلىدى. يۈرەكلىرىمىز قورقۇنچ ئىچىدىكى ھاياجاندا تىترىگەندە، مۇزىكا بىردىنلا ئۆچۈپ، ھەممە نەرسە جىمجىتلىقتىكى ئەسلىگە قايتتى.

— بۇ رەسىملەر ئۆزگىچە خىسلەتلىك ئىكەن، — دېدى لوئېزا بىر پەس داۋاملاشقان جىمجىتلىقتىن كېيىن مەمنۇن ئاھاڭدا، — تالانتلىق رەسساملار ئەگرى - توقاي جەريانلىق مۇرەككەپ ھېكايەتلەر دۇنياسىنى ئەپچىللىك بىلەن رۇمبا شەكىللىك كىچىككىنە رەسىملەرگە سىغدۇرۇپتۇ.

مېنىڭ نەزىرىم شۇ يەردىكى يەنە بىر رەسىمگە چۈشتى. بۇنىڭدا رەسسام ژۇرنال بېتى چوڭلۇقىدىكى 200 نەچچە بەتكە سوزۇلىدىغان چوڭ بىر بۇددا ھېكايىتىنى بىرلا پارچە رەسىمگە يىغىنچاقلىغانىدى.

— بۇنىڭغا قاراڭلار، — دېدى لوئېزا «كۇسەن خانىنىڭ بۇتقا سالام بېرىشى» دېگەن رەسىمنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ زوق بىلەن، — ئۇلار بۇ يەردە تامنى ئاھاكتا ئاقارتىۋېلىپ ئاندىن رەسىم سىزماي، بەلكى لاي تام بېتىنىڭ ئۆزىگىلا رەسىم سىزىۋېرىپتۇ. باسۇرۇش كۈچىگە ئىگە مىنېرال بوياقلار ھەم سۈزۈك بوياقلارنى ئىشلىتىپتۇ. بوياق بېرىش ئۇسۇلىدا تۈز چاپلاش، قۇرۇتۇپ بوياش ئۇسۇللىرىنىلا ئەمەس، سۇ تەركىبىنى تامنىڭ ئاستى ئارقىلىق تارتىۋېتىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىپتۇ، قالتىس ئىكەن.

— بۇ نەم رەسىم ئۇسۇلى دېيىلىدىكەن، تارىخشۇناسلار ئۇنى قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ بىر خىل ئىجادىيىتى ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەقىللىرىنى مانا شۇنداق نامايان قىلغان. سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنىڭ پايدىلىق ئامىللىرىنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن تاللاپ قوبۇل قىلغان.

— دەرۋەقە، — دېدى لوئېزا باش لىڭشىتىپ، — بۇ رەسساملار توم، جانلىق سىزىقلارنى ئىشلىتىپ، قاۋۇللۇق، باتۇرلۇقنى بىر يولىلا ئىپادىلەپ بېرىپتۇ. بېغىر رەڭدىن پايدىلىنىپ بېجىرىم مۇسكۇل - تېرىلەرگە قاقلاپ بوياق بېرىپتۇ. كىيىم - كېچەكلەرنى يارىشىملىق قىلىپ قاملاشتۇرۇپ سىزىپتۇ.

— مۇنۇ ئۇچۇۋاتقانلارچۇ؟

— ھىلىپىلدەۋاتقان ئۇزۇن بەلباغدىن پايدىلىنىپ ئاسماندا ئۇسسۇل ئويناپ ئۇچۇۋاتقان، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ مەنىۋى يۈكسەكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپتۇ. رەسىمنى جانلاندۇرۇۋەتكەن بۇ خىل ئاسماندا ئۇچۇش قەدىمكى غەربىي ياۋروپادىكى دۇمبىسىدە قانىتى بار ئۇچار ئەۋلىيالار رەسىملىرى بىلەن قوشكېزەك بولۇشى مۇمكىن. ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئارىيانلار ياشىغان ئەمەسمىدى.

گېپىم ئاغزىمدا قالدى. تاكاللىشىپ خورازلاردەك ھۈرپىيىشىۋاتقان ئىككى جوداچى بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، بىز تۇرغان تاش سۇۋۇققا كىرىپ كەلدى. ئۇلار قەدىمكى كۇسەن تىلىدا گەپ تالىشاتتى. بۇ تىلنىڭ يىلتىزى ھازىرقى تىلىمىز بىلەن بىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ماڭا يەنىلا ئاساسەن چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇلار قايسىدۇر بىر سۇۋۇقتىكى رەسىمگە باھا بېرىش مەسىلىسىدە كېلىشەلمەيۋاتاتتى.

— ئۇنى خەزىنىچىنىڭ بوۋىسى سىزغان بولسا نېمە بوپتۇ، — دەپ ۋارقىرايتتى

ئىلەمچى قىياپەت قىزىلكۆزلۈكى، — مەن دېگەن ۋەزىرنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى يېزىپ بېرىۋاتقان پۈتۈكچى، بىلەمسەن. سېنىڭ ئۇ بىر نېمەڭنىڭ سىزغانلىرى رەسىمگە ئوخشىماي قاپتۇ. ئۇزى قارا قورساق ئوخشايدۇ.

— قارا قورساق دەپ سەندەك ئوقۇيالماي يېرىم يولدا! مەكتەپتىن ھەيدەلگەن لالمىلارنى دەيدۇ، سەن ئارقاڭغا تىرەك قىلىۋالغان سابىق ۋەزىرمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ نازارەتكە ئېلىنغان مۇناپىققۇ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ يۈزىگە ئاياغ باسقىنىنى كىچىك بالىلارمۇ بىلىدۇ، ئۇ بىر نېمەڭ ئەمەلدە يۇندىغا چىلاشقان مۇردا.

— مۇردا دېگەن ئۆزۈڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى قىزىلكۆز دىۋانە قىياپەت ئادەم. بۇنىسى ئوتتۇرا بويلۇق، كۆمۈر چىراي، ئېشەكباش بولۇپ، تۇرقىنىڭ بىر يەرلىرى كىشىگە دەرۋەقە مۇردىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇلار مۇشلىشىپ كېتىشتى. قىزىلكۆز دىۋانە غۇلچىنى كېرىپ تۇرۇپ بىر مۇشت قويدى. بىراق كۈنسىز قىزىلكۆزلىرى ياخشى كۆرمىسە كېرەك، مۇشت بوشقا كېتىپ، ئۆزى ساراڭدەك جايىدا پىرقىراپ دەلدۈگۈنۈپ قالدى. ئېشەكباش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چالا كۆيگەن چوماقتەك مۇشتلىرىدا ئۇنى قوناق سوققاندەك سوقۇپلا كەتتى. كالتەك ئۇستىخاندىن چىقىۋاتقان سادا بىلەن ئىنجىقلاش، نالە - پەريادلار قوشۇلۇپ كەتتى. قىزىلكۆز دىۋانە كەينىگە شوخشۇپ، سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ ماڭا قاتتىق سوقۇلدى. بۇرۇلۇپ قاراپلا خەتەرلىك ھالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ ياكى راستىنلا ئوردىغا بولغان ساداقەتتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ۋارقىراپ ياھەنناس كۆتۈرۈپ، خالايىقنىڭ دىققەت - زەرنى بىزگە ئاغدۇردى:

— ۋاي، ساقچىلار قېنى، تۇتۇڭلار بۇ جاسۇسلارنى، بىزنىڭ ئادەم ئەمەس بۇ ياسانچۇقلار.

بىر دەقىقە ھەممىمىز جاي - جايىمىزدا تىگىرقاپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئېشەكباش دوست تارتىشىپ سۆكۈتنى بۇزدى:

— راست دەيدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ تەققى - تۇرقى قانداق ئۆزى، باشقا دۇنيادىن كەلگەنلەرمۇ، جىن - ئالۋاستىلارمۇ؟ قاچۇرماي تۇتايلى، قورشاڭلار قېنى!

خالايىق ئاستا - ئاستا بىزنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. مەن لوئىزانى يېتەكلەپ ئارقىغا چېكىنمەكتە ئىدىم، دۈمبەم بىر تاش تۈۋرۈككە كېلىپ تەگكەنلىكىنى سەزگەندە، لوئىزانى تارتىپلا تۈۋرۈكنىڭ دالدىسىغا ئۆتتۈم - دە، دالاننى بويلاپ جېنىمنىڭ بارىچە قاچتىم. ئارقا تەرەپتە جىددىي پۇشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى. قىيالىقنىڭ ھەممە يېقىدىن ۋارقىراشلار، ئىسقىرتىشلار، جاڭ ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ، مالىمانچىلىق باشلاندى. دالاننىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە، يانىدىكى چىغىر يولنىڭ قىيالىق ئاستىغا تۇتىشىدىغان تۆۋەن تەرىپىدىن قىيا - چىيا قىلىشىپ بىرمۇنچە لەشكەرلەر، راھىبلار چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۆيمۇ - ئۆي، تۆشۈكمۇ - تۆشۈكتىن قوراللىق، قورالسىز ئادەملەر يۈگۈرۈپ چىقىشىۋاتاتتى. بىز دەرھال چىغىر يولنى ياقىلاپ يۇقىرى قەۋەتلەرگە يۈگۈردۇق، لېكىن ئۇ تەرەپتىنمۇ ئادەملەر ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ چىقىشتى. ئامالسىز توختاپ قالدۇق. ئادەملەر تۇشمۇتۇشتىن چىقىپ بىزنى قورشاپ، ئاستا - ئاستا سىلجىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بىردىنلا دالاننىڭ گىرۋىكىدىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئارقانغا كۆزۈم چۈشتى. لوئىزا-

نىڭ قولىدىن تارتىپلا ئارغامچىنى تاشلاندىم. بىراق ئۇنى بەلگە يۆگەشكە ئۈلگۈرەلمىدۇق. ئۇلار بىراقلا تاشلىنىپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شىددەتلىك مۇشتلىشىش بولۇپ ئۆتتى. مېنىڭ بوكسىيورلىقتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار ئىدى. لوئىزانىڭمۇ ياپونىيىدە جۇدو چامباشچىلىقىغا كۆڭۈل بېرىپ يۈرگەن چاغلىرى بولغانىكەن. غالجىرانە ئېتىلىپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنى ئۇياققا، بىرىنى بۇياققا پومزەكتەك دومىلىتىۋەتتۇق. بىراق غالىبلىق ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. بۇددا راھىبلىرىنىڭ ھەممىسى چامباشچىلىققا پىششىق ئىكەن، ئۇلار ھايت دەپ قوللىرىنى ھەررەك - سەررەك شىلتىشاتتى، پىرقىرىشاتتى، يەل يىغىشىپ قاڭقىپ سەكرىشەتتى.
چاقماق سۈرئىتىدە پەنجە ئۇرۇشاتتى، موللاق ئېتىپ پەشۋا ئاتاتتى. ئۇلار كۆكتىمۇ، يەردىمۇ گۇمپا كۆرسىتىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى - دە، ھايال ئۆتمەيلا مېنى تۇتۇۋېلىشتى، ئاڭغىچە ئارقانىڭ ئۇچىغا قولىنى تەككۈزۈۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن لوئىزا تۆۋەنگە ئاققان يۇلتۇزدەك سىيرىلىپ چۈشۈپ غايىب بولدى.
ئۇلار مېنىڭ قوللىرىمنى كەينىمگە قىلىپ قايچىلاپ باغلىدى. كىملىكىمنى، نەدىن، نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى سۈرۈشتە قىلدى. ھازىرقى زامان توغرىسىدىكى گەپلىرىمدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۆزلىرىچە كالدىرلىشىپ مېنى ساراڭغا چىقاردى. ئىسمىمنىڭ قەيسەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، بۇ ئىسمىمنىڭ نېمىدىن بىشارەت بېرىدىغانلىقى ھەققىدە دە - تالاش قىلىشتى. ئاخىر ئۇنىڭ بۇددىستلار ئاتجۇنىدىن ئەمەسلىكىنى، يات دىنغا، كۇپۇرلۇق، كاپىرلىققا تەۋە نام ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى. مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قارارىغا كېلىشتى. چىغىر يولنى بويلاپ دومبىلاپ، يۆگۈرتۈپ تۆۋەنگە ئېلىپ مېڭىشتى. خاقانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، پەسكە چۈشتۇق، گۈزەرگە چىقتۇق. ئەگمىدىن بۇرۇلۇپ، چېدىر ئۆيلەر ئارىسىغا كىرىشىمىزگە بىرى ئۆگزىدىن دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئۈستىمىزگە سەكرىدى. قىلىچلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇيۇندەك پىرقىراپ ئۇرۇۋاتقان قىلىچىنىڭ زەربىدىن ئۆپچۆرىدىكى سەككىز - ئوندەك لەشكەرنىڭ قىلىچى يەرگە داراڭلاپ چۈشتى. بىر نەچچىسى كەينىگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە تىكىۋېتىشتى. مانا شۇ چاغدىلا بۇ پالۋاننىڭ لوئىزا ئىكەنلىكىنى بايقىيالىدىم. لوئىزا باغلاقنى كېسىپ قوللىرىمنى بوشاتتى. بىراق لەشكەر، ساقچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىزنى قورشاپ سىلجىپ كېلىۋاتاتتى. شامال ئۆتەلمىگۈدەك ئادەم تېمى شەكىللىنىۋاتاتتى. بىز ئۆگزىلەرگە ياماشتۇق. قوغلاپ كەلگەن بىر نەچچە نوچىنى يەر چىشلىتىپ، ئۆگزىدىن ئۆگزىگە قاچتۇق. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ چىقتى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇلار ئۆگزىلەرگە چېكەتكە ئاپىتىدەك باستۇرۇپ چىقتى - دە، بىزنى قاتمۇ قات ئورىۋېلىشتى. قىلىچ ئوينىتىپ ھېچكىمنى يېقىن يولاتمىدۇق، ئۇلار ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى. قەيەردىندۇر چوڭ قېلىن قارا تورنى تېپىپ كېلىشتى. پىرقىرىتىپ ئۈستىمىزگە تاشلاشتى - دە، بىزنى خۇددى بېلىق ياكى قۇشنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلاپ تۇتۇۋېلىشتى. لوئىزا بىلەن مېنىڭ قولۇمنى چېتىپ باغلاپ، قامچىلار يامغۇرى ئاستىدا ئېلىپ مېڭىشتى.

www.uyghurkitap.com

خان شاھ سۇپىسىدىكى ئالتۇن كۇرسىتا ئولتۇرۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ھەمراھلىقىدا، سەركەردە، ياساۋۇللارنىڭ ھىمايىسىدە سىرك ئويۇنى كۆرۈۋاتقانىكەن. بىزنى شاھ سۇپىسى ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلاشتى. ئىككى ياساۋۇل يۈگۈرۈپ خان ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ، نېمىلەرنىدۇر مەلۇم قىلىشتى. خان بېشىنى بۇراپمۇ قويمىدى. بىزگە قارىغاندا سىركتىكە كۆپرەك قىزىقىۋاتقان بولسا كېرەك، قولىنى سىلكىپلا ۋارقىرىدى:

— چېپىلسۇن!

جاللاتلار ئۇستىمىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولسا كېرەك، بىزگە يېقىنلاپ كەلگەن بىرى لوئىزانى كۆرۈپ ھاڭقىيىپلا قالدى، «ئالدىرىماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ، جاللاتلارغا توختاش ئىشارىسى قىلدى. كەينىگە قايتىپ، خاننىڭ ئالدىغا باردى. تەزىم قىلىپ تۇرۇپ بىرنېمىلەر دېدى. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سېزىپ مۇزلاپ كەتتى. خان كۆزلىرىنى ئويۇندىن ۋەزىرگە يۆتكىدى. پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى سورىدى. ۋەزىرمۇ كۇسۇرلاپ جاۋاب قايتۇردى. خان بويىنىنى قاقىرىنىڭكىدەك سوزۇپ لوئىزاغا يىراقتىن تىكىلىپ قارىدى. بېشىنى مەمنۇنلۇق بىلەن لىڭشىتىپ ۋەزىرگە بىرنېمىلەر دېدى. ۋەزىر شاپاشلاپ بىزنىڭ قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى. خاننىڭ لوئىزانى قاماققا، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانلىق پەرمانىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. لەشكەرلەر، شۇ زامات ھەرىكەتلەندى. لوئىزانى دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاپىرىپ نېرىراقتىكى بىر راۋاققا قاماپ، ئىشىك - دېرىزىلەر ئالدىغا قاراۋۇل قويۇشتى. قىلىچىنى يالىڭاچلىغان بىر جاللات ئون نەچچە لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە مېنى بازارنىڭ سىرتىدىكى تاغ باغرىغا ئېلىپ ماڭدى، بىر توپ راھىبلار ۋە پۇقرالار قەتلى قىلىشنى تاماشا قىلىشقا قىزىقىپ كەينىمىزدىن ئەگەشتى.

بىر ئاز مېڭىپلا مەن بىزنىڭ ئەتىگەن يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا تاغقا چىققان چىغىر يول بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ قالدىم. مىڭتۈي قىيالىقىغا ياندىشىپ بىر تۆپىلىكتە يامىشىپ چىقتۇق. ئەگمىگە كەلگەندە مېنى تېخىمۇ ئېگىزرەك ئۇچۇۋۇقچىلىقتا ئېلىپ چىقىپ، شىغىل ئۈستىگە تىزلاندۇرۇشتى. لەشكەرلەر تۆت تەرەپكە يېيىلىپ، قورشاۋ چەمبىرىكى تۈزۈشتى. جاللات ئوڭ يېنىمغا ئۆتۈپ، ئاياغلىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ تۇردى. كىمدۇر بىرى كېلىپ كۆزلىرىمنى ياغلىقتا باغلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ مەن كۆزلىرىمنى يۇمىۋاتاتتىم. جاللات دەستىسىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىمداپ تۇتقان قانسىرىغان قىلىچىنى ھاۋاغا ۋارقىراپ كۆتۈردى. مەن بېشىمنى ئېگىپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. لەۋلىرىم ئەلۋىدا ئاتا - ئانام، ئەلۋىدا يەر، ئاسمان، خەير - خوش بىۋاپا جاھان، دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىپ، يەر تەۋرىگەندەك بولدى. ئەتراپىمدا ئىنجىقلىغان، ۋاي - ۋايلىغان، گۈپۈلدىگەن ئاۋازلار بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، بىردىنلا تىنجىدى. تونۇش بىر گۈركىرەك ئاۋاز بۇلۇتلار ئارىسىدىن چۈشكەندەك بولدى.

— كۆزۈڭنى ئاچ، ئوغلۇم!

قۇدرەتلىك بىر قول كېلىپ كۆزۈمدىكى ياغلىقنى يېشىۋەتتى. قوللىرىمنى بوشـ



تىۋەتتى. ئۆز ئـۆزۈمگە ئىشەنمەي كۆزلىرىمـ
نى ئاچتىم. ئالدىمدا قولىدا ھېكمەتلىك گۆـ
ھەر قۇتىنى تۇتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ قىـيـا
ئادەم تۇراتتى. لەشكەرلەرمۇ، جاللاتمۇ يەردە
قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مەست ئادەملەردەك
ئۇياققا بۇياققا سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. بۇدۇنـ
يادىكى رىسقىم تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ،
ئاياغ ئاستىمدا ئەتىگەن قىـيا ئادەم خـادا
تاشقا ئايلىنىۋالغان جىلغا ئېغىزىدىكى شېخىلـ
لىق تـۆپىلىك ياتاتتى.

— يىغلىما نۇر ئەينىكىنى ئىشلىتىپ
باقايلى،— دېدى قىـيا ئادەم ماڭـا قاراپ
مۇغەمبەرلەرچە كۆز قىسىپ قويۇپ. ئۇ ھېكـ
مـەتلىك گۆھەر قۇتىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ
بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى. قۇتىنىڭ ئەينـ
ىكنى چېدىرسىمان ئۆيلەر تەرەپكە توغرىلـ
ۋىدى، ئەينەكتىن پارقىراپ بىردىنلا ئۇزۇن
نۇر يولى ئېتىـلىپ چىـقتـى، ئـۇزىراپ
بېرىپ لوئىزا قامالغان راۋاققا تۇتاشتى. لوـ
ئىزا راۋاقتىن چىقىپ، شۇ نۇر يولـىنـىڭ
ئۈستىدە مېڭىپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلـدى.
نۇر يولى قىسقاردى. يىغىلىپ ئەينەكـىنىڭ
ئىچىدە كىرىپ غايىب بولدى. بىـز لـوئىزا
بىلەن خۇشاللىق ئىچىدە جەم بولـدۇق. بۇـ
لارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت
كەتمىگەنىدى.

## ئۈچىنچى باب

ئۈچىمىز كۈسەن بۇددىستلىرىنىڭ بايرام تەنتەنىسىدىكى بۇتلار دۇنياسىنى تاشـ
لاپ تاغ ئۈستىگە قاراپ قاچتۇق. يول ئېگىز - پەس، تىك، تېيىلغاق ئىدى. ھاڭلارغا
ئېسىلغان تاشلاردىن يامىشىپ ئۆتۈشكىمۇ توغرا كەلدى. ھەر ھالدا بەك ئۇزۇن يـول
ماڭمىدۇق. شىرقىراپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن بىزنى جىمجىت، خىلۋەت تار جىـلغىـغا
باشلاپ كىردى. جىلغا ئاخىرلاشقان جايغا بارغىنىمىزدا نەچچە ئون غۇلاچ ئېگىزلىكـ
تىكى تىك قىيا يولىمىزنى توسۇۋالدى. ئۈچ تەرەپتىكى كەسمە يېزى تاش قىيا پالتىدا

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىپچىپ ياسىغانىدەك تىك ۋە تەكشى بولۇپ، ئۈستىدە بىر پارچىلا ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ئۆزىمىزنى تىمتاسلىقا چۆككەن چوڭقۇر قۇدۇق ئاستىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق. بۇ تىمتاسلىق ۋە چوڭقۇرلۇقنىڭ سۈرلۈك كۈچى ھەر قانداق ئاسادە پىي چىققان تاۋۇشقا سىرلىق جاراڭلاش ۋە سېھرىي مۇڭ بېغىشلايتتى. شۇڭلاشقا يېشىل مۇخ قاپلىغان ئېگىز، تىك ئۇچىما داۋان ئۈستىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان بۇلاق سۈيى تەبىئىي مۇڭلۇق مۇزىكا پەيدا قىلاتتى. بۇنى «مىڭ تامچە ياش بۇلىقى» دېيىشەتتى. مەن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدۇم، بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلاردا ئۇ توغرىلىق خاتىرىلەر بارلىقى ئېسىمگە چۈشتى. ئۇ كىتابلاردا ھەر يىلى يەرلىك ئادەملەردىن بىر تالىيى مەشەگە كېلىپ، مۇشۇ سادادىن كۈي ـ ئاھاڭ ئىشلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. بۇ بۇلاق جايلاشقان تاغنىڭ نامىدا ئاتالغان مۇزىكىلارمۇ تارىختا شەرققە داڭلىق ئىدى.

— نېمە ئۇچۇن شۇنداق نام ئالغان؟ — سورىدى لوئىزا مۇئەللەقتىن ئۈزۈلگەن يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ تامچىلىرىغا قاراپ.

— بۇ بىر ئاشىق ـ مەشۇقلۇق رومانى، — دېدى قىيا ئادەم بىزگە ئۇيچان كۆزلە-رىنى تىكىپ، — ئىككىڭلارمۇ ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك كۆرۈنىسىلەر، مەن سىلەرگە بۇ رومانىنى بىر ئوقۇتۇپ قوياي.

قىيا ئادەم بىزگە يېقىن كەلدى، يەڭ ئىچىدىن گۆھەر قۇتىنى چىقىرىپ قاپقى-قىنى ئاچتى. بىر نېمىلەرنى كۇدۇڭلىدى. قۇتىنىڭ تېگىمىسىنى باستى. مەن «بۇلاق كەچمىشىنى كۆرسەت» دېگەن سۆزلەرنىلا ئىلغا قىلالىدىم. ھېكمەتلىك قۇتىنىڭ ئەي-نىكى نۇرلاندى، چوڭايدى. تېلېۋىزور ئېكرانىدەك جانلىنىپ، رەڭلەرنى ئېنىق پەرق-لەندۈردى. ئۇزاق قەدىمكى زامان كۆرۈنۈشلىرىنى يىللار قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۆكسىدىن سۇغۇرۇپ تارتىپ چىقىرىپ كۆرسىتىشكە باشلىدى.

يېشىللىق جىلۋىسى ئىچىدىكى خىيابان سارايباغ. دەرەخلىكلەر قاتارى، گۈللۈك-لەر دولقۇنلىرىنى ئارىلاپ بىر جۈپ قىز ـ يىگىت پەرىشتىلەردەك يېنىك كۆتۈرۈلۈپ-پەسلەپ، قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. يىگىتنىڭ ئاق كۆڭلىكىدىكى كانۋا كەشتە يەردىكى چىمەنلەر بىلەن ھۆسن تالىشاتتى. قىزنىڭ ئۇزۇن يىپەك ياغلىقى ئارقىسىدا سوزۇلۇپ شەپەقتەك لەيلەپ لەپىلدەيتتى. جاراڭلىق كۈلكىلەرگە بۇلبۇللارنىڭ خۇشناۋالىرى جور بولاتتى.

سوقماق يول چېتىدىكى توقايلىقا مۆكۈنگەن راۋاقتىن بويىنى يوق دوغىلاق ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ مىسباش، ياپىلاق يۈز ئوغلى ئوغرىلاردەك باش چىقىرىپ بويۇن-داپ مارىدى. دوغىلاق قارا يۈزلۈكى كالپۇكىنى چىشلەپ كۆسا ئېڭىكىنى سىقىمدىسا، مىسباش كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، سالپايغان كالپۇكىنى يالىدى.

كۆسەن خانىنىڭ سەلتەنەتلىك قەسرى. ئالتۇن تەختتىكى خانىنىڭ تاجىغا ئورنى-تىلغان ئالماس نۇر چېچىپ پارقىرىدى. خانىنىڭ ئىككى يېقىدا تۆۋەنرەكتە ۋەزىرلەر ئولتۇرغان بولۇپ، پەستە ئايپالتىلىق ياساۋۇللار سۈرلۈك قىياپەتتە ئۆرە تۇرۇشاتتى.

دوغلاق ۋەزىر تۇمشۇقىنى سوزۇپ، خاننىڭ قۇلىقىغا ئاللىنېمىلەرنى شىۋىرلىدى. خان ئالتۇن كۇرسىنىڭ گىرۋىكىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمىشقا يوتقىنىغا قاراپ پۇت ئۇزارتمايدۇ بۇ يالاڭتۆشلەر، ئۇ ھارامزادىنىڭ كاللىسىنى...

— قىلىچ ئاستىدا قىلچىلىك شەپقەت قالدۇرسىلا خاقان! — دېدى دوغلاق ۋەزىر خان تەرەپكە يانتىيىپ، تۆلكە كۆلكىسىدە ھىجىيىپ، — چاپماق ئوڭاي، كۆچىنى ھالال، گۆشىنى ھارام قىلماق تەسرەك، مانا مۇنداق قىلىپ...

خان بىر ھازا پىچىر تىڭشىغاندىن كېيىن پەرمان چۈشۈردى:

— ھېلىقى گاداي پۇشتىدىن تامغان ئۇستىكار كەلتۈرۈلسۇن!

كانۋا كۆڭلەكلىك ھېلىقى بەرنا يىگىت كىردى، تەخت ئالدىغا بېرىپ بىر تىزىنى پۈكۈپ، باش ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— مەلىكە ھەققىدىكى ئىلتىماسىڭدىن خەۋەر تاپتۇق، — دېدى خان گۈركىرەك ئاۋازدا، — قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىشقا بولىدۇ، بىراق، بىر شەرت قويۇشنى توغرا تاپتۇق.

— قۇللۇق، خان ئالىيلىرى! — يىگىت ئىككى قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئوڭ مۇشتىنى سول ئالقىنىدا تۇتتى.

— تاغقا چىقىپ، تىك كەسمە قىيا بېتىگە مىڭ ئېغىز بۇت ئۆيى تېشىپ ياسايسەن. ئۆيلەر ئۆلچەملىك، بۇتلىرى تىرىكتەك خىسلەتلىك، رەسىملىرى بىر - بىرىدىن ئۆزگىچە ۋە ھەيۋەتلىك بولسۇن! — دېدى خان.

— تېرىقچە سەۋەنلىك، تىرناقچە چالىلىق بولسا كاللاڭ كېتىدۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى دوغلاق ۋەزىر مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — كارامىتىڭنى كۆرسەت يىگىت.

— بۇ سەمىمىيەت سىنىقى، ۋاپادارلىق ئىمتىھانى. بۇت ئۆي قۇرۇلۇشى كۆڭۈلۈمگە ئەرزىسە مەلىكە سېنىڭكى، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بېرىپ سېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن.

— باش ئۇستىگە بەجا، تەڭرى مەدەتكار بولغاي!

— ئىجازەت.

يىگىت كەينىگە بىرنەچچە قەدەم شوخشۇدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

ساھىبجامال قىز ئۇزۇم باراڭلىرى كارىدورىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ خىيالچان كەلمەكتە. ئەگىمدىن ئەگمەندە تەكلەر ئارىسىدىن مىسباش ياپىلاق يىگىت جىنىدەك سەكرەپ چىقتى. قىز چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى. يىگىت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي لاۋزا ھىجايدى، قىز ئۇنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەك بولۇۋىدى، يىگىت توسۇۋالدى. ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ مەيدىسىگە شاپىلاقلىدى. تولۇمىدىن توقماق چىققاندەكلا زۇۋان سۈرۈپ «خېنىم، يۈرىكىمگە قاراپ باقسىلا، يېرىمى كۆيۈپ بولدى، دەردلىرى يامانىكەن، مەن بىچارىگە ئىچىلىرى ئاغرىسۇن» دېدى.

«ئوھۇش، يوقال كۆزۈمدىن، بىزەڭ!» دېدى قىز ئۇنى سىلكىشلەپ، ئالدىغا مېڭىشقا تەمـ
شەلدى. ياپىلاق يۈز بۇ قېتىم غۇلىچىنى كېرىپ «جانغا شىپا پەرىشتەم» دەپ يولنى
توسىدى. ساھىبجامال غەزەپلەندى، چالۋاقىدى، چامباشچىلارچە چاققان قول ھەرىكىتىدە
زەربە بېرىپ، ئۇنى چاقتەك دومىلىتىۋېتىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئاسمان گىرۋىكى بىلەن لەۋلىشىپ ياتقان دالا. ئۇزىستىكار يىگىت بىلەن ساھىبـ
جامال قىز رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى ئارىلاپ ئات چاپتۇرۇپ بارماقتا. مەيىن شامال يەلپۈـ
مەكتە. پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار ماڭماقتا. شامالنىڭ پەسرەك قىيغىتىپ ئۇچقان بەگـ
باشراقلىرى گۈل - چېچەكلەر دولقۇنلىرى ئۈستىدە ئېغىناپ، ئۇلارنىڭ ئاشىقلىرىغا
چىرماشقان شوخ چوكانلاردەك نازلىق ئېگىرىدىغان پىچىرلاشلىرىدىن ھۇزۇرلانماقتا. بىردەم
گۈللەرنىڭ لەۋلىرىنى شوراپ - شوراپ قويۇپ سۆيگۈ ھېكايىلىرىنى شېرىن ئاھاڭدا بايان
قىلىپ بەرسە، بىردەم يۇمۇرلۇق چاقچاقلارنى، قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتىپ كۈلكە قوزـ
غايتتى. ئېگىزرەك ئۇچقان باتۇرراقلىرى تاغلارغا ئۇرۇلۇپ، قەدىمكى مۇھەببەتتە
سۇغۇرۇلغان باتۇرلۇق داستانلىرى، ۋەھشىيلىك چۆچەكلىرىنى سۆزلەيتتى. گۈل - گىـ
ياھلار چايقىلىپ كىرپىك قاقاتتى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى، شەبنەملەر جىلۋە
كۆرسىتىپ يەرگە چېچىلاتتى. گويا ھەممە نەرسە مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇر خۇشاللىقى،
تاتلىق ئازابلىرىنىڭ تىترىكىدە مەست بولماقتا. لەززەت سۈرمەكتە. نالە بىلەن تولغانـ
ماقتا. تەنتەنە قىلماقتا. ھەسرەت چېكىپ ياش تۆكمەكتە. بۇ ئىنسانلار ئامراق مۇھەبـ
بەت يېشى، ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق ۋە تاتلىق. بۇ ئىنسانلار ئايرىلىپ بولالمايدىغان
مۇھەببەت يېشى، ئۇ ئىنچىكە ياشلىق يالقۇنىنى سېھىرلەپ يوشۇرغان بولۇپ، تامچىسى
چۈشكەن يەرگە ئوت كېتىدۇ.

ئۇچما داۋان. ئاق بوز ئات مىنگەن ساھىبجامال مەلىكە ئاتلىق ئوردا مۇلازىملىـ
رىنىڭ ھەمراھلىقىدا يار لېۋىدە قارشى قىيا بېتىدىكى ئەمگەك كۆرۈنۈشىگە پۈتـۈن
زېھنى بىلەن تىكىلىپ تۇرماقتا. تىك كەسمە قىيا بېتىدىكى تەشمە سوۋۇقلار بۇ يەرـ
دىن قاتار - قاتار، تەرتىپلىك سېلىنغان ھەسەل ھەرە ئۆيلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ساھىبـ
جامالنىڭ كىيىك كۆزلىرى توققۇز يۈز توقسان توققۇزىنچى بۇت سوۋۇققا كېلىپ
توختىدى. ئۇ سوۋۇقتىكى جۇل - جۇل كىيىملىك ھارغىن يىگىت ئاخىرقى رەسمىنى
سىزىپ بولۇپ ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. چىرايى توپا يېغىۋاتقان ھاۋادىكى كۈندەك
خىرە كۆرۈندى. ئۇ، قەلەم - بوياقلىرىنى ئىشىك تۈۋىدىكى چوڭ قۇتىغا سېلىپ قويۇپ،
ئۈشكە - بولقىنى كۆتۈرۈپ دەلدۈگۈنۈپ ئىشىكتىن چىقتى. ئارغامچا، جازىلاردىن پايـ
دىلىنىپ قىيا بېتىدىكى مىڭىنچى تەشمە ئۆي تېشىلىدىغان جايدا ئىش باشلىدى.
قىيا تاشقا ئىشىك شەكلىنى چىقاردى. ئۇزاققىچە توختاۋسىز ئۇرۇلغان بولقىلار كۈچى
تەشمە ئېغىزىنى ئادەم تۇرغۇدەك كېڭەيتتى. يىگىت سوۋۇق ئېغىزىغا كىرىپ ئىشلىدى.
ئارغامچىنىمۇ، كۆڭلەكىنىمۇ يېشىۋەتتى. بولقا، ئۈشكىنىڭ ساداسى تاغ ئىچىنى جاراڭـ
لىتىۋەتتى. ئۇ بولقىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇراتتى، تاش پارچىلىرى ئوت چاچرىتىپ قومۇـ
رۇلۇپ غۇلايتتى. لېكىن ھايات رەھىمسىز، مانا شۇ ئىش پۈتەي دېگەن ئاخىرقى چاغـ

لاردا، شۇ گۇناھكار، ئەپسۇسلۇق دەقىقىدە ھالىدىن كەتكەن يىگىت چۆرۈگەن بولقىنى كونترول قىلالمىدى. بولقىنىڭ سىلكىشى بىلەن بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ يوقاتتى. ماغدۇرى كېسىلىپ، بېشى قېيىپ، جازىدىن تەشمە ئىشكىنىڭ كىرىۋىكىگە، كىرىۋەكتىن چوڭقۇر ھاڭغا دومىلاپ كەتتى. مۇئەللەقتە «ۋايجان!» دېگەن ئاچچىق بىر بوم سادا ياڭراپ پەسلەپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

مەلىكە دەھشەتلىك چىرقىراپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

مەلىكىنىڭ باشلامچىلىقىدا مۇلازىملار ئۈستىكار يىگىتنىڭ مىجىلغان جەسىتىنى ئاق رەختكە يۆگەپ كۆتۈرۈپ، ئۇچما داۋان ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار گويا ئۆرلىگەنسېرى قارا بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

يىگىتنىڭ جەسىتى داۋان لېۋىگە قويۇلدى. دەرد ـ ئەلەمدىن كۆڭلى لەختە ـ لەختە قان بولغان نازىنىن مەلىكە مۇلازىملاردىن ئەمدى ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇلازىملار ئۇ، بۇ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باش تارتماقچى بولۇۋىدى، مەلىكە غۇنچە لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈردى. ئاخىرى ئۇلار نائىلاج مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشتى. قىز تەنها قالغاندىن كېيىن، ياقىلىرىنى يىرتىپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى يۇلۇپ، باش ـ كۆزىگە توپا چېچىپ پەرياد كۆتۈردى. ھۆكىرەپ يىگىتنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى، جەسەتنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تەڭرىگە نالە قىلىپ زار ـ زار يىغلىدى. كور قىسمەتكە، ئابرويپەرەس، باغرى تاش دادىسىغا لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇردى. ئۇ يىغلىدى، كۈن پېتىپ ئاي چىقتى. ئۇ يىغلىدى، يۇلتۇز ئۆچۈپ تاڭ ئاتتى. ئۇ يىغلىدى، كۆز ياشلىرى يامغۇر بولدى. مۆلدۈر بولدى، قار بولدى. يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇپ تۈگىدى، ئۆزىمۇ يىگىتنىڭ يېنىدا سۇنايلىنىپ ياتتى. ئۇنىڭغا چىرمىشىپ، تۈگۈلۈپ تۇپراققا ئايلاندى، تاشقا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. تاشنىڭ باغرى تېشىلىپ كۆز ياش چىقتى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى، قانلىق پاجىئەنى، بۇ پاك مۇھەببەتنىڭ ئۆلمەس قەيسەرلىكىنى كۆرۈپ باشقا قورام تاشلارمۇ چىداپ تۇرالمىدى. قىيا تىترەپ تەۋرىدى. قورام تاشلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چىقتى. ئارام ـ ئارام تامچىلاپ ئېقىپ تۈگىمەيدىغان كۆز ياش بۇلىقىنى پەيدا قىلدى.

لوئىزانىڭ بوينۇمنى ھۆل قىلىۋەتكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىش ئۈچۈن قولۇمنى ئاپارغاندىلا، ئۆزۈمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. لوئىزا مېنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم. بۇ ــ مۇھەببەت ۋە ئادالەت كۈشەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت يىغىسى ئىدى. بۇ ــ مۇھەببەت كۈلپەتلىرى ئۈچۈن يىغلاش، ۋىسالغا يېتەلمىگەن مەسۇم مۇھەببەت ئۈچۈن يىغلاش ئىدى. بۇ ــ نادانلىق جاھالىتىنى قارغاش يىغىسى، ئەبەدىيلىك ۋاپا، ئۆلمەس مۇھەببەتنى كۈيلەش يىغىسى ئىدى. مىڭ يىللار داۋامىدا توختىماي يىغلاپ كېلىۋاتقان كۆز ياش بۇلىقىنىڭ ھەر بىر تامچىسىدا بىردىن داستان بارلىقىنى ئۆز كۆز ياشلىرىمنىڭ چۈچۈمەل تەمى ئارقىلىق مانا شۇ چاغدىلا تېخىمۇ چوڭقۇر سەزدىم.

www.uyghurkitap.com

— دەردمەننىڭ دەردىگە دەردمەن يېتىدۇ، — دېدى قىيا ئادەم كۆھەر قۇتنىڭ تۈگمىلىرىنى بېسىپ، نۇر ئەينىكىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، — ئەمدى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېتىپ بېقىڭلار، ئاشىق - مەشۇقلار. ئۇنى ئىچكەنلەر سۆيگۈسىگە مەڭگۈ ۋاپا قىلارمىش.

لوئىزا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىۋالدۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق جىلۋىسى كۈلۈمسىرەپ ئۆتتى. بىز ئېگىشىپ، سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتۇق. تامچىلاپ تۆكۈلمەيدىغان كۆز ياش بۇلىقىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، يۈرەكنى ياشارتىۋەتتى.

بۇ تاغدىمۇ بىر تالاي بۇت سۈۋۇقلىرى بار ئىكەن. بىز ئۇ ئۆيلەرنى تېزرەك قەدەملەردە ئارىلاپ، تام رەسىملىرىنى تاللاپراق كۆرۈپ چىقتۇق. ئۇلاردىكى سەنئەتنى لوئىزا ئاغزى بېسىلماي ماختىدى. بىز چۆرگىلەپ يۈرۈپ يەنە ھېلىقى كۆز ياش بۇلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇق. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق.

— ئۇلارنىڭ تور باغلاقتا ئىشلەتكەن ئارغامچىلىرى زەنجىردەك پۇختىكەن، — دېدى لوئىزا قول ياغلىقىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ مەڭزىلىرىگە يېقىپ تۇرۇپ، ئۇ بۇنداق قىلغاندا ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنىڭ تۆكەل يۇيۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، — مۇبادا ئۈزۈلۈپ كەتسە شۇنچە ئېگىزلىكتىن...

— زادى ئۈزۈلمەيتتى، — دېدى قىيا ئادەم كېسىپلا، — چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئارغامچىلارنى ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىشەتتى. ئۈرۈمچى ئۇ چاغلاردا ئۆرۈلگەن ئارغامچىلىرىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن يىپەك - يىراقتا داڭلىق ئىدى.

— قايسى ئۈرۈمچى؟

— يەنە قەيەردە ئۈرۈمچى دېگەن جاي بولاتتى. ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى بولمامدۇ. قەدىمكى زاماندا ئۇ يەر يۇڭ يىپ، قامچا، ئارقان ئۆرۈگۈچى ھۈنەرۋەنلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئۈرۈمچى دەپ نام ئالغانىكەن. بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇشى مۇمكىن، ھون تىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ھون تىلىمۇ قەدىمكى تۈركىي تىللاردىن ئىدى، — دېدى قىيا ئادەم چۈشەنچە بېرىپ.

— ئۈرۈمچىدە ئادەم ياشىغىلى ئۇزۇن بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى لوئىزا.

— تارىختا ئۇ ئاۋات يۇرتلار قاتارىدا خاتىرىلەنگەن، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ، — بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت مىڭ يىل بۇرۇنلا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلغان. مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 4- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تورا ( تېلى ) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەۋملىرى ئۈرۈمچى يايلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتكەن.

— ئۈرۈمچى دېگەن نامنىڭ تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى يېڭى تېپىلغان بىر ئىسپات بار، — دېدىم مەن گەپ قىستۇرۇپ، — بۇ نام ھەققىدىكى ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە دۇنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر ھۆججەتتۇر. مىلادى 925 - يىلى يېزىلغان بۇ ھۆججەتتە «ئۈرۈمچى» دېگەن نام بار بولۇپ چىقتى. ساك تىلىدىكى «ئىترۇمجىنيا» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرچىغا دەسلەپ «ئىرۈمچى» ياكى

«ئىرۇمچى» دەپ، كېيىنچە «ئۈرۈمچى» دەپ قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ساكچە «تاللىق» دېگەن مەنىسى بار بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرچە «تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان جايمۇ بار.

— قارۇشتى يېزىقى دېگەن قانداق يېزىق؟ — سورىدى لونىزا.

— بىر خىل قەدىمكى يېزىق، — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن، — ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن مىلادى 3 - ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. مىلادى 4 -، 5 - ئەسىرلەردە يوقالغان.

قىيا ئادەم مەمەدانلىقىمغا سەل نارازى بولدىمۇ - قانداق، ئەيتاۋۇر باشقىچە بىر نەزەردە ماڭا قاراپ قويۇپ:

— يەنىلا زاماندىن ھالقىپ باقايلى قەيسەر، — دېدى.

ئۇ گۆھەر قۇتىنى قولىدا ئويىنىغاندەك ئۇياق - بۇياققا پىرقىراتتى. ئاللىنېمىلەر دەپ پىچىرلىدى. كۇنوپكىنى ئاۋايلاپ باستى. گۆھەر قۇتا يەنە سۈزۈكلەشتى، پارقىرىدى، بىردىنلا كېڭىيىپ بىزنى قوينىغا تارتتى ۋە بىز نۇر قويۇنى ئىچىدە قالغاندەك بولدۇق. بۇ نۇر چەمبىرىنىڭ سىرتى يىللارنىڭ چەكسىز قاراڭغۇلۇقى ئىدى. قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۇچقان بولساق كېرەك، يېنىك تەۋرىگەندەك، سىلجىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ئۆتتى. تەۋرىنىش توختاپ، نۇر ئۆچتى. قۇتا سېھىرلىك قۇدرىتىدە بىزنى نەچچە مىڭ يىللارنىڭ نېرىدىكى تەرىپىگە ئاپىرىپ تاشلىغانىدى.

دالا. تېرە ۋە يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىۋالغان بىر توپ ئىپتىدائىي ئادەملەر سۈركەپ ياسالغان تاش كەتمەن، تاش كەكە بىلەن ئېتىزلارنى چاناپ بوغداي تېرىۋاتاتتى. بىر چەتتە بىرنەچچە كىشى تاش پالتا، تاش كەكە، تاش ئورغاقلاردا چاتقاللارنى كېسىپ، ياntaقلارنى ئورۇپ، ئوت قويۇپ بوز يەر ئېچىۋاتاتتى. بىز يېقىنىلا جايدىكى توقايدا تال كېسىۋاتقان بىر ئادەمنى



www.uyghurkitap.com

بايقىدۇق. ئۇنىڭ كەينىدە يەتتە-سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا كېسىلگەن شاخلارنى يىغىپ، رەتلىشىپ بېرىۋاتاتتى. بىز دەرەخلەرنى ئارىلاپ قېشىغا كەلگىچە ئۇلار سەزمىدى.

— ياخشىمۇسىز، مال-جېنىڭىز ئامانمۇ؟ — دېدىم مەن بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، — بۇ يۇرتنىڭ ئېتى نېمە؟

ئۇ ئىشتىن توختاپ چۆچۈپ بىزگە قارىدى:

— بۇ سايئوپا يۇرتى، سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— بىز يولۇچىلار، — دېدىم مەن ئۇرۇمچى سايئوپا قەدىمكى خارابىلىقىنى ئەسلەپ. ئۇ خارابىلىق بىر زامانلاردا ئۇرۇمچىنىڭ مەركىزى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، — يولىمىز مۇشۇنداق ئۆتىدىغان بولۇپ قېلىۋىدى، سىلەرنىڭ بۇ يۇرت ئۇرۇمچىنىڭ مەركىزىمۇ؟

— نەگە بارىسىلەر؟ — دېدى، ھېلىقى ئادەم سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ھىمىرىلدى.

— ھە، بىز ... — مەن دەماللىققا جاۋاب تاپالماي دۇدۇقلاپ قالدىم. لوئىزا ھولۇقتى، مەن گەپ يورغىلىتىپ قۇتۇلۇشقا ئورۇندۇم:

— ھە، بىز مۇنداقلا سەيلە قىلىپ، ئىختىيارى مېڭىپ... ئورمانلىقلار، تېرىلغۇ يەرلىرىڭلار ياخشىكەن... كۆرگەچ...

— ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىمۇ ئىلغاركەنغۇ، — دېدى لوئىزا گەپ قىستۇرۇپ.

ئۇ ئۆز گېپىنىڭ پالاكەت تېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. ھېلىقى دەرەخ كەسكۈچى بىزگە گۇمان بىلەن تىكىلدى:

— ئاۋۇ خوتۇن بىر قىسىملا كالدىرلايدىغۇ، گېپىنى ئۇقالمىدىم، سىلەر چاتاق ئادەم كۆرۈنىسىلەر، بۇ يېقىن ئەتراپتىن ئەمەس ئىكەنسىلەر. قانداق كىيىملەرنى كىيىۋالغانسىلەر ئۆزى. ياۋ قەبىلىلىرىدىن تىڭ-تىڭلاشقا كەلگەن پايلاقچىلار بولۇپ يۈرمەڭلار تېخى. يۈرۈڭلار، قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي.

ئۇ پالتىسىنى كۆتۈردى. قەبىلە باشلىقىنىڭ قولىغا چۈشسەك بالا تاشىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقىنى شۇمۇ؟ — دېدىم مەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىمدا ياغاچ كەسكۈچىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئىشارەت قىلىپ.

ياغاچ كەسكۈچى پالتىسىنى چۈشۈرۈپ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى، بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توقايلىقنىڭ ئىچىگە ئۆزىمىزنى ئاتتۇق. ياغاچ كەسكۈچى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدۇق. ئارقا تەرىپىمىزدە ياغاچ كەسكۈچىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى بىر-ئىككى قېتىم ئاڭلاندى. ئاندىن جىملىق ھۆكۈم سۈردى. دەققىقە ئۆتۈپ ئىتلار ھاۋشىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىزىمىزغا ئىتلارنى سالغان بولسا كېرەك، بىز بىر ئۆستەڭگە دۈچ كەلدۇق. ئاياغلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، سۇنىڭ ئىچىدە ئېقىنغا قارشى بىر ھازا ماڭدۇق. ئاندىن قاشقا چىقىپ،

ئاياغلىرىمىزنى كىيىپ تاغقا قاراپ قاچتۇق. ئەمدى قوغلاپ كەلگەن ئىتلارمۇ بىزنىڭ ئىزىمىزنى تاپالمايتتى. بىز خاتىرجەم مېڭىپ بىر يارداڭدىن ئۆتۈپ، تاغ قاپتىلىغا يەتكىنىمىزدە نەي چېلىپ ئولتۇرغان بىر پادىچىنى كۆردۇق. ئۇ دۆڭرەك جايدىكى يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئالدى تەرىپىدە يېيىلىپ ئوتلاۋاتقان قوي، كالىلار بۇلۇت تۇپىلىرىنى ئەسلىتەتتى. كىچىكرەك بىر داۋاندىن ھالقىدۇق. كەڭ بىر جىرا قۇچاق ئاچتى. پەسلەپ چۈشۈۋېدۇق، كىچىكرەك تۈزلەڭلىكتە ئايغىر مىنىپ يىلقا قايرىۋاتقان بوز يىگىت ئۇچرىدى. سالما ئۇنىڭ قولىدىن ھاۋاغا يىلاندەك تولغىنىپ چىقىپ، شۇۋۇلداپ ھۇشقىرتىپ ئۇچۇپ بارغان پېتى توسۇن ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا ھېچ خاتاسىز چۈشەتتى. بىز چوپاننىڭ چەبدەسلىكىنى تاماشا قىلىپ ھاڭقىيىپ تۇرۇپلا قاپتۇق. ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن كەلگەن قىيا - چىيادىن ئېسىمىزگە كەلدۇق. بىز ھېلىلا بېسىپ كەلگەن يولنى بويلاپ قىقاس - سۈرەن سېلىپ بىر توپ ئادەم بىز تەرەپكە ئۇچقاندەك يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتىكى چوپانمۇ ئىككى بولدى. بىردىنلا توختاپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بىز تەرەپكە بۇراشتى. ئۇلار بىزنى تۇتماقچى بولۇشۇۋاتاتتى، بىزمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يىلقىلارغا تاشلاندۇق. مەن بويىنىغا ئېسىلىۋېلىپ يۈرۈپ بىر ئاتنى تۇتتۇم، قىيا ئادەم ئۇھ دېگەنچىلىكمۇ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئىككى يۈگۈرۈك ئاتنى تۇتۇۋالدى. ھەش - پەش دېگۈچە بىز ئاتلىنىپ دالىنى كېسىپ ئۆتتۇق - دە، جەنۇب تەرەپكە قاچتۇق. ئاتلار قاناتلانغاندەك ئىدى. ئوت - چۆپلۈك زېمىن ئالدىمىزغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتلارنىڭ چاقماق چاقار تۇياقلىرى ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى، چۇقان - غەۋغا بارغانسېرى ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى.

بىز بارا - بارا ئاتلىرىمىزنى ئاستىلاتتۇق. كېيىن يورغا يۈرۈشكە سالدۇق. يەنە بىر ساي، بىر پارچە تاغ ئارقىمىزدا قالدى. بىر قاپتالنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ دەريا بويىغا كەلگىنىمىزدە، ئالدىمىزدىكى قارىياغاچ ئورمانلىقىدىن بىر توپ ئاتلىقلار ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ قېلىشتى. ئۇلار تاش نەيزە، تاش پىچاق، مۆڭگۈز پىچاقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، بىر جۈپ بۇغا - مارالنى قوغلاپ بىزدىن بىخەۋەر جىددىي يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئوڭ تەرىپىمىز تېز ئاقار دەريا، سول تەرىپىمىز تىك قىيا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرىپىمىزدىنمۇ قى - چۇ ساداسى كۆتۈرۈلدى. بىز تاشلاپ قۇتۇلدۇق، دەپ ئويلىغان باياتىنقى قوغلىغۇچىلار بىزنى غەپلەتتە قويۇپ، قانداقتۇر بىر قىسقا يول بىلەن يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغانىدى. خەتەر بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ بولغانىدى. ئەمدى بىرلا قىسسا مىجىپ تاشلايتتى. بىز گاڭگىراپ قالدۇق. مانا ئۇلار ئوق يېتىم يەرگە كەلدى. تاشتىن ياسالغان ۋاشاق ئۇقلىرى ئەتراپىمىزغا مۆلدۈردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قورقۇنچ ۋە غەزەپتە كۆز ئالمىلىرى پولتىيىپ چاناقلىرىدىن چىقايلا دەپ قالغان بۇغا - مارالمۇ تويپتوغرا بىزگە قاراپ قويۇندەك كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ ئەلپازدا كەلگەن پېتى قارشىمىزنى يېرىپ تاشلاشتىنمۇ يانمايدىغاندەك ئىدى. بىز ئۈمىد بىلەن قىيا ئادەمگە قارىدۇق، ئۇ نائىـ

لاج گۆھەر قۇتىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى. قۇتا نۇرلاندى، زورايدى، بىزنى قوينىغا شۇمۇردى. بىز نۇر قوينىدا پىرقىراپ ئۇچۇپ، يىللار قاراڭغۇلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىرمۇنچە ئەسىر كەينىمىزگە چېكىندۇق. نۇر ئۆچۈپ ئېسىمىزنى يىغقاندا ئۆزىمىزنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدا كۆردۇق.

كوچىدا ئالىمان ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تولغىنىپ ئاققان ئەگرى - بۈگرى ئېقىندەك ئېقىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئالا - چىپار بايراقلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكا ئىچىدە باشلىرىنى تۆۋەن ئېگىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. بىز تېز ۋە چوڭ-چوڭ چامداپ ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈشكە باشلىدۇق. قوشۇننىڭ باش قىسمىغا يېتىنلاشقاندا، سەپنىڭ ئىككى يېنىدا قوراللىق خادىملارنىڭمۇ بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار باشلىرىنى ئۈچ بارماق كەڭلىكتىكى ئاق رەخت قىيىندىدا چېكىلەپ باغلىۋالغانىدى. ئۇچىلىرىغا خىپچا قارا كىيىم، پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونجلىق ئۆتۈك كېيىشىپ، قوللىرىنى قىلىچ دەستىسىگە قويغىنىچە تەمكىن كېتىپ باراتتى.

قوشۇننىڭ بېشىغا بىر چوڭ زاراتكارلىقىقا بارغاندا يېتىشتۇق. ئالدىنقى سەپتىكىلەر يەرگە قويۇلغان تاۋۇتنى چۆرىدەپ توختاشقانىدى. ئەتراپتا توپا دۆۋىلەپ ياسالغان زومچەك - زومچەك قەبرىلەر ياتاتتى. ئۇلارنىڭ تۆت تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغانىدى. قارىغان ئادەمنى سۈر باساتتى. بىز تاۋۇت يېنىدىكىلەرگە يېقىنلىشىپ بويۇنداپ قاراپ، ئۇزۇنچاق شەكىلدىكى گۆرنى كۆردۇق. ئادەملەر ئىنچىقىماي مېيىتنى يەرلىككە چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى كۆز ئالدىمىزدا ئۆز قىياپىتىدە نامايان بولۇۋاتاتتى. ئىنساننىڭ ئەقلى، باتۇرلۇقى، مۇھەببىتى، ئارزۇيى، نەپسى، سۇيىقەستى، رىقابىتى، يېگىش - يېگىلىشلىرى، شۆھرەت - ئابرويلىرى قاتارلىق جىمى كاراملىتى ئۇنىڭ مىدىرلاپ تۇرۇشى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۈزۈلگەن تىنىقى بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقىدىن، راۋاجلىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، يۈرىكىمگە مۇز پارچىسى تېگىلغاندەك بولدى. مېڭەم ئىشلەشتىن توختىغاندەك ئىدى. دەلتىدەك چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدىم. مېيىت بىلەن بىللە گۆر ئىچىگە چۈشۈرۈلۈۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس بۇيۇملار، فارفور قاچىلار، يىپەك توقۇلمىلار، مارجان، مەرۋايىت تاشلار، كۈمۈش يىپ، پىچاق، سىرلانغان بۇيۇملار، قوشقار مۆڭگۈزلىرى، ئۇستىخانلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. مەن زامان، ماكان ئۇقۇمىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ لوئىزاغا دېدىم:

— يېقىندا مۇشۇ ئالغۇيدىكى بىر كونا قەبرىستانلىقنى قازغانىدۇق، گۆرلەردىن سەككىز دانە يولۋاس شەكىللىك يۇمىلاق ئالتۇن لەۋھە، جۈپ يولۋاس نەقىشلەنگەن تۆت دانە ئالتۇن ياپراقلىق كەمەر، شىر شەكىللىك ئالتۇن ياپراقچە قاتارلىقلار چىقتى. مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى نەرسىلەر دېيىشىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكىلەر چۆچۈپ ماڭا قاراشتى. ئېگىز بويلۇق، كۆك كۆزلۈك يوغان

بۇرۇن بىرى كۆزلىرىنى پىيالىدەك قىلىپ يېقىنلاپ كېلىپ، مۇزدەك سوغۇق تەلەپپۇز-
دا مەندىن سوردى:

— كۆر قازدۇق دەمسەن؟

مەن چاتاق گەپ قىلىپ قويغىنىمنى سېزىپ ئۇنچىقمىدىم. ھاياتتا بەزى پالا-
كەتلەردىن سۈكۈت قىلىپلا قۇتۇلۇپمۇ كېتىدىغۇ كىشى، لېكىن بۇيەردە ئۇنداق بول-
مىدى. بۇ ھازازۇل پاچاقچىنىڭ نېمە پايدا كۆزلىگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ
جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئەتراپتىكىلەرنى دەي - دەيگە
سالدى:

— خالايىق، بۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ گۆرلىرىنى ئاچىدىغانلاركەن، ئۇرۇڭلار
بۇ كېپەن ئوغرىلىرىنى!

ئالىمان تەۋرەپ كەتتى. پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. كىملەردۇر ۋارقىرايتتى:

— گۆر ئوغرىلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىش كېرەك!

— ئۆلىدىغان يېرىگە ئۇرۇڭلار!

— مېيىتنى قوشۇپ كۆمۈۋېتەيلى!

بىز چۈشەنچە بېرىشكىمۇ، قېچىپ كېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدۇق. قوغدىنىشقا بولسا
تېخىمۇ ئىمكان يوق، توغرىسى، كۈچ يوق ئىدى. ئۈچىمىز مۇشتلىرىمىزنى تۈگۈپ
ئالدىمىزغا قىلىپ، دۈمبىلىرىمىزنى بىر-بىرىگە تەگكۈزۈپ بىر يەرگە غۇجمەكلىشىپ،
ئىزىمىزدا چەمبەر سىزىق شەكلىدە ئايلىنىشقا باشلىدۇق. كۆرۈنۈشكە چامباشچىلار-
غا ئوخشاپ قالغانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك، ئۇلار دەماللىققا پېتىنىپ كېلىپ
مۇشت سالالمىدى. نېرىراق تۇرۇپ پەم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. باش - كۆزىمىزگە
تاياق - توقماقلار ياغدى. ئېغىز - بۇرۇنلىرىمىزدىن قان ئېقىپ چىقتى. مەن قىيا
ئادەمنىڭ گۆھەر قۇتىنى پىرقىرىتىشقا ئىمكان تاپالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم،
ئۇ قۇتىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بولسا كېرەك. تاراسلاپ تېگىۋاتقان كال-
تەك - تاشلار ئىچىدە ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئاپىرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لو-
ئىزا ئۇنىڭ دەل شۇ قولىنى جەينەكلىۋالغانىدى. مەن چاقماق سۈرئىتىدە ئېتىل-
دىم، قىيا ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپلا باش - كۆزلىرىگە تېگىۋاتقان تاياقلار ئازابىغا
چىداپ، قوللىرىمنى ئىككى ياققا قاناتتەك كېرىپ ئۇنى قوغدىدىم، پېشانەمدىن ئىس-
سىق بىر نەرسە سىرغىپ چۈشۈپ، بىر كۆزۈمنى قىزىللىق توسۇۋالدى. يەنە بىر
كۆزۈم روشەن ئىدى. قىيا ئادەم چەبدەس ھەرىكەتتە گۆھەر قۇتىنى چىقىرىپ، قاپ-
قىقىنى ئاچتى. بىرنېمىلەرنى دەپ كۇنۇپكىنى باستى. بىزنى قۇياش شۇمۇرۇپلا
ئاسمان قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. ئەسىرلەر قاراڭغۇلۇقىنى يې-
رىپ ئۆتكەن نۇر قۇيۇنى بىزنى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىغا قەدەم قويۇ-
ۋاتقان ئۇرۇمچىنىڭ قۇچىقىغا ئەكىلىپ تاشلىدى.

— ھاردۇق چىقىرۇدەك جايىمكەن؟ — دېدى قىيا ئادەم جەنۇبىي تاغدىكى تېرەك
جىلغا شارقىراتمىسى ئېسىلغان چوققا ئۈستىدە توختاپ. شارقىراتما چوققىدىن جىلغىنىڭ

ئاستىغىچە سوزۇلۇپ لەپىلدەۋاتقان ئاق شايىغا، ئېگىزلىكتىن پەسكە ئېقىۋاتقان ئاپئاق تۇمانغا، تاغ مۆئەككىلىنىڭ ئانىسىنىڭ سېھىرلىك ئۇزۇن چاچ دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئەتراپنى بۈككەندە قارىغاي ئورمىنى قورشىۋالغانىدى. ئېگىز-پەس چوققىلار يوغان - يوغان يېشىل كۈنلۈككە ئوخشاپ چوقچىيىپ تۇراتتى. قەيەردىدۇر قۇشلار سايرايتتى. تىيىنلار شاختىن - شاخقا سەكرەپ، قارىغايلار ئۈستىدىن يەرگە چاكاندىلارنى ئاتاتتى. ھاۋا نەمخۇش، ساپ ۋە سالقىن ئىدى، يېڭىلا يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئاسماندا رەڭلىرى روشەن ھەسەن - ھۈسەن پارقىراپ تۇراتتى.

لوئىزا ئىككىمىز تەبىئەتنىڭ يارىتىش كارامىتىگە، ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۇنىڭ جانلىق گۈزەل سۈرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ئېقىۋاتقان سۇدا يۈز - كۆزىمىزنى يۇيغاچ باياتىن دۈچ كەلگەن خېيىم - خەتەرنى ئەسلەپ كۈلۈشتۇق. كېيىم-كېچەك، ئۈستىباشلىرىمىزنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، قىيا ئادەمنى يېقىنراق بىرەر ئاش-پۇزۇلغا بېرىپ بىللە تاماقلىنىشقا تەكلىپ قىلدۇق.

— سىلەرنى جايىڭلارغا ئاپىرىپ قويۇپ، مەن مەشەددە قالاي، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ. ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتقان بولسا كېرەك. كۆزلىرى بىر قىسىملا مۆڭلاندى، — بىللە غىزالىنايلى، دېگىنىڭلار ئۇقۇشماسلىق. ھەرقانداق كارامەت ئەسۋاب تىرىلدۈرگىنى بىلەنمۇ مەن يەنىلا قەدىمكى ئادەم، تاماق يەيدىغان نەرسە ئۆلمەي قالمايدۇ. ئۆلگەن نەرسە تاماق يېمەيدۇ، بىز تاماقتىن قالغىلى تالاي مىڭ يىللار بولدى.

بىزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمايتتۇق. بىراق باشقا ئامال بولمىدى. ئۇنى تاغلاردا ئورۇن كۈتۈپ تۇرسا، بىزنى ئىرىكچىلىكنىڭ دولقۇنلىرى چاقىراتتى. ۋاقىتنى تۇتۇۋالغىلىمۇ، توختىتىپ تۇرغىلىمۇ بولمايدۇ - دە، ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئالاقىلىشىش چارىسىنى سورىدۇق.

— مەن بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئەسلىدىكى ئورنۇمغا كېتىمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ئەمەسمۇ! — دېدى قىيا ئادەم خىيالچان ھالدا.

ئۇ قولىنى قوينىغا سالدى. مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۇدۇلىدا نېمىنىدۇر بىر نېمىنى تىتىملىدى، قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ سۇغۇرۇۋېدى، چىرايى بىر يېرىنى كېسىۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك پۈرۈشتى، تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر دەقىقە شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن قولىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزارتتى. ئۇنىڭ ئالقىنىدا ياڭاقچىلىك بىر تال قىزىل ياقۇت تاش پارچىسى پارقىراپ تۇراتتى:

— ئال، بۇ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ پارچىسى، ھاجىتىڭ چۈشكەندە ئۇنى قوينۇڭغا سېلىپ، يۈرىكىڭگە باسقىن، يۈرىكىڭنىڭ ئىسسىقى شۇ زامات مېنىڭ يۈرىكىمگە ئۆتىدۇ ۋە مەن ساڭا نېمە كېرەكلىكىنى چۈشىنىمەن.

ئۇ بىز بىلەن خوشلىشىپ، ھېكمەتلىك گۆھەر قۇتىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى. بىز خوش دەپ سىلكىگەن قوللىرىمىزنى پەسكە چۈشۈرگىچىلا ئۆزىمىزنى يەنە بېيجىڭدىكى يىخېيۈەن باغچىسىدا كۆردۇق. لوئىزا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇندۇق. بىراق ھەرقانچە زورۇققان بىلەنمۇ تەبىئىي چىقمىدى.

قىيا ئادەمنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدىن كەتمىدى. جۇدالىق غەملىرىنىڭ تۇمانلىرى كۆڭۈل باغلىرىدىن تارقىمىدى. پىكىر يوللىرىنى يېشىلاپ، ئۆتكەننى ئۇنتۇش، پەرىشانلىقنى تۈگىتىپ، كەيپىياتنى ئوڭلاش ئۈچۈن بىز گەپنى يەنە قەدىمكى مەدەنىيەت تېمىسىغا يۆتكەپ، پاراڭلاشقاچ ئاشپۇزۇلغا كىردۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە قەھۋەمۇ، شامپانمۇ تېپىلاتتى.

— سىلەردىكى مىللىي سەنئەت خەزىنىلىرىمۇ كۆز قاماشتۇرىدىكەن، قەدىمكى ئەجدادىڭلارنىڭ مۇشۇنداق تارىخىي ئىزلىرى يەنە باشقا جايلاردىمۇ كۆپتۇر؟ — سورىدى لوئىزا.

— كۆپ. ئىلى، بورتالا رايونلىرىدىن تاش ئادەملەر، تاش ئويمىلار، قەدىمكى قەبرە، ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. تاشقورغاندا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ خارابىسى بايقالدى.

— مەسىلەن؟

— جىرغال مەدەنىيەت خارابىسى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزنالىرىدىن ھېسابلاندى.

— تاشقورغاننىڭ قەيرىدىرەك؟

— ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قىرىق كىلومېتىردەك ماڭغاندا بارغىلى بولىدۇ.

— جىرغال قانداق يەركەن؟

— جىرغالدا سۇ ۋە چۆپلۈك بار. قەدىمدىن بۇيان ئۇ يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ كەلگەن. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز.

— ھە، داۋانكەن - دە، داۋاندا ساقلىنىپ قالغان قانداق مەدەنىيەت ئىزناسىكەن؟

— تاشقورغان دەرياسى جىرغالنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئىزنا شۇ دەريا قىرغىقىدىكى كۆچمە جىنسلار ھاسىل قىلغان پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكنىڭ ئۈچىنچى پەلەمپىيىدىن باشلانغان تىك يارنىڭ چوڭقۇر توپا قاتلىمىدىن تېپىلغان. بۇ ئىزدىن قەدىمكى ئىنسانلار ياققان ئوتتا كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ كۈلى، كۆيۈك توپا، چالا كۆيگەن ياغاچ ۋە سۆڭەكلەر، قەدىمكى ئىنسانلار ياسىغان تاش قوراللار، تاش ياپراقلار تېپىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كۋارتس تاشلاردىن ياسالغان يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

— بۇ چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىيات ئىكەن.

— ئاتۇش شەھىرىدىكى بوغاز دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئۈچ پەلەمپەيلىك ئېگىزلىكتىن تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى ۋە قەدىمكى كەركىداننىڭ تاغاق سۆڭىكى تېپىلدى.

— بۇلار يېڭىلىنىش ئىراسى دەۋرىدىن كەلگەن ياڭراق سادا ئىكەن. ھازىر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئون مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئۆزىلا ئون نەچچە مىڭ يىلسىز تاشقا ئايلىنالمايدۇ.

— يەنە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىزلىرى، قەدىمكى تېرىلغۇ يەر ئىزلىرى قاتارلىقلارمۇ ئۇرغۇن بايقالدى.

— قىيا تاش رەسىملىرى ھەققىدە تۈزۈكرەك سۆزلەپ بەرمىدىڭىزغۇ؟!

ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى كېچىكمىدە كۆرگەن بەيتىك تېخى ئەتراپىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىمدا قايتا جانلاندۇردى.

— قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ھېسابىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، — دېدىم مەن پىژغىرىم ئاپتاپتىكى چۆل ئالۋۇنلىرىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئەسلىمىلىرىم كۆرۈنۈشلىرىنى ئەقىل نۇرلىرىدا ئېرىتىپ يوقىتىپ، — كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغ، پامىر، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەممىسىدە قىيا تاش رەسىملىرى بايقالدى. ئالتاي، چۆچەكتىكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ جايلىشىش دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. رەسىم تۈپلىرى، رەسىم تىزمىلىرى پات-پاتلا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— مەزمۇن، ئۇسلۇبلىرىچۇ؟

— ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ خىلمۇخىل تەرەپلىرى كۆرسىتىلگەن. ئالىملار ئۇلارنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىدىكەن. يەنە قىيا تاش ئويما رەسىملىرىمۇ، رەڭلىك سىزما رەسىملەرمۇ بار.

— قىيا تاش رەسىملىرى ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

— شۇنداق، قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان قىزىلتاشتىكى قىيا تاش رەسىملىرى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇسلۇبلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنى سىزدەك تالانتلىق رەسساملار بېرىپ كۆرسە ئايرىيالايدۇ، دەڭا...

— راستىنلا، — دېدى لونزا ماڭا تىكىلىپ، ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدە ئەستايىدىللىق نۇرى چاقنايتتى، — بىر كۆرۈپ كېلىشكە ئەرزىيدىكەن، قەيسەر.

بىردىنلا مەن لونزانى قەۋەتلا سېغىنغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدىغانلىقىنى سېزىشكە باشلىدىم. ياشلىق ھاياجىنىم ئۇرغۇپ، كۆڭلۈم لونزاغا، ھاراققا تارتىۋاتاتتى. مەن پاراڭنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنچىقماي رومكىغا قول ئۇزاتتىم. لونزانىڭ تىزگىنسىز روھى ئويغاندىمۇ-قانداق، ئۇ پاختىدەك يۇمشاق قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئالتۇن چاچلىق ئوماق بېشىنى ماڭا يېقىنلا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ماڭا گويا قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسە ئۆتۈۋاتقاندەك بولدى. قەلبىم ئىلھامى دولقۇنلىدى. ئۇنىڭغا شۇنداق قاراپ ئولتۇرماقنىڭ ئۆزىمۇ بىر راھەت تۇيۇلدى. لونزا نازلىق ئەركىلەش ئاھاڭىدا ئۆتۈندى:

— ھە...م... ماقۇل دەڭا بىلىمدارىم، ئاندىن كېيىن يۈرەك چىلاشقۇدەك ئىچسىڭىزمۇ، خۇماردىن چىققۇدەك ئوينىسىڭىزمۇ ئۇلگۈرىسىز تېخى.

## تۆتىنچى باب

ئىشخانىدىكى ئىشلار دۆۋىلىنىپ، مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. خىزمەتكە كىرىشىپ بىرنەچچە كۈنگىچە تۈزۈكرەك بىر ئۇھ دېگىلىمۇ چولام تەگمىدى. لوئىزا بىلەن تېلېفوندىلا ئانچە-مۇنچە سۆزلىشىپ تۇرالىدىم. لوئىزادىن مەن يوق چاغدا كەلگەن تېلېفوننى بىر-ئىككى قېتىم مەن بىلەن خىزمەتداش بىر خەنزۇ قىز ئاپتۇ. ئىزدەپ بىر بارسام ياتىقى ئېتىكلىك چىقتى. ئۇ قەيەرگىدۇر كەتكەنىكەن. بىراق بۇ جىددىيلىكلەر ھەر ھالدا ۋاقىتلىق ئىدى. مېنىڭ خىزمىتىم بىر ئاينىڭ بەلگىلىك بىر نەچچە كۈنىدە شۇنداق ئالدىراش بولاتتى. باشقا چاغلاردا ئىشنىڭ ئانچە تايىنى بولمايتتى. بەزىدە ھەتتا نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنىمۇ ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى. بۇ، تۆمۈر تاۋاقلىق تۈزۈلمىنىڭ پايدىسى، ئەلۋەتتە. بىر ھەپتىدىن كېيىنكى ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى لوئىزا كىنو بېلىتى كۆتۈرۈپ ياتاقىمغا كىرىپ كەلدى. لوئىزانى شۇنچىۋالا سېغىنىپ كەتكەنلىكىمنى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقان پەيتتە ناھايىتى روشەن سەزدىم. يۈرىكىمنىڭ سەكرەپ، دۈپۈلدەپ كېتىۋاتقان ئاۋازى قۇلاقلىرىمغا ئاڭلاندى. تىلىم تامىقىمغا يېپىشىپ قالدى. كۆڭلۈمدە قايناۋاتقان سۆزلەر چىقىشقا يول تاپالماي ئاخىرى يوق بولاتتەك ئۆز جايىدا قايناپ قېلىۋەردى. زۇۋان سۈرمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. كۆزلىرىمگە لوئىزا رەنجىپ قالغاندەك، كۆڭلى مەيۈستەكرەك كۆرۈندى. بىراق كۆزلىرى يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى. ماڭا بۇ زۇمرەت كۆزلەر قەلبىمنىمۇ، ۋۇجۇدۇمنىمۇ ئۆزىگە سېھىرلەپ تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئاغزىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەمشىلىۋىدى، ئۇ بۇتىنىغاندەك بويۇن تولغاپ، ئوڭ قولىنى سوزدى. مەن ئىستائەتمەنلىك بىلەن ئېگىلىپ، مەرمەردەك ئاپئاق سۈزۈك قولىغا سۆيۈپ قويدۇم. بېلىدىن قارماشقا ئىنتىلىۋىدىم، قولۇمنى ئىتتىرىپ «ئەدەبلىك بولۇڭ» دېدى. بىز ياتاقتىن بىللە چىقىپ دەرەخلەر ئارىسىدىكى يولنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. كىنوخانا ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە لوئىزا توختاپ قولىنى يانچۇقىغا سالدى. پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ بېلەت ئېلىۋىدى، بىلەتكە قوشۇلۇپ بىر پارچە رەسىم سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. لوئىزا ئۇنى ھاپىلا-شاپىلا يىغىشتۇرماقچى بولۇۋىدى، قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى. سېرىق بۇدۇر چاچلىق بەرنا بىر يىگىت كۈلۈمسىرىگەن چىرايىنى بوشلۇقتا بىر كۆرسىتىپ، بىر يوشۇرۇنۇپ، پىرقىراپ بېرىپ يەرگە چۈشتى. مەن ئېڭىشىپ ئالماقچى بولۇۋىدىم، لوئىزانىڭ قولى مېنىڭكىدىن چاققان كەلدى. مەن بىئەپرەك ھالدا قېلىپ زورىغا ھىجايدىم، لوئىزا كۆرمەسكە سالدى. ماڭا ئۇ مېنىڭ دىققەت نەزىرىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك، خىجىل بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۆزۈمنى دەرھال ئوڭشىۋالدىم. «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەن ماقال بار، ئۆزۈمنى سوراي، كۆزىگە كىرىۋالغىلى مەن ئۇنىڭ نېمىسى ئىدىم شۇنچە، دېگەن بىر خىيال كاللامغا كىرىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇدۇل كىنوخانا ئىشىكىگە قاراپ ماڭدىم، لېكىن قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگە روھىمغا خىرەلىك تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى. قىزغىنىش ئېتىقادىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئەجەبا رەسىمدى-

كى يىگىت ئۈنىڭ... دېگەن بىر گۇمان — مەن لوئىزاغا راستىنلا كۆيۈپ قالدىمۇ-
نېمە؟ دېگەن بىر خىيال كاللامدا بىرلا ۋاقىتتا قۇيۇندەك پىرقىراپ ئۆتتى. پەرۋەر-
دىگارىم، بۇ قىزنىڭ بۇنچىۋالا چىرايلىقلىقىنى ئۆتكەندە نېمىشقا بايقىمىغان بولغىيدىم؟
ئادەم بالىسىدىنمۇ شۇنداق پەرىزات تۇغۇلغان بارمۇ؟ مەن ئۆزلۈكىمدىنلا
ئەندىشە ۋە پەرىشانلىقتا چۆچۈشكە باشلىدىم. كىنوخانىدىكى ئازغىنە پاراڭىمىزمۇ
بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن بولدى، بىراق ماڭا نېمىشقىدۇر بۇ قىزغىنلىق ئاستىدا بىر
سۆرۈنلۈك ياتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل ئاغرىنىشنىڭ
پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك ئىدى. قاراڭغۇ بوشلۇقتىن بولسا ھېلىقى ناتونۇش بۇدۇر
چاچ يىگىت ماڭا پات - پات ھومىيىپ قارايتتى. كىنونى كۆرۈپ بولۇپلا ھايالشماي
ئىش ئورنۇمغا قايتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ يەردە مېنى جىددىي خىزمەت كۈتەتتى.
ئەھۋالنى مەن ئەگىتمە سۆز بىلەن لوئىزاغا پۇراتتىم -يۇ، لېكىن كېچىكىپ قېلىشىم
كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇقلۇقمۇ لېۋىمنى چىشلەپ، ئۇنى تاكسىدا مەكتىپىگە ئاپىرىپ
قويدۇم. بىز يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە كۈنمىڭ كۆلى بويىدىكى
كونا ئورۇندا ئۇچرىشىشقا پۈتۈشتۇق. يەكشەنبىگە يەنە ئىككى كۈن بار ئىدى. ئايرى-
لىش مۇھەببەت ئوتىنى لاۋۇلدىتىۋېتىدۇ. بۇ ئىككى كۈن ماڭا ناھايىتى ئۇزاق تۇ-
يۇلدى. شىنجاڭغا قىلىنغان نەچچە كۈنلۈك سەپەردە بىز ئەتىدىن كەچكىچە ئايرىل-
ماي بىرگە يۈرگەن بولساقمۇ، مۇھەببەت ماجىراسىنى بۇنداق رەسمىي ئويلىشىپ باق-
مىغان ئوخشايمىز. ئويلاشقا چولامۇ بولمىغانىمىدىكى، تاڭ، كەسىپ مەستانىلىقى، قە-
دىمكى زامان مەپتۇنلۇقىنىڭ ئېزىتقۇ تۇمانلىرى مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلىرىنى قاپسىۋې-
لىپ بۇرۇختۇم قىلغان، بېسىپ پەسلىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ھايات ۋە
خىزمەتنىڭ رېتىملىقىغا، ئالدىراشلىق نورماللىقىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇ تۈتەكلەر
تارقاپ ھاۋا ساپلىشىپ، مۇھەببەت يالقۇنى گۈركىرەپ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان، بېشىمغا
سەۋدالار سېلىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئىككى كۈنگىچە ھېلىقى رەسىم كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەي يۈردى، ناتونۇش
سېرىق يىگىتكە بولغان ئۆچمەنلىكىم كۈچىيىپ باراتتى. لوئىزانىڭ رەسىمنى تىقىش-
تۇرغاندىكى پەرىشانلىقىنى ئەسلىسەملا كېلىمنى كۆرۈنمەس بىر نەرسە بوغقاندەك بو-
لاتتى. لوئىزانىڭ تۇرقى غەمگە، كۆزلىرى قورقۇنچقا سالاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى
جىلۋە دولقۇنلىرىنىڭ تەكتىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ روھىي دۇنيارىمغا ئازابلىغۇ-
چى بىر شۈبھە كىرىۋالغانىدى. يەكشەنبە كەلگەنسېرى ئاشۇ شۈبھە، تىت - تىتلىق،
نومۇس، غۇرۇر، كۈنچىلىك ئازابى تۇرۇم - تۇرۇم قارا تۈتەكتەك پۇرقىراپ مېنى بې-
راقلا چىرمىۋالدى، زەھەرلىك گازلىرىدا ئارام بەرمىدى. مەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەت-
كەن ئادەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتىم. خىزمەتتىكى ھاردۇق، مۇھەببەتتىكى ئەسەبىي
جىددىيلىكتىن خاتىرجەملىكىمنى يوقاتقان بەدىنىم كۆيۈشكەندەك بولۇۋاتاتتى.

شەنبە كەچلىكى تاڭ ئاتقۇچە قالايمىقان چۈش كۆرۈپ چىقتىم. چۈشۈمدە مەن
يېرىم كېچىدە بېرىپ لوئىزانىڭ ياتىقىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپلا يۈرگۈدەكمىشمەن،
دېرىزىدىن چىراغ شولىسى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى چاقىرىشقا ياكى ئۆزۈم بوسۇغا

ئاتلاپ كىرىشكە پېتىنالمىغۇدەكمەن. بىردەمدىلا لەپىلدەپ قار يېغىپ كېتەرمىش، سوغۇقنىڭ نەشتىرىگە چىدىماي بىنا كارىدورىغا كىرىپتىمەن. پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپتىمەن. كارىدور ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، لوئىزانىڭ قايسى ياتاقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. نائىلاج تامغا ئارقامچە يۆلىنىپ، سىغدىلىپ ئېچكىرىلەپ ماڭدىم. بىر چاغدا ئىشىكى ھەم يېپىقلىق ياتاقتىن ئەر-ئايالنىڭ گۈڭگۈر-مۇڭگۇر پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئايالنىڭ ئاۋازى خۇيمۇ تونۇشتەك قىلدى. ئىشىككە يېقىن يۆلىنىپ گەپ تىڭشاشقا باشلىدىم. ئىشىك مېنىڭ يۆلەنگىنىمدىكى سالمىقىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي بىردىنلا قاتتىق ئېچىلىپ كېتىپ، مەن ئۆي ئىچىگە يېنىمچە يىقىلىپ چۈشۈپتىمىشمەن. لوئىزا ئەندىكىپ ۋارقىراپ، دېرىزىدىن ئۆزىنى پەسكە ئاتارمىش. چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرسەم دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇرغان بۇدۇر چاچلىق سېرىق يىگىتكە كۆزۈم چۈشتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئېتىلىپ دېرىزە تۈۋىگە بارسام، يىگىت يېرىم گەۋدىلىك يوغان ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى. تالاغا قارىسام، لوئىزا يەردىمۇ، ئاسماندىمۇ يوق ئىمىش، تۇساتتىن دەرەخلەر ئارىسىدىن بىر نىدا كەلگەندەك قىلدى. قارىسام، لوئىزا دەرەخلىق ئۈستىدە لەپەڭشىپ ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقانىكەن. مەن تۇۋلىسام ئۈنۈم چىقمىدى، ئۇ دەرەخ تاجلىرى ئۈستىدە چىرايلىق چوڭ شاردەك قاڭقىپ-قاڭقىپ غايىب بولدى. مەن شۇ زامات كەينىمگە بۇرۇلۇپ، كاماندىن ئاجرىغان پەيكاندەك تېزلىكتە بىنادىن يۈگۈرۈپ چۈشتۇم. ئىشىكتىن سىرتقا چىقىشىم بىلەن تەڭ بىنانىڭ بىر تەرەپ تېمى بىراقلا ئاجرالدى-دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. يېپىلىپ بولۇتقا ئايلىنىپ، ئۈستۈمگە ئۆرۈكنىڭكىدەك ئاق چېچەكلەرنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەيكىلى ھاۋادا پىرقىراپ ئۇچتى. يىراقتىكى سازلىققا چۈشۈپ كېتىپ، سېغىز لاي دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شەپەقنىڭ تاۋارىدىن كۆڭلەك كىيىپ، كېچىنىڭ پەردىسىدىن يېپىنچا يېپىنىۋالغان لوئىزا يەردىكى كۈمۈش چېچەكلەرنى دەسسەپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن تارقالغان نۇر دەستىسى ۋال-ۋۇل پارقىراپ كېلىپ ماڭا سوقۇلدى. ئاجايىپ سېھىردە مېنى جايىمدا شىپپىدىلا توختىتىپ ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇلبۇللار ئۇچۇپ كېلىپ بېشىمغا قونۇپ سايراشقا باشلىدى. ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇلداپ يۈرۈشۈپ، ئۇچامدىكى چېچەكلەردىن شىرنە يىغىشتى. كېپىنەكلەر پىلدىرلاشتى. مەن ھەممىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. قىمىر قىلالمايتتىم. لوئىزا تەبەسسۇم قىلدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن ئىككىنچى قېتىم تارقالغان نۇر دەستىسى كۆز قاماشتۇرۇپ كېلىپ ماڭا ئۇرۇلدى، كۆكرىكىمنى ئوتتۇرىدىن قاق ئىككىگە ياردى. ئاجايىپ ۋەھىمە سېلىپ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ چىقىرىشقا باشلىدى. قانسىراپ، ھالسىراپ جان تالاشتىم. كۆكرىكىمگە سانجىلىۋاتقان نۇرلارنىڭ پىچاقلىرىنى قوللىرىمدا چىڭ تۇتۇۋالدىم. چىشلىرىم كارسىلدايتتى. ئاغرىق چىدىغۇسىز ئىدى. مەن لوئىزانى يوقلاپ تۇرالمىغانلىقلىرىمنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتىم، لېكىن زۇۋانىم ئېچىلا-

www.uyghurkitap.com

مايتتى. لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چېچىلغان يېپىشقاق نۇرلار يەملەپ تاشلىغانمىش. تېنىم قېتىپ تۇرغىنى بىلەن جېنىمنى كۇرمىڭ نۇر پالتىسى چېپىپ پارچىلاۋاتقانمىش. كۇرمىڭ نۇر ھەرىدەپ توغراۋاتقانمىش. ئىچكى دۇنيارىم، دوزاخ ئازابىدا تولغىنىپ تىترەپ ئۆكتۇرۇلۇپ، كۆمتۇرۇلەرمىش. نىھايەت، لوئىزانىڭ باغرى يۇمشاي دېدىمۇ، ئۇ كۆزلىرىدىن يىلىلىق نۇر چاچرىتىپ يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقىدا پېشانەمگە يېنىككىنە بىرنى نوقۇۋىدى، مەن ھەرىكەتلىنەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىگە قول ئۇزارتتىم. ئۇ لەپىلدەپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى، لەۋلىرىنى لەۋلىرىمگە يېقىۋىدى، تىنىقىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىمگە تارقىلىپ كەتتى. مەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان تەگداشسىز لەززەت ئىچىدە قالتىراپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتىم، گويا ئادەم بىلەن پەرى چىرماشتى، مەن مەست بولۇپ ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن شىرنە شۈمۈردۈم. بىز بىر جان، بىر تەن بولغىلى تۇرغاندا، ئۇ بىردىنلا قۇچىقىمدىن تۇتۇندەك تولغىنىپ، ھۆر-پەرىدەك سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كۆرۈنمەس قانات پۈتۈلگەندەك ئۆرلىدى، غايىبانە كۈچ تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق تېزلىكتە كۆز يەتكۈسىز مۇئەللەقتە قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇر چەمبىرى ئىچىگە كىردى. ئۇ ئاخىرى كىچىكلەپ بېرىپ قۇياش كۆكسىنىڭ يالقۇنلىرى قاينىمىغا سىڭىپ كېتەرمىش. مەن قوللىرىمنى قۇياشقا سوزۇپ لوئىزا! دەپ پەرياد ئۇرۇپ ۋارقىرىدىم. يەرمۇ، ئاسمانمۇ، قۇياشمۇ ئەكس سادايىمنى قايتۇرماسمىش. چاقىرىقلىرىمنى يۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەرمەسمىش. پەقەت ھېسابسىز يىراقلىقتىكى، ھېسابسىز ئېگىزلىكتىكى قۇياشنىڭ يۈزىدە لوئىزانىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى بىر كۆرۈنۈپ غايىب بولارمىش. ئۇماق سۇرىتى ئۇپۇقتا قېتىپ قالارمىش. تەبەسسۇمى نۇر دولقۇنى بولۇپ يەر-ئاسمانغا تارقىلىپ ئۇچارمىش. مەن ھۆر-ھۆر يىغلاپ كۆز ياشلىرىمدىن دەريا ئاققۇزغۇدەكمەن، دەريا چوكىيىپ، تاشقىنلىرىدا ئۆزۈمگىمۇ تەھدىت سالارمىش، مەن قورقۇنچ دەھشىتىدە ۋارقىراپ يۇلقۇنۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزلىرىمنى كۇچىنىپ ئاچسام، ئەتراپنى بارماقنى ئاچسىمۇ كۆرگىلى بولمىغىدەك قويۇق قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغان بولسا كېرەك. بېشىم گاراڭ بولۇپ قالغانىدى، شامال كىرىۋاتقان قاپاقتەك توختىماي گۇڭۇلدايتتى. قانچە قىلسامۇ قايتا ئۇيقۇم كەلمىدى. كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمغانسېرى ئالدىمدا ئۇششاق نەرسىلەر ئىمىر-چىمىر قىلىپ، ئېگىز-پەس بولۇپ ئۇچۇشقا، يۇلتۇزلاردەك پىلىلدىغان ئۇچقۇنلار لەيلەپ يۈرۈشكە باشلىدى. يۈرىكىمگە ئەنسىزلىك قول سېلىپ، كېلىمنى ۋەھىمە بوغدى. چىدىيالماي كىرپىكلىرىمنى داردايتىپ ئېچىپ چەكچىيىپ ياتتىم. قارىچۇقلىرىمغا قارا مەخمەلدەك قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. كۆزلىرىم بىرئاز كۆنۈككەندىن كېيىن، قاراڭغۇ گۈمبەز ئىچىدە يېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن كۆكۈش نۇر چېچىپ بىر جۈپ زۇمرەت كۆز پەيدا بولۇپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپ تون

كېچىدە دالىداكۆرۈنگەن بۆرىنىڭ كۆزىدەك سوغۇق، دەھشەتلىك پارقىرىدى، يېقىنلاپ كەلگەنسېرى پەرىزاتنىڭكىدەك ئوماق، يىلىلىق، سېھىرلىك كۈلۈمسىرەپ جىلمايدى، بۇ كۈلۈمسىرەش گويا ماڭا مۇھەببەت بايان ئەيلەيتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۆز قۇچـقىدا يېشىل بىر دۇنيانى نامايان ئەيلەيتتى. ئۇ يېشىل دۇنيادىمۇ كۈندۈز، كېچە، قۇياش، ئاي، يەر، ئۇپۇق، ئاسمان، تاڭ بار ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەن يول ئۇپۇقنىڭمۇ نېرىسىدىكى ئېزىتقۇ ئالەمگە مېنى چاقىراتتى. ئۇپۇقتا بولسا بىردەم رەڭگا رەڭ سۈرەتلەر كۆرۈنۈپ ئۆچەتتى. بىردەم ئوت يالقۇنى تىترەپ تەۋرىنەتـتى، لاۋۇلدايتتى. ماڭا قاينىمى كېڭىيەتتى. ئاي كۈمۈش شاردەك دۈگىلەپ ئۆتەتتى. قۇياش مەشئىلىنى پىرقىرىتىپ، چۆگىلەپ سىرىكچىلەردەك سەكرەيتتى.

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. تالادا شاۋقۇنسىز سالقىن هاۋالىق سەھەر مېنى كۈتۈۋالدى. كېچىدە ياغقان يامغۇر يەر-زېمىننى پاكىز يۇيغان بولۇپ، ئاسفالت يوللار جانان چىنىدەك يالتىراپ تۇراتتى. بۇلۇتسىز ئاسمان كۆك رەڭدە سوزۇلۇپ، ئاقارغان ئۇپۇق سۇس قىزىرىپ كەلمەكتە ئىدى. پورەكلىرىگە، بەرگلىـرىگە قونغان يامغۇر تامچىلىرىنى شەبنەمدەك سۆزۈك يالتىرىتىپ تۇرغان گۈل-غۇنچىلار دۇنيا رەڭلىرىنىڭ نامايىشىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك بەس-بەستە ئېچىلىپ، رەڭمۇرەڭ جۇلالىناتتى. كوچىلاردا ئاپتوبۇسلارمۇ، ئادەملەرمۇ شالاڭ ئىدى. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنىمۇ ئويلىمايلا بىر مۇنچە يول مېڭىۋېتىپتىمەن، ئاياغلىرىم بىر ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. شۇ چاغدىلا ئاندىن مەن ئېسىمگە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ لوئىزا ئىشلەيدىغان ئىنستىتۇتقا ئېلىپ بارىدىغان ئاپتوبۇسنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندىم. كېلىشىۋالغاندەك يىراقتىن ئاپتوبۇس كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېگۈدەك بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پويىز بېكىتىگە ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان باشلىقىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىقىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە چۈشتى. ياتىقىمغا دەرھال قايتمىسام بولمايتتى.

مەن باشلىقىمنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىپ، مېھمانخانىغا باشلاپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندا، لوئىزا بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى توشىدىغانغا ئاز قالغانىدى. چاچلىرىمنى تاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يۈگۈرگەن پېتى كوچىغا چىقتىم-دە، تاكسىدىن بىرىگە چىقتىم. شوپۇرغا تېزرەك مېڭىڭ، دېگىنىمنىلا بىلىمەن. پىكاپنىڭ ئەينىكىدىن كىرگەن شامال يۈزۈمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ماڭا ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قېرىشقاندەك دوقمۇشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قىزىل چىراغلار يېنىپ، توختاشقا مەجبۇرلايتتى. بىر دوقمۇشتا ئاپتوموبىل ۋەقەسى چىقىپ ئادەم ئۆلگەنىكەن. يەنە بىر كىچىكرەك دوقمۇشتا سىرتتىن كەلگەن سودىگەر ياشلار توپ بولۇشۇپ مۇشتلىشىۋېتىپتۇ، توك كالتەكلىرىنى كۆتۈرگەن ساقچىلار ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈشىدۇ. ئادەملەر توپى، ئاپتوموبىللار كارۋىنى قاتارلىرىدىن ئۆتەلمەي خېلى ۋاقىتقىچە ئاۋارە بولدۇق. مىڭبىر مۇشەققەتتە باغچە دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگىچە تىت-تىتلىقتىن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم

يېگۈدەك بولدۇم.

يەكشەنبە بولغاچقىمىكىن بۈگۈن باغچىغا كىرىپ چىققۇچىلار پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىدى: بېلەت سېتىۋالغۇچىلار قاتارى، دەرۋازىدىن كىرىش قىستىلاڭچىلىقلىرىدا نوپۇسنىڭ كۆپلىكىدىن قاخشاپ، جەينەك، مۈرە ۋە مەيدىلىرىمنى بولۇشىچە كۈچەپ ئىشقا سېلىشقا توغرا كەلدى. نىھايەت ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ، تەرلەپ-پىشىپ يۈرۈپ بولسىمۇ باغچىغا كىرىۋالدىم. كۆل بويىدىكى ئۇچرىشىش جايىغا كېلىپ سائەتكە قارىدىم. بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا تېخى چارەك سائەت بار ئىدى. مەن سەل چەترەكتىكى دەرەخلىككە بېرىپ، ئارقامغا ئۆتۈپ قالغان گالىستۇكۇمنى قايتا باغلاپ، تىمىقما-تىمىقماقلىقتا مىجىلىپ كەتكەن شىلەپەمنى قول سومكامغا قاتلاپ سالدىم. قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ، دەسسىلىپ رەسۋالىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىمنى بىرەر قۇر سۈرتۈپ پارقىراتتىم. ئۈستىبېشىمنى تۈزەشتۈردۈم. قورساق، دۈمبە، بېقىنلىرىمنىڭ ئالىلقانداق يەرلىرى ئاغرىۋاتاتتى.

لوئىزانىڭ بايقىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئوچۇقچىلىققا چىقىشىم كېرەكتى. مەن قىرغاقتىكى ئەسلى ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئۇزاق ئولتۇردۇم، سائەت يىگىرمىسى پۈتۈشكەن رەقەمدىن خېلى ئۆتۈپ كەتتى. لوئىزانىڭ تارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، خىيالىي سىماسى بولسا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ نەگە يوقالدى؟ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدۇ، ۋەدىسىدە تۇرمامدۇ؟ مەندىن ئاغرىنغان بولسىچۇ؟ نېمىگە؟ بۇدۇر چاچ سېرىقتا خەت يېزىپ قالدىمىكىن؟ شېرىن تېلېفۇن سۆھبىتىگە بېرىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشنى ئۇنتۇغان بولسىچۇ؟ ئۇ سېرىق يىگىت فرانسىيىدىمۇ؟ مۇشۇ شەھەرنىڭ بىرەر بۇلۇڭىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ چىقسىچۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلار بىللە بارغىلى بۇ شەھەردە باشقا باغچە ئازمىدى؟ دەم ئېلىش ھۇجرىلىرى بار كارائوك بەزمىخانىلىرى باغچىلاردىنمۇ كۆپ ئەپلىكقۇ؟ بىر مۇنچە سوئاللار مېڭەمنى چۇلغىۋالدى. تۇشمۇتۇشتىن يىلانلاردەك ئۆمىلەپ چىقىپ، كۇشۇلداپ يۈرىكىمگە خىرىس قىلىشتى. مانا شۇ چاغدىلا مەن لوئىزا توغرىسىدا تۈزۈكرەك بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تېخىچە دەسلەپكى تەسىراتنى ئاساس قىلغان ھالەتتىلا تۇرۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن؟ بۇ ئائىلە نەدە تۇرۇشلۇق، نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قانداق ئادەملەر؟ ھازىر ھاياتمۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نەچچە يېقىن تۇغقانلىرى بار؟ لوئىزا نەچچە بىر تۇغقان؟ لوئىزانىڭ مۇھەببەت تارىخى بارمۇ؟ سۆيگىنى كىم؟ سېرىق يىگىت نېمە ئادەم؟ مېنىڭ يەنە بىر شەيتىنىم بولسا قۇلىقىمغا، سەن ئۆزۈڭ نېمە ئادەم، لوئىزاغا قاچان مۇھەببەت تەكلىپى قويغانسىدىڭ؟ ئۇ قاچان رازىلىق بېرىپتىكەن؟ دېگەندەك تەتۈر سوئاللارنى شىۋىرلايتتى. شۇ ئەمەسمۇ. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا راستىنلا ھەقىقىي مۇھەببەت بولغانمۇ؟ چاقچاقلارغۇ بولۇۋىدى، مۇھەببەت بار دېيىلسە قاچاندىن باشلانغانىدى، ئۇنجى ئۇچرىشىشتىكى قىيىق ۋەقەسىدىمۇ؟ ئۇ شۇنداقلا بىر تاسادىپىيلىق تۇرسا،

ئاڭلىدىق قىلىنغان ئىش ئەمەس ئىدىغۇ. ئەمىسە نېمىشقا لوئىزاغا يېپىز شۇنچە باغلىنىپ يۈردۇم؟ خىزمىتىمنى تاشلاپ، كەينىدىن يىراق سەپەرلەرگىمۇ سوكۇلدىدىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھەرىكەتلىرى ماڭا خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ بېرەلەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئانچىكى كۈلكىلىرىگە، سۆز - ھەرىكەتلىرىگە شۇنچە ئېتىقاد قىلىپ كەلدىم؟ تۇۋا، ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىن ئېسىل ئىكەنلىكىگە، مېنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ شەكسىزلىكىگە بولغان ئىشەنچىم نەدىن كەلگەن؟ بۇ ئىشەنچىنىڭ ئەمەلىي ئاساسى نېمە؟ تۇنجى كۆرۈشكەندىكى ھېس - تۇيغۇ، بىر كۆرۈپ كۆيمەكلىك، قارىغۇلارچە ئېتىقاد، قىياس، خىيال، تەسەۋۋۇرلاردىن تۈزۈلگان. لوئىزانىڭ تەقدىر ئۆزلۈكىدىن ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن مەشۇقۇم ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى نېمە؟ مەن ئۆمۈر بويى ئىزدەپ كېلىۋاتقان ۋە تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان نىگارىمنىڭ دەل مۇشۇ قىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت قېنى؟ پەقەت ھېس - تۇيغۇ؟ دۇنيادا ھېس - تۇيغۇدىنمۇ ئاسان خاتا بولىدىغان نەرسە بارمۇ؟ ئەقلىمنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمنىڭ سىناق تاشلىرىنىڭ رولى نەگە كەتتى؟ قىزىق، لوئىزانىڭ قىياپىتى يەنە ئالدىمدا! پەيدا بولدىغۇ، ئەنە ئۇ يەنە كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭ قىياپىتى مەندىن يىراقلاشقىلى زادى ئۇنىمايدۇ؟ بىز كونا تونۇشلاردىن، قەدىناس دوستلاردىن بولغىيمىدۇق - يا؟ نېمىشقا ئۇ كىچىككىمدىنلا، ھەتتا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا تونۇشتەك كۆرۈنىدۇ؟ لېكىن بۇلار مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار ئەمەس - تە، نېمىشقا شۇنداقتەكلا تۇيۇلىدۇ. مانا شۇ تاپتىمۇ مەندە شۇنداق بىر گۇڭگا سەزگۈ بارغۇ. گويا بىزنىڭ بۆشۈكلىرىمىز بىر يەردە بىللە تەۋرىتىلگەندەك، بۆشۈك تويىمىز بىر كۈندە بىللە قىلىپ بېرىلگەندەك؛ گويا بىز بىللە مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينىغاندەك، بالا ياغاچ ئويناپ ۋاللەي تولۇلغاندەك، مەن لەگلەك ئۇچۇرسام ئۇ بىللە يۈگۈرگەندەك، ئۇ چىمچاچاق ئېيتىپ ئىلەنگۈچ ئۇچسا، مەن شاخلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ مارىلىغاندەك. بەلكى راستىنلا باللىق دەۋرىمىزدە دىدار كۆرۈشكەن بولغىيدۇق، ئۆسمۈرلۈكتە ئۇچراشقاندىمىز ياكى... يىگىتلىكتە قەدەم قويغان چاغلىرىمىدىدۇر ئەتىمالىم. ھە، مانا بۇ ئېھتىمالغا يېقىن - دە. بۇرۇتۇم ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغاندا مەن ئامېرىكىغا چوڭ تاغامنى يوقلاشقا بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ كەلگەنىدىم. تاغام مېنى كۆپ شەھەر، كۆپ سورۇنلاغا ئېلىپ بارغان. ئۆزۈم يالغۇزمۇ خېلى جايلارنى ئايلانغان. شۇ چاغلاردا بىرەر كېچىلىك بەزمىخانىدا، كەچكى كوڭۇل ئېچىشتا، سەيلىدە، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا كۆرۈشكەن ياكى كۆرگەن بولغىيدىم. ھەتتەك، ئۇ چاغدا ئىنگلىز تىلىنى تۈزۈك رەك بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ تانسا مەيدانلىرىغا چۈشكەندە، ۋالىسقا بەل تۇتقان، تولغىما، چاقماق ئۇسۇللىرىدا ساغرا تەگكۈزۈشكەن بولغىيدۇق. ياق، ئىشقىلىپ بۇ چىرايىنى ئىلگىرى مەن بىر يەردە كۆرگەن. بەلكىم چۈشلىرىمدە ئۇچراتقان، خىياللىرىم ئالىمىدە كۆرگەن، تەسەۋۋۇرىمدا سۆزلەشكەن بولغىيدىم. ياق، ئۇ مەزگىلدىكى چۈشلىرىمدە جۇغپى ئىسمىلىك باشقا بىر ئوماق خەنزۇ قىز پات - پات چىراي كۆرسەتەتتى. شۇ قېتىمقى ئامېرىكا سەپىرى

www.uyghurkitap.com

يۈرىكىمدە قالدۇرغان جاراھەت ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. جۇفېي ئەسلىدە بېيجىڭلىق قىرقىما چاچ، غۇنچە بويى قىز ئىدى. شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپتە مەن بىلەن ساۋاقداش بولغان، كېيىن ئامېرىكىغا كەسپىي بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئىككىمىز ئالىي مەكتەپتىكى چاغلاردىلا ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇ ماڭا قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ يېقىنچىلىق قىلاتتى. بىز ئامېرىكىدا بىللە تاماشا قىلدۇق. مۇناسىۋىتىمىز دوستلۇقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتاتتى، شۇ گۈزەل دۆلەتنىڭ گۈزەل دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى دۇنياسىدا بىز بىللە بەزى شېرىن چۈشلەرنى كۆرگەن. ئاخىرى ئۇنىڭ قەھرىگىمۇ يولۇقتۇق. ئاشۇ شەنبە كېچىسىدىكى تۇمانلىق دېڭىزنىڭ گۈركىرىگەن شاۋقۇنلىرىنى ئەسكە ئالسام، يۈرىكىم ھېلىمۇ بوراندا قالغان ياپراقتەك قالتىرايدۇ، ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن دېڭىز تاشقىنى تاغدەك دولقۇنلارنى ئاسمانغا ئاتاتتى. قوترىغان ئەجدىھالار توپلىرىدەك بىر - بىرىگە سوقۇلاتتى، سەكرىشىپ بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، بوغۇشۇپ، چىرمىشىپ - يۆگىشىپ كېتەتتى. جەڭگە ماڭغاندەك نەرە تارتىپ ھۆركىرەيتتى. چۆچۈگەن بېلىق ئالغۇچى قۇشلار توپى پىتراپ قاچاتتى. بورانقۇش باش ئۈستىگە پەسلەپ ۋەھىمە سېلىپ قىچقىراتتى. كۆپ قەۋەتلىك ئىمارەتتەك ئېگىز بىر دولقۇن بىز چۈشكەن كېمىنى مۈرىسىدە ئويۇنچۇقتەك كۆتۈرۈۋېلىپ پەسكە چۆرۈپ بىر ئېقىتىۋىدى، كېمە سۇ يۈزىدىن ئۇشتۇمتۇت باش چىقارغان بىر خادا تاشقا زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇپ، پاچاق - پاچاق بولۇپ كەتتى. كېمىدە دېڭىز سەيلىسىگە چىققان بىرنەچچە ياش باللار بار ئىدۇق. جۇفېي ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە يېپىشىپ ۋارقىرىغىنىمىزنى، دولقۇنلارنىڭ يالماۋۇزدەك دەم تارتقىنىنىلا بىلىمەن. دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەلگىنىمدىن كېيىن، رەھىمسىز دېڭىزنىڭ جۇفېينى قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم. دوستۇمنىڭ ھالاكىتىگە چىدىماي يىغلىغىنىمچە، دېڭىز بويىغا يۈگۈرۈپ باردىم. دېڭىز ئەمدى تىنچ يېيىلىپ، گۈزەل جىلۋە قىلىپ ياتاتتى. ئامال قانچە؟! شۇ دولقۇنلار ئۈستىدىكى چۈشلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە مېنى كېچە - كېچىلەپ ۋەھشىيلەرچە قىيناپ يۈردى. ئاشۇ شەنبە كېچىسىدىكى ئاچ دولقۇنلارنىڭ قارا بولۇتتەك كۆلەڭگۈلىرى ھازىرمۇ ئېسىمگە كىرىۋالسا، جېنىمنى قورقىتىپ ئاۋارە قىلىدۇ، تېخى. بەس! ئاھ، شۇ چۈشلەر، شۇ ئازابلار چۆككەن پېتى شۇ قەھرىلىك، چىرايلىق دېڭىزنىڭ تەكتىدە مەڭگۈ قىلىپ كەتتى. ئەلۋىدا...

مەن ئۆزۈمنىڭ قالايمىقان، كۈلكىلىك، غەلىتە خىياللار سۈرۈۋاتقانلىقىمنى سېزىپ تۇراتتىم. بىراق، ئۆزۈمنى بۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ بىمەنە چۈش - خىياللاردىن چەكلەش ئىقتىدارىمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. توۋا، بۇ نېمە بولغىنى؟ نېرۋام جايىدىدۇر؟ قارا بېسىپ جۆيلۈۋاتمايدىغاندىمەن؟... بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ باقسام ئاغرىۋاتىدۇ. چۈش كۆرۈۋاتمىغان بولسام لوئىزا نېمىشقا كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇخلاپ قالغاندۇر، بەلكى ئاغرىپ... ئاخىرىنى ئويلاشقا تاقىتىم يەتمىدى. كۆز ئالدىمدا لۆم - لۆم كارىۋاتتىكى ئاپئاق پاستۇققا يېيىلىپ ياتقان چاچلارنىڭ ئالتۇن دولقۇنى

كۆرۈندى. يېرىم ئوچۇق ئىشىكتىن بۇدۇر چاچلىق بىر باش شۇ مەنزىرىگە قىيا قاراپ تۇراتتى.

لوئىزا تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. لېكىن، سىيماسى مېنى يالغۇز تاشلىماي ھەمراھ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيادا كۈن كۆرمىكىمنىڭ مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا شۇنچە كېرەك ئىدى. خۇددى يۈرىكىمنىڭ بىر پارىسى، ھاياتىمنىڭ تەڭ يېرىمىدەكلا زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيتتىم. ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنى نېمىشقا ياخشى كۆردۈم، نېمىشقا ئۇنىلا ياخشى كۆرۈشۈم شەرتكەن؟ دۇنيادا قىزلار ئازلاپ قاپتىمۇ؟ مەن تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ئۆزلىرىلا توپ - توپى بىلەن يۈرۈشىدىغۇ! بەزىلىرى ماڭا تەكلىپلەرمۇ قويغان، تېخى. ئۇلارغا چىمىلداپمۇ قويمىغان يۈرىكىم لىڭگىلتاختاق لوئىزاغا نېمانچە ئېرىيدۇ؟ ئوتنى كۆرگەن پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ؟ توۋا، ئۇ مەن بىلەن يۇرتداشمۇ، مىللەتداشمۇ، دۆلەتداشمۇ ئەمەسقۇ، ئاخىر. بۇ مۇھەببەت دېگەن راستىنلا غەلىتە، قۇدرەتلىك نەرسىكەن، مۇرەككەپ نەرسىكەن، ۋىجدانەن ئويلىغاندا، تۈنجى ئۇچرىشىشتىكى جەريانلار تاسادىپىيلىق بىلەن قىزىقىشنىڭ بىرىكمىسىدىنلا ئىبارەت ئوخشايدۇ. يات دۆلەت، يات مىللەتتىن بولغان بىر گۈزەلگە، ئۇنىڭ رەسساملىق ماھارىتىگە، مىجەزىدىكى ئوچۇقلۇققا بولغان قىزىقىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز يۇرتۇمنى، ئەجدادلىرىمنى، يۇرتداشلىرىمنى ماختىۋېلىشقا بېرىلىشلا بولسا كېرەك. ئۇ ھەرگىز مۇھەببەت ئەمەس، تېخى مۇھەببەت دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن. مانا ئەمدى ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. مەن ئۇنىڭ غېمىدىلا ئازابلىنىۋاتىمەن. يار غېمىدىكى ئازابلىنىشنىڭ ئۆزى مۇھەببەت ئوخشايدۇ. ئازاب بولمىسا مۇھەببەتمۇ بولمىسا كېرەك. ئەمدى مانا شۇ قىز كۆڭلۈمگە يېڭى مەنە، ھاياتىمغا نۇر قوشۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەمدى ئۇ ھاياتىمدىكى يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك، كۆڭۈل قۇرۇقلۇق، بىزارلىق، غەم - قايغۇنى نېرىغا قوغلاۋاتىدىغۇ. ئۇ مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنى ئويغىتىۋاتىدىغۇ. ئۇنىڭ روھى مېنىڭ روھىم بىلەن چىرمىشىپ قالدى. ئەمدى ئاجرالمىقى قىيىن. مېنىڭ روھىي دۇنيايىم ئۇنىڭكى بىلەن قوشۇلۇپ، چېگرىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، كەڭرى مەنىۋى دۇنيا ھاسىل قىلدى. ئەمدى بۆلۈنمىكى قىيىن. ئۇنىڭ روھى مېنىڭ روھىمنى ئىلھاملاندۇردى. مېنىڭ روھىممۇ ئۇنىڭ روھىنىڭ ماگنىتتەك تارتىشى نەتىجىسىدە ھېچقانداق پايدا - زىيانلار بىلەن ھېسابلاشمايلا، ھېچنېمىگە قارىمايلا ئۇرغۇدى. فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى. كەرىمى كەڭ ئاللا، كۆڭلۈمگە ئايان قىلغىنىڭغا شۈكرى، مەن ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرىدىكەنمەن. مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ۋاپا، ئىككى دۇنيا ۋاپا قىلىمەن. بۇ ئويلار كۆڭلۈمگە گويا ۋەھىمىدەك كىرگەندە، گۈلدۈرمامىلىق چاقماقتەك، يورۇقلۇق ۋە بوران چىقارغاندا، غەش ۋە ئاغرىنىشلىرىممۇ، قىزغىنىش، كۆندەشلىكلىرىممۇ، تېڭىرقاش، قورۇنۇشلىرىممۇ بىر يولى تاڭدىكى تۇماندەك تارالدى، يوقالدى. چۈنكى بىر - بىرىگە تەقەززا ھالەتتىكى ئىككى روھ جىپسىلىشىپ قۇدرەت تېپىپ، يېڭى بىر ھايات مۇساپىسىنى باشلىماقچى، يېڭى بىر تۇرمۇشنىڭ،

ھەقىقىي ياشاشنىڭ ئاسمىنىنى ئاچماقچى. بىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان روھلارنى توسۇماسلىقىم، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ھايات دۇنياسىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىقىم كېرەك، ياشىسۇن مۇھەببەت، ياشىسۇن ياشلىق ۋە مۇھەببەت! بىردىنلا كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. لوئىزاغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم تومۇزدىكى دەريادەك تاشقىنلاپ، ئۆمۈرۋايەت تۈگىمەيدىغان دېڭىزدەك داۋالغۇپ كەتتى.

مەن كۆلنى بويلاپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ تۇرماق بولدۇم. ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشكىمۇ، خىيال سۈرۈشكىمۇ پايدىسى تېگەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەمدىلا ئىككى قەدەم مېڭىشىمغا گەينىمدىن كەلگەن بىر جۈپ قول كۆزۈمنى ئېتىۋالدى.

— لوئىزا! — دېدىم مەن خۇشاللىقىمنى ئاران بېسىپ، — سىزدىن باشقا كىمدىمۇ بۇنداق پەرىزاتنىڭ قولى بولاتتى.

— پاھ، ئاشۇرۇپ ماختىغىنىڭىزغا قارىغاندا، مېنى يامان ئەمەس سېغىنغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى لوئىزا شەيتانلىقىنى يەنە باشلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، — كۆپ كۈتكۈزۈۋەتكىنىمگە رەنجىمىگەنسىز؟ ۋاقىتسىز چاغدا ئەلچىخانىغا چاقىرتىشمامدۇ، سىزنىڭمۇ مېنى ئىزدىيەلمىگەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدا چۈشىنىپ، مەنمۇ رەنجىمىدىم.

— تەشكىلاچىلىك، قانداق قىلاتتۇق، — دېدىم مەنمۇ شوخ تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ. خاۋاتىرلىنىشلىرىم، خاپىلىقلىرىممۇ نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كېچىكىشىمۇ ھەر ھالدا كېيىدە تۇرۇپ ئۇچرىشىشقا كەلگەنلىكى يۈرىكىمنى ئويىنىتىۋەتكەنىدى. شۇ ئارىدا خۇددۇمنى يوقاتقاندەك بىر ھالەتتە نەدىندۇر كەلگەن غەيرەت بىلەن چاقچاق ھۇجۇمى قوزغاپ قويغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن:

— خۇش خەۋەر ئاڭلىغاندەكسىزغۇ، بۇدۇر چاچ ئاشىقلاردىن ئەلچى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— بولمىسىچۇ؟ — دېدى ئۇ كۆك كۆزلىرىنى قۇۋلۇق بىلەن قىسىپ خۇمارلاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇدۇر چاچ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەركىلەش ئاھاڭىدىكى چاقچاقلىرىنىڭ ئىچىدە تەئەددە بار ئىدى.

مەن خۇپسەنلىك قىلىپ ئۆز گېپىمنى يورغىلىتىۋەردىم:

— ئۇنتۇلۇش غېمىدە سارغىيىپ رەسىمنى بېرىدىغانلىرى كەپتىكەنمۇ؟!

— رەسىمنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئۇنتۇلغانلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ. ماڭا قارىڭا، ئوبرازىڭىزنى كۆڭلۈمدە ساقلىغاچقا مانا مەن سىزگە نېمىنىڭ بېلىتىنى ئەكەپتىمەن، تېپىپ بېقىڭچۇ، ھە، تاپالمايسىز، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئېسىڭىز، ۋاھ دېگۈدەك ئەمەسمۇ - قانداق؟ بالا تېخى كىچىككەن - دە ھا... ھا... ھا...

ئۇ ماڭا گالۋاڭلىقىمنى، نادانلىقىمنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ھېلىقى رەسىمدىكى بۇدۇر چاچ سېرىقتا نەشتەر تەگلىگەنلىكىمدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، مەن چىداپ جاۋاب قايتۇرمىدىم.

ئۇ كېمە باشقۇرۇش جايىدىكى تەكشۈرگۈچىگە بېلەتىمنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، بىز كۆرسىتىلگەن قولۋاققا چىقتۇق.

پالاققا ھەر ئىككىمىز تەڭ دېگۈدەك قول سوزۇپ قالدۇق، لېكىن ھەر ھالدا مەن ئۇنىڭدىن تېزرەك بىر ھەرىكەتتە پالاقنى تۇتۇپ ئۈلگۈردۈم. قىيىقنى كۆچەپ ئىتتىرىپ كۆل يۈزىگە چىقىرىپ تېز - تېز ھەيدەپ كەتتىم. قىيىق يۈكسەكتە شاخ-لىرى قىڭغايغان بىر تۇتاش كۈنلۈكلەر قاتارىنى ئەسلىتىپ سۇغا ئېگىشكەن توقايلىقلارنىڭ كۆلەڭگۈلىرىدە ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. مەن قىيىق تۇمشۇقىغا ئارقامنى قىلىپ، لوئىزاغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ پالاق ئۇراتتىم. لوئىزا كۆزلىرىنى بىردەم سۇغا تىكتى، ئاندىن يىراقلارغا يۆتكىدى. كېيىن زېرىكتىمۇ قانداق، يانپاشلاپ يېتىپ، پالاق ئۇرۇشۇمنى كۆزەتتى. تۇساتتىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قىيىقنى ئىككى ياققا چايقاپ مېڭىپ قېشىمغا كەلدى:

— قېنى، پېقىرمۇ بىر ئۇرۇپ باقايچۇ، بىردەم جىم ئولتۇرۇپ بېرىڭا، بالىجان.

ئۇ مېنىڭ قارشىلىقلىرىمغا ئۇنىماي پالاقنى تارتىۋېلىپ، ئۆرە تۇرغىنىچە ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن بويسۇنۇپ جىم بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. قىيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە ئۆتۈپ تاختا سۇپىغا سوزۇلۇپ ياتتىم. كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەيتتى. قۇلىقىمغا پالاقنىڭ بىر خىل رېتىملىق ئالدىرىماي شالاپلىشى ئاڭلىناتتى. ماڭا قىيىق خۇددى بىر ئىزدا توختاپ چايقىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئاستا ئۆرۈلدۈم، دۈم بولۇپ سۇغا قارىدىم، قىيىقنىڭ قارلىغاچتەك يېنىك ئۇچۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم - يۇ، باياتىن-قى ئوڭايسىزلىقتىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدىم. قىلىشقا گەپ تاپالمىغانسېرى جىددىيلەشتىم. كاللام كاڭۋا بولۇپ قالغاندەك سەزگۈسىز، ئېغىر ئىدى، قولاشمايتتى. ئۆزۈم ئۆزۈمگە ئەزەلدىنلا گەپ قىلىشنىمۇ، پىكىر يۈرگۈزۈشنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەمدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مېڭەمدە باياتىنقى ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن چاغدىكى ئوي - پىكىرلەرنىڭ بىرەرىدىن ئىزنامۇ قالمىغانىدى. لوئىزاغا قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەن بولۇپ، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىن-مەس كۈلۈمسىرەيتتى. چىرايىدا باشقا ئالاھىدە بىرەر ئىپادە يوق ئىدى. قىيىق قىرغاق بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى سوراپ باقاي دەپ يەنە يالتايدىم، بەرىبىر ئەمەسمۇ. كۆزلىرىمنى قىرغاققا تىكتىم. قۇياش نۇرىدا چاقناپ يېيىلىپ ياتقان دەرەخلىك قىرغاق سۇدا تىترەۋاتقان ئەكسى بىلەن بىللە ئارقىدا قېلىپ باراتتى. جۇلالانغان يېشىل دولقۇنلار لەۋ سوزۇپ ئۇنى سۆيەتتى. ئارقىمغا قاراپ ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن سۇ چۈشكە ئوخشايتتى. سۇنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىكى بۇ مەنزىرىلەر ماڭا گويا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاندەك يېڭى تۇيۇلۇشقا باشلىدى. كۆڭلۈم بارغانسېرى ئېچىلدى. قىيىق ئىككى دوقمۇشتا كەسكىن بۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن بىردىنلا تونجى تونۇشقان كۈنى ئارزۇلىغان توقايلىققا يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى بايقىدىم.

— ئۇنىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كەتتىمۇ، يىگىت؟ — دېدى لوئىزا بىر ھازا جىملىقتىن كېيىن، — ھېلىقى كۈنى مەن بەرگەن تېلېفوننى ئالغان قىز بىلەن بۇياقلارغا كېلىپ باققان بولغىيدىڭىز؟

كاللامغا بىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولدى. ئۇ چاتچاقتا يۆلەپ قۇرۇق-قۇرۇق بۇدۇر چاچلىقنىڭ رەسىمى ھەققىدىكى باياتىنقى گەپلىرىم ئۈچۈن ئۆچ ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى تەنىنىڭ نەشتىرى روشەن بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ماڭا گويا ئۇ ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلدۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدى. مېنى ياخشى كۆرمىسە خەقتىن قىزغانماس ئىدى، دېگەن خىيال كاللامدىن چاقناپ ئۆتتى.

— سىزدىن قورقماي ئۇنداق كېلىشكە ھەددىممىدى!

— قورقمىسىڭىز كېلەرمىدىڭىز تېخى، يىگىت؟ ھا... ھا... ھا...

ئۇ گويا ئۇستا جادۇگەردەك، باياتىنقى جۇدەسىنى ئەمدى يېشىپ، مېنى ھەرىكەتسىز ھەيكەللىك ھالىتىمدىن تىرىك ئادەمگە قايتۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. مەن چىن مەنىگە تولغان مۇھەببەتنىڭ قەلبىمدە كۆل سۈيىدەك داۋالغۇشقا باشلىغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئىشەنچ، ئىنتىلىش شامىلى كۆڭۈل-كۆكسۈمنى غەشلىك بۇلۇتلىرىدىن تازىلىغاندەك، سەمىمىيەتنىڭ نۇرىنى چاچقاندەك بولدى. غەم-غۇسسە، خۇدۇكسىرەش، قورۇنۇشلارنىڭ يۈكلىرىدىن بىر يولى ئازاد بولدۇم. ئۆپچۆرەمدىكى نەرسىلەرمۇ جۇدەنىڭ كۈچىدىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئەسلىگە قايتىپ جانلىنىشقا، نۇرلىنىشقا باشلىغاندەك تۇيۇلدى.

— ئارزۇلۇق ماكانغا بارغۇدەكمىز...

— ئېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىمىسام تۇتۇق بەرمەيدىكەنسىز.

— دائىم بىللە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق كۆڭۈل ياپرايتتى. شۇنداق بولۇشىنى تىلەيمەن.

— شاۋ-شۇدىن بىردەم نېرى بولايلىچۇ، بۇ جاي كۆڭۈل ئارامگاھىكەن.

قېيىق سايازغا كېلىپ تىرەلدى. مەن قېيىقنىڭ سىلكىنىشىدىن كۆرە ھودۇقۇشتىن دەلدۈگىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس-تاماس قالدىم. لوئىزا مېنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ كۈلدى.

— قىزدەك ۋىلىلدە قىزىرىدىكەنسىز جۇمۇ، سويمەك دېسەم ئۇنىمايسىز، تېخى.

ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بىر خىل توك ئېقىمى ۋۇجۇدۇمنى بويلاپ ئېقىپ ئۆتكەندەك بولدى. مەن ھەتتا ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان تۇتۇق بىر ئۈمىد جىنىمغا شولىسىنى چۈشۈرۈپ ئۆتتى.

بىز چىمەننى بويلاپ يۇقىرىغا چىقتۇق. بۇ كەڭ توقايلىق بولۇپ خىلۋەت، تىنچ، ئارامبەخش ئىدى. بىر-ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنىدى، ئۇلارمۇ دالدا ئىزدىگەن ئاشىق-مەشۇقلار بولسا كېرەك. دەرەخ ۋە گۈللەر ئارىلىرىدا قىمىر-

لىشىپ سىڭىپ كېتىشتى. مانا شۇ چاغدىلا مەن لوئىزانىڭ مېنى يۆلەپ ئەمەس، بەلكى ئىتتىرىپ، سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ خىجىل بولدۇم. دەرھال دېدىللىشىپ، بىلەر-بىلمەيلا ئۇنى قولتۇقلىۋالدىم. ئۇ بۇرۇلۇپ، كىشىنى ئەپتۇن قىلىدىغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ماڭا تىكتى. كۆزۈمگە ئۇنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن تەبىئىي قايرىلما كىرپىكلىرى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— يىگىت دېگەن مۇنداقراق بولمامدۇ، بولمىسا سىزنى سۆرەيمەن، دەپ يېقىلىپ قالمايمەنمۇ بۇ ئايدالىدا.

— بىللە يىقىلغان جايىمىز جەننەت بولاتتى.

— ياۋاشىنىڭ مۆڭگۈزى ئىچىدە، دەپ خېلى ھۇنەر چىقارغىلى تۇردىڭىزغۇ قېلىن، ھوم...

ئۇ ئەركىلەپ دورەمدىن بوش ئىتتەردى، كېيىن بىردىنلا يۇلقۇنۇپ قولۇمدىن چىقتى-دە، دەرەخلەر ئارىلاپ كىيىكتەك تاقلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— قېنى، مېنى قوغلاپ يېتەلەمسىزكىن؟!

ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى، ۋارقىرايتتى. مەنمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپلا جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدىم.

— يېتىۋالساڭچۇ، تۇتۇۋالسام لەۋلىرىڭىزگە تامغا باسىمەن.

ئۇ گۈللۈكلەرنى ئايلىناتتى. دەرەخلەرنىڭ كەينىگە بېكىنەتتى. تەكشى قىرقىلغان يۇمىلاق شەكىللىك ئارچا كۆچەتلىرىنى دالدا قىلىۋېلىپ، مېنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ، ئۇياق-بۇياققا چاپتۇراتتى. كۆڭلىكنىڭ گۈللۈك ئېتەكلىرى لەپىلدەپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى كىيىكنىڭكىدەك چاققان، پەرىزاتنىڭكىدەك گۈزەل ئىدى. ئۇ مېنى كۆپ ھاياجانلاندۇردى، كۆپ ئاۋارە قىلدى. ئۇ بىر چاتقالنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە چۆپ ئارىسىدىكى سۇ تورۇبىسىغا پۇتلىشىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا راستىنلا كۆزۈم يەتمىگەنىدى. مەن چاتقالنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئۇدۇل چىقىپ قالدىم. تۇغما تۇيغۇدا ئالدىمغا سوزۇلغان قوللىرىم يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان لوئىزانى تۇتۇپ ئۈلگۈردى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت گۈركىرىگەن سادا كەلدى. گۈللەرنىڭ بەرگ-نەھاللىرىنى ئۇرۇپ، سوقۇپ ئۇچۇرۇپ، دەرەخ شاخلىرىنى قايرىپ سۇندۇرۇپ، دەھشەتلىك پىرقىراپ بىر قارا قۇيۇن باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ يەردىن چىقتىمۇ، كۆكتىن چۈشتىمۇ بىلەلمەيلا قالدىم. دەرەخلەر ئاستىدىن ۋارقىراپ قېچىپ چىققان بىر جۈپ قىز-يىگىت ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ، بۆرە قوغلىغان جەرەن بالىلىرىدەك ئۆلەر-تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈردى. يىگىت قاشىنى ياقىلاپ قېچىۋېتىپ بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ كەتتىمۇ قانداق، تېيىلىپ مۆدۈرۈلۈپ كۆلگە چۈشۈپ كەتتى. بىزمۇ قول تۇتۇشۇپ جېنىمىزنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ دالا تەرەپكە قاراپ قاچتۇق. بىراق قۇيۇن ئوچۇقچىلىقتا بىزگە قوغلاپ يېتىشىۋالدى. بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرمەيلا ئۇنىڭ ئايلانما چەمبىرى ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چۈشۈپ قالدۇق. لوئىزا ماڭا ئېسىلدى. مەن لوئىزاغا يېپىشقىنىمنىلا بىلىمەن، قۇيۇن غەزەپلەنگەن غايەت زور پاخپايغان ئۇزۇن چاچلىق ئالۋاستىغا ئوخشاش شىددەتلىك، تېز ۋە رەھىمسىز چۆرگىلەيتتى. بىزنىڭ يۈز-كۆزلىرىمىزگە توپا-چاڭ چېچىپ، باشلىرىمىزنى قايدۇرۇپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش دەھشىتىدە پىرقىرىتىشقا باشلىدى. بىز بىر-بىرىمىز بىلەن چىڭ گىرەلىشىپ قالدۇق. قۇيۇننىڭ ساراڭلارچە پىرقىراپ ئۇچۇرتۇپ مېڭىشىغا بۇنىڭدىن ياخشىراق تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ يوق ئىدى. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندە، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىرماشقان-چىرماشقان ھالەتتە گۈللىرى چەيلەنگەن چۆپلۈكتە يىقىلىپ ياتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. بىرىنچى بولۇپ مەن ئېسىمگە كەلدىم. بېشىمنى سەل كۆتۈرۈۋىدىم، كۆزلىرىم قىزنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى قورشاۋىدىكى كۆك كۆزلىرىگە، تال-تال سىزىقچىلار بىلەن تولغان گىلاستەك قىزىل لەۋلىرىگە، كۆڭلىكىدىن يېرىم-ياتا چىقىپ تۇرغان نازۇك ئاپئاق يەلكىلىرىگە چۈشتى. غايىبتىن پەيدا بولغاندەك بىردىنلا پارتلىغان يالقۇنلۇق بىر ھاياجان، ھارارەتلىك بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئەقلىمنى خىرەلەشتۈردى. قىزنىڭ كۆڭلىكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇشتەك چوڭ، تاشتەك چىڭ كۆكسى مېنى ئازدۇردى. سىرلىق خىياللار ئالىمىگە، قانماس ئارزۇلار قاينىمىغا ئېلىپ كىردى. غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ماگنىتتەك ئۆزىگە بىراقلا تارتتى. مەن جۇدە قىلىنغاندەك قارشىلىق كۈچلىرىمدىن بىر يولىلا ئايرىلدىم. چىداپ تۇرالماي ئەسەبىيلەرچە ئۇنىڭغا تاشلىنىپ، بىر تۇتام ئەۋرىشىم بېلىنى قوللىرىمدا يۆگەپ مەھكەم قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىدىن شوراپ سۆيۈشكە باشلىدىم. بىراق، لوئىزا يۇلقۇنۇپ بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. مېنى قوپاللىق بىلەن قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مەن قورقۇمسىراپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى، ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن ماڭا قىيا كۆزلىرىدە بېقىپ دېدى:

— نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ تۈزۈكرەك جايدا ئولتۇرايلى.

مەن مۇھەببەت چۈشىدىن تېخى تولۇق ئويغانمىغان ئادەمدەك خۇشال، ئەنسىز، مەستانە، ئەقىلسىز ھالەتتە ئىدىم. سۆيگۈ مەستلىكى تېخى تۈزۈك يېشىلمىگەنىدى. لوئىزانىڭ دېگەنلىرىنى ماشىنا ئادەمدەك توغرا ئورۇندىدىم. ئىستائەتمەنلىك بىلەن كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭدىم.

بىز قويۇق چاتقاللار ئارىسىغا سېلىنغان بىر پارچە كىچىك گىلەمگە ئوخشايدىغان چىمەنلىكنى تالىۋالدۇق. بۇ كىچىك تۆپىلىكتىكى چاتقاللار پاكار - پاكار ئۆسكەنىدى. مەن چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا ئولتۇردۇم. ئوڭ تەرەپتىكى دەرەخلىكلەر تېخمۇ نېرىراقتىكى ياپيېشىل ئېتىزلىقلار بىلەن گىرەلىشىپ ياتاتتى. ئېتىزلىقلارنىڭ يىراق چېتىدە بەھەيۋەت سېپىلدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ھەرە چىشلىرىدەك چاقماق نۇرى سەكرەپ چىقىپ يالتىراپ ئۆچتى. سول تەرەپتىكى كۆل بېتى ئۆگدەپ ئۇپۇققا يانتىيىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرلىرىدا ئالتۇن سۇيى يۈركۈلۈپ سېھىرلىنىۋاتقان يوغان سىلىق زۇمرەت تاشتەك ئاجايىپ كۆركەم، رەڭدار تۇستە تاۋلىناتتى. يىراقتىكى قېيىقلار خۇددى باللار قەغەزدىن ياساپ قويۇۋەتكەن ئويۇنچۇقلاردەك يالتىراق كۆك ئەينەك ئۈستىدە لەرزان سىرغىپ يۈرەتتى. لوئىزا نەم چىملىققا ئەدىيالنى يايدى، مەن سومكىدىن مېۋە، كونسېرۋا، قىيام، ئۇسسۇزلۇقلارنى چىقاردىم. لوئىزا پىششىق توخۇ گۆشى، ئامېرىكا پىرەندىكى، كەمپۈت، گازىرلارنى ئالدى. بىز روبىرو ئولتۇرۇپ ئېلىك، بېقىنىك، دەر بىر - بىرىمىزنى مېھمان قىلىشتۇق، ئاندىن كېيىن گازىر چاققاچ پاراڭغا چۈشتۇق

مەن ئۇنىڭدىن بىرەر قۇر ھال - ئەھۋال سورىدىم. يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى قاتىلاڭچىلىقلارنى تىلغا ئېلىپ، ئىزدەپ بارالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم. ئۇ ئاڭلاپ يەڭگىل نازلىق كۈلۈپ قويۇپ تىڭشايتتى. بىرە سىرەن گەپ قىستۇرۇپ جاۋابمۇ بېرەتتى. ياتىقىمغا ئۇنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغان خەنزۇ قىزنى ماڭا چېتىپ چاقچاق قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ مەن بىلەن ئوبدان ئۆتىدىغان خىزمەتدىشىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتتۇم. كېيىن - كېيىن بېرىپ يەنە نېمىلەرنى سۆزلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراشقا باشلىدىم. بىر قارىسام، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشەلمەي كېلىۋاتقان تەڭتۇش تۇغقان، دوست، يار - بۇرادەردەك يېقىن ياكى ئۇلاردىنمۇ چارە تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا ئىچ - قارنىمنى تۆككۈم، ھەممە نەرسە توغرىسىدا سۆزلىگۈم، باللىقتىكى شېرىن چۈشلىرىمنى، ياشلىقتىكى بەڭباشلىقلىرىمنى، ئارزۇ - ھەۋەس، كەچمىش - كەچۈرمىشلەر، سۆيگۈ شادلىقلىرى ۋە ئازابلىرىنى...، سۆزلەپ بەرگۈم كېلەتتى. بىر قارىسام، ئۇشتۇمتۇت قويىنى نامەلۇم قاراڭغۇلۇققا يولۇققان ئادەمدە بولىدىغان تەمتىرەش ئەقلىمگە ئاقۇش مانان ياياتتى. ئاخىرى تۈگمەستەك ھېس قىلىنىۋاتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەقلىمگە، تىلىمغا كەلمەيۋاتاتتى. مەن يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. قۇياش ئۇپۇققا

www.uyghurkitap.com

يېرىم پاتقان بولۇپ، كۆز يېتىم جايلار ئاجايىپ گۈزەل سېھرىي مەنزىرىنىڭ كارامەتلىك قۇچىقىدا ئەتىگەندىكى توز قۇيرۇقىدەك رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ ياتاتتى.

— قەيسەر، — دېدى لوئىزا ئۇشتۇمتۇت يېپەكتەك يۇمشاق ئاۋازدا.

— لەببەي.

— بىراقلا ئېغىر بېسىق بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، چاقچاقلىمۇ ئوت تۇتاشتۇرالمايدىكەنسىز. قارىغاندا، سىز مەن ئويلىغاندىنمۇ ياۋاش ئوخشايسىز.

مەن ئۇنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە سەپسىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇرۇلۇپ قاراشقا پېتىنالماي ئولتۇرۇۋەردىم.

— بەلكىم.

— تاماشا ياخشى بولۇۋاتقاندۇ - ھە؟...

— ئۇنى بىر دېمەك، — دېدىم مەن يېڭى تېما چىققانلىقىدىن خۇرسەند بولۇپ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، — قانداق ياخشى كەچكى مەنزىرە، جېمىكى نەرسە شۇنچە گۈزەل، بەلكى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈشىمۇ...

— مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ ئۆتمۈش - كەلگۈسىمۇ گۈزەل؟

— ئەھ ھە، — دېدىم مەن تېڭىرقاپ، — ئەلۋەتتە گۈزەل، ئۆتمۈشىڭىزدىنغۇ ماڭا ھېچنەرسە سۆزلەپ بەرمىدىڭىز، شۇنداقتىمۇ گۈزەل بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھېلىقى بۇدۇر چاچلىق...

— ماڭا قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئۇ بىردىنلا يۇمشاق ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — بۇ ھەقتە مەن سىزگە ھازىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي، كېيىنكى كۈنلەردە قايتا تەگمەمەك. ئۇ يىگىت ماڭا تۇغقان، ساۋاقداش كېلىدۇ. راستىنى ئېيتسام، بىر مەزگىل ياخشىمۇ كۆرۈشكەن. بىراق ئۇ ئەمدى يوق.

— بىرەر قاتناش ۋەقەسىدە...

— ئىككى يىل بۇرۇن ئامېرىكىغا كەتكەنىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي «مېنى كۈتمەڭ» دېگەن ئىككى ئېغىز ئادرېسسىز خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئامىتى كېلىپ بىراقلا بېيىپ كەتكەنمىش. ھايات يولىمىز ئوخشىمىدى. ئۆتمۈش خاتىرىسى سۈپىتىدە رەسىمىنى ساقلاپ قويغىنىم بىلەن ئۆزىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن. لېكىن بىز بۇنداق خۇسۇسىي ئىشلارغا دوستلارنىڭ قىزىقىشىنى ياقتۇرمايمىز.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئانچىكى قىزىقىپ... مەن، مەن چاقچاق قىلىپ...، — دېدىم مەن گېپىمنىڭ باش - ئاخىرىنى باغلاشتۇرالماي.

— ئەمىسە، كەلگۈسىم گۈزەل بولىدىكەن - دە، سىز كېپىللىك قىلىدىغان بولدىڭىز - ھە؟ ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟

ئۇ تولىمۇ دىلكەش، مېھرىبان بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بۇ سوئال، بۇ

يېقىنچىلىق قىينىمىنى دولقۇنلاندۇردى. مەن نامەلۇم بىر خىل يوشۇرۇن كۈچنىڭ تەسىرىدە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا پاكلىق بىلەن مۇلايىملىق جىلۋىلىرى بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، قەلبى ئاجايىپ سىرلىق ھاياجانغا تولغاندەك ئىدى. كۆزلىرىدە يۈرەكنى سۇغۇرۇۋالىدىغان، جاننى سۈرەتكە تارتىدىغان نۇر ئويناۋاتاتتى. نېپىز قوش قاپاقلىرىنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرىدە تەسۋىرلەپ بولغۇسىز جۇشقۇن ھېسسىيات ئۇرغۇيتتى. ئۇ ماڭا خۇددى مېنى ئەلگىرى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئۆز ئۆزىنىمۇ، دۇنيانىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىمىر قىلماي تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەبەسسۇمىدىكى مەنىنى مەن چاتما رەسىملىك كىتابتىن ئوقۇۋاتقاندەك ياكى ئېكراندىكى ۋەقە باياندا كۆرۈۋاتقاندەك ئېنىق پەرق قىلدىم. بۇ تەبەسسۇمدا خۇشاللىق نۇرلىرى، ھاياجان جىلۋىلىرى چاقنايتتى، ياشلىق ئوتلىرى لاۋۇلدايتتى. ئاھ، بۇ كۆزلەرنىڭ جانلىق كىتاب، خىسلەتلىك ئېكران، خۇمارلىق دۇنيا ئىكەنلىكىنى بۇرۇن نېمىشقا بايقىمىغان بولغىيتتىم. مەزمۇنى رەڭگارەڭ بۇ دۇنيادا چاقماقلار كۈلكىلىرى، تىنجىق سۈكۈتلەر، ياش يامغۇرلىرىمۇ، قارلىق تاغ سوغۇقلىرى، قۇملۇقلار بورانلىرى، دېڭىز ئاسايىشلىقىمۇ، قەپەستىكى بۇلبۇللار پەريادى، بۇغىلار ئىنتىلگەن ئورمان، يولۋاسلار ھۆركىرىگەن تاغلارمۇ بار. ئۇ يەردىكى كۆپكۆك ياپراقلاردا شەبنەملەر ئۇخلايدۇ، كېچىلەر قۇچاقلىرىدا سۈبھىنى ئەللەيلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتاپتىكى چۆل ئىززىتقۇسىمۇ، جەننەت گۈللىرىمۇ، دوزاخ ئوتلىرىمۇ جۇلا قىلىدۇ. مەن ئۇ كۆزلەرگە ئۇزاق - ئۇزاق قانماي تىكىلدىم. خۇددى تۈۋى يوق تۇمانلىق ھاڭغا، چېكى يوق كۆك ئاسمانغا، دۇغى يوق زۇمرەت دېڭىزغا تىكىلگەندەك، نائېنىق بىر نەرسىنى ئاختۇرۇپ تاپالمايۋاتقان ئاۋارىكەشتەك، سېھىرلەنگەن مەپتۇن غېرىبتەك قادىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۇ يەردە قانداقتۇر بىر نەرسىدىن چېچىلىۋاتقان نۇر جېنىمنى سىمابتەك ئېرىتىپ، تىترىتىپ يالتىرايتتى. ئۇ بەلكى بۇ تۈۋى يوق تۇمانلىق ھاڭ بوشلۇقىدا تىترەپ تۇرۇۋاتقان كۆكۈش تىلسىم نۇر بولغىيدى. بەلكى چېكى يوق ئاسماندا پارلاۋاتقان يۇلتۇز، تېگى يوق دېڭىز سۈزۈكلۈكىدىكى گۆھەردۇر. بۇ يۇمران لەۋلەردە قىزىلگۈلنىڭ جەۋلانى، بۇ يالتىراق چىشلاردا مەرۋايىتنىڭ جىلۋىسى، بۇ ئۇزۇن بۇدۇر چاچلاردا ئىپارنىڭ خۇش پۇرىقى، بۇ تۈكلۈپ تۇرىدىغان قاش - كىرپىكلەردە مۇھەببەت دۇنياسىنىڭ يوشۇرۇنغان سېھرىي شولىسى بار. ئاھ، نازىنىن گەۋدە، ئاھ، قاردەك ئاق نازۇك يەلكىلەر. ئاپئاق بويۇنغا ئۇستىلىق بىلەن بىر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىرايلىق باش، بۇلار پاك مۇھەببەتنى تولۇق جىلۋىسى، ھەقىقىي ھاياجانلىرى بىلەن نامايان قىلىپ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىشكە باشلىدى. قارىسام قارىغۇم كېلەتتى. قوش يۈرەكنىڭ بىر-بىرىگە تەلپۈنۈشىدىن پەيدا بولغان بەختلىك سېزىملار ئاخىرى چاقماق چاقتى.

— قەيسەر، سىز مېنى ياقتۇرامسىز؟ — بىردىنلا پىچىرلاپ دېگۈدەك نازلىق خىتاب قىلدى لۇئىزا، ئۇ قولىنى سوزۇپ، بارماقلىرىمغا تەگكۈزدى. ماڭا تەلەيىنىڭ شانلىق نۇرى كۆرۈنگەندەك بولدى. قولۇمغا چوغ تەگكەندەك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ۋاي دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. نەچچە كۈندىن بېرىكى شۈبھە، ئاغرىنىش، ئەنسىرەش، خاپىلىق، خىجىللىق، قورقۇش، ئازابلار ئۆتكۈنچى ئاغرىقتەك ئۆتۈپلا بىراق ئۇنتۇلدى. يامغۇردا يۇيۇلغان چاڭ - توزاندەك، نۇرنى كۆرگەن قاراڭغۇلۇقتەك ئىز قالدۇرمايلا يوقالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى قان پورۇقلاپ قايناپلا كەتتى.

— لوئىزا جېنىم، مەن سىزنى سۆيىمەن!

— قەيسەر، قەدىرلىكىم، مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن!

ئۇنىڭ يۈرەكتىن چىقىۋاتقان تىترەك ئاۋازى، كۆزلىرىدىكى ئوت شولىلىرى، يۈز، قول ھەرىكەتلىرىدىكى ھولۇقۇش، ئىچكى ھېسسىيات ھەرىكىتىدىن، يالقۇنلار ئېقىمى ھالىتىدىن روشەن، مەنىلىك ئىپادە بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئىپادىلەردە مۇلايىم تارتىنچاقلىق، ئۆتۈنۈش، نالە ۋە ئۈمىد، ئىشەنچ ھەم مۇھەببەت بار ئىدى. بۇ ھاياجاندا نەپەسنىمۇ بوغۇپ ھاسىرىتىۋېتىغان مۇھەببەت بار ئىدى. بىر - بىرىمىزگە تەلپۈنگەن ھالەتتىكى ئىككىمىز بىر - بىرىگە ئىنتىلىپ تۇرغان ئىككى ھەيكەلگە، ئىككى چوققىغا، ئىككى چاقماقتا ئوخشاپ قالغانىدۇق، ئۇچراشاقلا سۇ چاچرىشى، ئوت چاقنىشى تۇرغان گەپ ئىدى. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تەڭداشسىز بىر ھېسسىيات تومۇزدىكى تاغ كەلكۈنلىرىدەك بېسىپ كىردى. باشقا ھېچكىم بېغىشلىيالمايدىغان چەكسىز لەززەتلىك، قارشىلىقلارنى ئېرىتىۋېتىش خىسلىتىگە ئىگە قۇدرەتلىك بىر ھاياتىي ئېقىم تومۇرلىرىمغا شۇرقىراپ قۇيۇلدى. يۈرىكىم دۇنيانى ئۇنتۇپ مەست بولدى. لوئىزاغا قانداق تاشلانغىنىمنى بىلمەيمەن. نازۇك ئەتىرگۈل غۇنچىسىنى قايرىغاندەك قايرىپ، لەۋلىرىنى كەمپۈت شۈمىگەندەك شۈمۈشكە باشلىدىم. ئويماق ئېغىزىدىكى مەسۇم خۇشپۇراق دىمىغىمغا لەززەت بېغىشلىغاندا، ھوشۇمدىن ئايرىلغىلى قىل - قىل قالدىم. كاللامغا سۆزمۇ، ئويمۇ، ھېچنەرسە كىرمەيتتى. پىكىرلىرىم شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن خازانلاردەك غايىب بولغان، ئەقلىم پەقەت ھۇزۇر جەريانىنى نەپىس سېزىملاردا جىمجىت ھېس قىلىشقا بېرىلىش بىلەنلا بەنت ئىدى. لوئىزامۇ ھېچقانداق سۈنئىي قارشىلىقلاردا بولمىدى، ئەكسىچە، ھاياجانلىق ۋەسۋەسە ئىچىدە غەرق مەست بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شۇ تاپتا بۇ تۇمۇچۇقتەك ئوماق قىز گويا مېنىڭ كۆز گۆھىرىم، شېرىن جېنىم ئىدى. مۇھەببەت تۆت ئەتراپىمغا تەڭ نۇر چېچىۋاتاتتى. مەن ئېزىتقۇغا ئۇچرىغاندەك، جىن ئېسىنى سېلىپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم. مۇھەببەت مېنى باشقۇرۇۋاتقان بىردىنبىر تىلسىم كۈچكە ئايلانغانىدى. مەن كونتروللۇقىمنى يوقاتقاندەك، مۇھەببەت ئىستەكلىرىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتىم. ھېچنېمىگە قارىماي، ھېچنېمىنى ئويلانماي ئۆزۈممۇ سېزىپ - سەزمەي تۈگمىلىرىنى ئېچىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنى يېرىم يالىڭاچ قىلدىم. ئۇ قىمىرلىماي تۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئەپيۇن خۇمارلار ئەپيۇنغا ياماشقاندەك بىر - بىرىمىزگە ياماشتۇق. مەن ئۇنىڭ تەبىئىي خۇلق - قىلىقلىرىنىڭ جاننى ئويغىتىدىغان نازىشلىرىغا، ئەركىلىتىشلىرىگە بويسۇندۇم. ئۇ مۇھەببەت ئۆرتەۋاتقان جېنىنى سەممىمىي ساداقەت

بىلەن مېنىڭ جېنىمغا قوشماقتا، تاپشۇرماقتا ئىدى. پۈتكۈل ئەزايى بەدىنىم گويا
ئىچىمدە بوران سوقۇۋاتقاندەك، يانار تاغ پارتلاۋاتقاندەك ئەسەبىيلەرچە لىڭشىيتتى،
قاتتىق تەۋرەيتتى. لوئىزا جان ساداسىدا نازلىق ئېكرىنغاندا قوشۇمىسى شېرىن ئازاب-
تىن سۆلكەت بىلەن تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى ھاياجانلىق تۈيۈلۈش تىترىكىدە ئانار دەك
قىزىرىپ كەتتى. مۇھەببەتنىڭ نازۇك سىرلىرى شۇنداق يېشىلگەندە بەختتىن يۈرىكىم-
نىڭ توختاپ قالمىغانلىقىغا، يېرىلىپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيرانمەن. شېرىن، چوڭقۇر،
قايناق سۆيگۈ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. شۇ قىسقا ۋە ئۇنتۇلماس دە-
قىقىلەرگە پاكلىق، پىداكارلىق، ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇش روھى سىڭىپ كەتتى، تامغى-
سىنى بېسىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەبەدىيلىككە، يۈكسەكلىككە مەنسۇپ قىلىپ
كەتتى. بۇ ئۆمرىمىزدە قايتا تەكرارلانمايدىغان ئالتۇن پەيت ئىدى. ھاياتىمىزدىكى
شېئىرىيلىققا ئەڭ باي يارقىن پەيت ئىدى. لوئىزاغا بولغان چىن ئىخلاسىم يۈز ھەسسە
كۆچەيدى. بۇ مەلىكىدەك مەغرۇر، ئاققۇدەك نازۇك تەبىئەتلىك ياۋروپائەركىسىنىڭ، تالانت-
لىق رەسسامنىڭ مېنىڭدەك ئاددىي بىر يىگىتكە شۇنچە چەكسىز لەززەت بېغىشلايدى-
غان ئوماق نازىنىنىغا ئايلانغانلىقىنى ھۇزۇر بەخش تەسىراتلار ئەمەلىيىتىدىكى ھەي-
رانلىق ئىچىدە ھېس قىلدىم. مەن چەكسىز خىيالىي يۈكسەكلىككە ئۆرلىگەندەك، ما-
ھۇق بۇلۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈپ، جەننەت پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك بولدۇم. بۇ
شۇنداق ئىچكى دۇنيانى زىل - زىلىگە سالىدىغان قۇدرەتلىك قەلب ئالماشتۇرۇش، روھنى
روھقا ئوت بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىدى. ھەم تاتلىق، ھەم ئازابلىق بۇ جەريان بىزگە
تۇرمۇشنىڭ يېپيېڭى مۇقەددەس بىر ئىشىكىنى ئاچتى. ئالدىمىزدىكى ھەم ناتونۇش
ھەم تونۇش يېڭى دۇنيانى كۆرۈپ ھەر ئىككىمىز دەماللىققا ئېسىمىزگە كېلەلمەي گا-
راڭ ھالەتتە تۇرۇپ قالدۇق. چاقماق چېقىپ ئۆچكەنچە بولغان مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت
ئىچىدە بىز تۇغۇلغاندىن بۇيان كۆرگەنلىرىمىزدىنمۇ كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈر-
گەندۇق. توۋا، بىر دەقىقىدە بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتنىڭ مەزمۇنىنى ياشاپ، مۇساپىسىنى
بېسىپ تۈگەتكىلىمۇ بولىدىكەن - ھە، بۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ھاياتلىق ھەققىدىكى
چوڭ بىر بايقاش، چوڭ بىر ئىلىم ئىدى.

لوئىزا ئالدىمدا سۇنايلىنىپ يېتىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ھارغانمۇ ياكى ۋىسال
پەيزىنى سۈرۈشنى ئۈنسىز داۋاملاشتۇرۇۋاتامدۇ، بىر نېمە دېمەك قىيىن ئىدى. ئۇ
كۆزۈمگە چىمەنلىكتە سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ ياتقان پەرىشتىدەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ
چىرايىدىن سەبىيلەرنىڭكىدەك پاك نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇ نۇرلار ئۇنىڭ ئىچكى
دۇنياسىدىكى خاتىرجەملىك، جىمجىتلىق، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىقنى ئىپادىلەپ تۇ-
راتتى. ئۇ گويا ئاجايىپ چىرايلىق قەدىمىي رىم ھەيكىلىدەك ياتاتتى. ۋىناسىنىڭ
ھەيكىلىدىن قېلىشمايدۇ، دېگەن بىر خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى. لېكىن، ھەرقانداق
كارامەتلىك ھەيكەلنىڭمۇ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئۆز ئىپادىلىرىدە كىشىنى بۇنچە ھايا-
جانغا سالغۇدەك ئىپادىلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھالبۇكى، لوئىزانىڭ تەققى -
تۇرقىدا ئۆزىنىڭ بارلىق پىكىر - تۇيغۇلىرى سېھىرگەرنىڭكىدەك ئېنىق گەۋدىلىنىپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى.

بىز ئورنىمىزدىن قوپقاندا، ئۇچار قۇشلارمۇ، يوپۇرماقلارمۇ، شاماللارمۇ شىۋىرلاپ، مۇھەببەتنى كۈيلەۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. گۈل - غۇنچىلار، تال - چىۋىقلار شادىيانە ئۇسسۇل ئويناپ، مۇھەببەتكە تەنتەنە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار گويا بىزدىن مۇھەببەتنىڭ شۇنچە تاتلىق، دۇنيانىڭ شۇنچە كۆركۈللۈك ئىكەنلىكىنى نېمىشقا بالدۇرراق بايقىمىدىڭلار، دەپ سوراۋاتقاندەك، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىڭلارغا ئېسىت، دەپ ئېچىنىپ باش چايقاۋاتقاندەك قىلاتتى. ھاۋا ئادەتتىكىدىن ساپ، گۈگۈم ئادەتتىكىدىن يېقىملىق، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېھىرلەنگەندەك گۈزەل بىلىنىدى. كۆڭۈللەر شادلىقتا يايراپ، كۈن نۇرى بىلەن تېپىشقان ئەينەكتەك يالتىراشقا باشلىدى. قۇدرىتى زور ئاللا كېرەم، بۇ نەقەدەر ئۇنتۇلماس، تەڭداشسىز لەززەت بەخت!

بەشىنچى باب

شۇ ۋەقەدىن كېيىن تۇرمۇشىمىزدىكى بىرمۇنچە نەرسىلەر بىردىنلا ئۆزگەردى، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. پۇرسەت تاپساقلا بىز بۇ باغچىغا بىللە كېلىۋالىدىغان بولدۇق. ئارزۇلۇق ماكانىمىز بولغان توقايلىقىمۇ تالاي قېتىم باردۇق. نەم چىملىقتا سېلىنغان ئەدىيال ئۈستىدە كۈن پەسلىگەندىن تارتىپ، ئاي ئېگىز ئۆرلىگۈچە يانمۇيان يېتىپ سىرداشتۇق. كۈلۈشتۇق، قۇچاقلاشتۇق، يۇمىداقلاشتۇق، دوست بولۇشتۇق، مەست بولۇشتۇق. قىزنىڭ گۈل بەدىنىدىن كېلىپ تۇرغان خۇش پۇراق دىمىغىمنى غىدىقلايتتى. ئۇ شۇ رەڭدار پەردىلىك گۈگۈملارنىڭ، يېشىللىق كېچىلەرنىڭ ئاجايىپ مەلىكىسى بولۇپ قالدى. ئارمان قىلغان توقايلىقتا ئارمان قىلغۇدەك خاتىرىلەر قالدى. شۇ يەردىن ئېچىلغان يولدا تەڭرىتاغقا قول تۇتۇشۇپ مەڭگۈلۈك كەتمەكچى بولدۇق. ئۇ ياقلاردىمۇ ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلىدىغۇ، مەكتەپلىرىدىمۇ چەت ئەل تىلى دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغۇ، ئاخىر.

لېكىن، تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى چاچتىنمۇ كۆپ ئىكەن. كۈز ئايلىرى تاتلىق چۈشتەك ئۆتۈپ باراتتى. بىردىنلا قارا باسقاندەك بولۇپ، دوستلۇق مۇھەببىتىمىزنىڭ بىغىنى جۇدۇن سوقتى. لوئىزا يىراق سەپەرگە ئاتلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر دۆلەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاتىسى جىددىي چاقىرتقانىدى. مەن خۇددى جېنىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئازابتا ئۇنى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

— غەيرەت قىل قەيسەر، مەن قايتىپ كېلىمەن. چاپسانلا قايتىپ كېلىمەن. ماگىنىتقا قايتقان تۆمۈر پارچىسىدەك، ئىككى پارە قىلىنغان يۈرەك قايتىدىن پۈتۈنلىنىدۇ ۋە بىز بىللە سېنىڭ ناپالدىمۇنىمۇ كۆرمىگەن ئاجايىپ تاغ - دەريالىرىڭنى كۆرگىلى بارىمىز. نېمە تېخى، ئالتۇنقان دېگەن يەردە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىمۇ شۇ چوققىلارغا ئاجايىپ ھەۋەس ۋە قايىللىق نەزىرىدە باققان ئىكەن، دېگەنىدىڭ، قارىچۇ تام، — دېدى ئۇ ئايروپىلاننىڭ كىرىش ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا ماڭا زورغا چاقچاق قىلىپ. ئۇ توختىماي كۈلۈمسىرەيتتى. چىرايىدا قېتىپ تۇرغان كۈلكىنىڭ قانداقتۇر ئاستىنقى

بىر قاتارىدىن چوڭقۇر غەمكىنلىك ئەكس ئېتەتتى. كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلاتتى. بۇ ياشلارغا دۇنيانىڭ ھەممە قايغۇ - ئەلەمى سىڭگەندەك، شۇ قايغۇ - ئەلەملەر شەكىلسىز ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىدە تارام - تارام ئىزلارنى قالدۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئوئىزا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ - بۇرۇلۇپ ئايروپىلان شوتىسىدا ئۆرلەۋاتاتتى. شۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقىغا بېرىپ ئايروپىلان ئىشىكىگە كىرىش ئالدىدا ئۇ كەينىگە قىيا بۇرۇلۇپ توختىدى. ماڭا قول سىلكىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دولقۇنسىز دېڭىز، تاڭ نۇرىدا جىلۋىلىنىۋاتقان تىنىق دېڭىز ئىدى. كۆز قارىچۇقىمۇ ياكى كۆز ياشلىرىمۇ، ئەيتاۋۇر قىيپاش كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئالامەت سۈزۈك بىر شولا چاقناپ كەتتى. بەلكى ئۇ شۇ شەھلا كۆزلەر چاقىقان سۆيگۈ چاقمىقى، تۆككەن ھىجران يامغۇرى بولغىيدى. بەلكى ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئىچىگە سىغدۇرغان بىر تامچە سۈزۈك ياش، پۈتۈن دۇنيانىڭ سۈرىتىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان بىر تال خىسلەتلىك يالتىراق مارجان بولغىيدى. شۇ كۆرۈنۈشىدە ئۇ گويا ئۇپۇقنىڭ ئىشىكىگە ئورنىتىلغان سەلتەنەتلىك گۈزەل ھەيكەل ئىدى. ئاسمانغا مۇئەللەق تۇرغۇزۇلغان گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت ئىلاھى ۋېناسنىڭ ھەيكىلى ئىدى، ئۆز ئەتراپىنى نۇرغا كۆمۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ كۆرۈنۈشىدە مەڭگۈ مېنىڭ قەلبىمگە ئورناپ قالدى.

ئۇ ئولتۇرغان ئايروپىلان ئۇپۇققا سىڭىپ كەتتى. ئاق بۇلۇتلۇق ئاسماندا ئېرىپ كەتتى مېنىڭ يۈرىكىممۇ بەجايىكى كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆككە ئۇچۇپ، ئۇپۇققا سىڭىپ كەتتى شۇندىن بېرى كۆكرەك قەپىسىم بوشاپ قالدى، ئىگىسى كۆچۈپ كەتكەن بوش ئۆيدەك بوران ئۇچۇپ مۇۋۇلداپ قالدى. مەن ئايرودرومدىن كۆز ياشلىرىم بىلەن مۆكۈدىشىپ قايتتىم. ئۆيگە ئەمەس بەلكى ئۇدۇل ئۇنى تۇنجى كۆرگەن كۆرگەزمىخانىغا، ئاندىن يىغىپىۋەن باغچىسىغا قايتتىم. ھېلىقى ئاشپۇزۇل لەمپىسى ئاستىدىكى ئورۇندا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇردۇم. يۈرىكىمدە چۈشىنىكسىز، سىرلىق قاراڭغۇ بىر ۋەھىمە قىمىرلايتتى. قانداق مەست بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن — ھاراق مەست قىلدىمۇ ياكى ئايرىلىش دەردىمۇ بىلمىدىم، تۈن يېرىملىشاي دېگەندە، ئالچاڭلاپ مېڭىپ ياتىقىمنى ئاران تېپىپ كېلەلىدىم. تاڭ سۈزۈلگىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ چىقتىم، شۇندىن كېيىن دەسلەپكى چاغلاردا ھۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىدە، كېيىنچە ھەپتىدە بىر قېتىم ئاشۇ باغچىغا قاتراپ، ھېلىقى ئاشپۇزۇلدا يالغۇز ئۆزۈم ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالدىم. بۇ يەردىن كۆل سەتھى، تاغ قىياپىتى ئالقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاشپەز بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدۇق. بىرەر تەخسە قورۇما كەلتۈرۈپ قويۇپ، ھاراقنى ئاز - ئاز ئوتلاپ، سائەتلەپ كۆلگە، تاغقا قاراپ ئولتۇرىمەن. شۇنداق قىلسام بېشىمغا چۈشكەن دەرد - ئەلەم يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇيۇلسا كېرەك، ئەنە بىز تونۇشقان تاغ، ئەنە بىز چۈشكەن قېيىق، ئەنە قېيىق دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكىلى قىل قالغان جاي، ئەنە مەن زارىقىپ ئىنتىلگەن ۋە بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز قالغان خىلۋەت قىرغاقتىكى

www.uyghurkitap.com

توقايلىق. ئۇ يەرگىمۇ تالاي قېتىم بېرىپ، تەنھا ئۆزۈم تاماكا تارتىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان، ھەممىلا جايدا لويزا ئىككىمىزنىڭ ئىزى قالغانىدى. ھەممىلا جايدىن لويزانىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ماڭا كۆلدىمۇ، ماراقتىمۇ، كۈلكىلەردىمۇ، كۆز ياشلاردىمۇ ئۇنىڭ جامالى كۆرۈنەتتى. مەجنۇنتاللارنىڭ يۆگىنىشلىرىدە، گۈل - غۇنچىلارنىڭ نازىنىشلىرىدا ئۇنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى ئايان ئىدى. يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىلىرىدە ئۇنىڭ جىلمىيىشلىرى، بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرىدا ئۇنىڭ قەلب ئىزھارى بايان قىلىناتتى. قۇياش بالقىشىدا ئۇنىڭ ئاتەش نىگاھلىرى، كۈگۈم تىمتاسلىقىدا سىرلىق سۈكۈتلىرى، ئايدىڭ خىرەلىكىدە چەكسىز چۈشلىرى نامايان بولاتتى.

بۇ خىل مەستلىك مېنى ئاجايىپ لەززەتلىك ۋە چېگرىسى چەكسىز كۈڭگا بىر تىلسىم ئالەمگە ئېلىپ كىرەتتى، ئەركىلىتەتتى، ئوينىتاتتى، مەن قىزىتمىسى ئۆرلىگەن ئادەمدەك ۋاقىتنى چۈشەكەپ، خىيالىي مەنزىرىلەرنىڭ جىلۋىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزدۇم. كېچىلىك چۈشلىرىمدە ئۇنىڭ چىرايلىق قامىتىنىڭ شولىسى ئايان بولاتتى، نەپەسلىرىنى سېزەتتىم. كۈندۈزدىكى خىيالىي تۇيغۇلىرىمدا، ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشلىرىمدە ئۇنىڭ ئۆزى ماڭا ھەمرا بولاتتى، ئۇ شەپەقتىن كۆڭلەك كىيىپ، شامالغا ئۇسسۇل ئويناتتى، ئاسمان دېڭىزىدەك يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرسەتكەندە، تولغان كۆكسى، ساغرىسى، بىر ئوچۇم كەلگۈدەك ئىنچىكە بېلى قاتارلىق نازۇك يەرلىرى جىنسىي تۇيغۇنىش ئىپادىلىگەن قەدىمىي تام رەسىملىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسكە سالاتتى. بۇنداق قەدىمىي ئۇسسۇل ۋە تۇيغۇنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى مەن تېخى ئەقىل يېشىمغا تولمىغان چاغلىرىمدىلا تەڭرىتېغىنىڭ قۇتۇبى تەۋەسى قىسمىدىكى قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن چوڭ تىپلىق رەسىملەردىن تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدىم. گويا زېھنىمنىڭ كاراماتى بولسا كېرەك، رەسىملەردىكى كۆرۈنۈشلەر كۆڭلۈمنىڭ قېتىغا ئورنىشىپلا قالغانىكەن. بىر قېتىم شۇ رەسىملەرنى لويزاغا تەسۋىرلەپ بېرىمەن دەپ ئۆز ئاغزىم بىلەن بالاغا تۇتۇلغانىدىم. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئاخىرى تەڭرىتاغلىرىغا ئىككىنچى قېتىم بىللە سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەنىدى. ھازىر لويزا مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ، يىراققا كەتكەن چاغدا شۇ دورەمكى سەپەرنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى.

لويزا قىياتاش رەسىملىرىنى كۆرۈش ئارزۇيىنى سۆزلەۋېرىپ بېشىمنى ئاغرىتىۋەتكەنلىكتىن، خىزمەتلىرىمنى بىرەر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە يولغا جابدۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شەنبە كۈنى قۇياش قايرىلغاندا، لويزا ئىككىمىز قارىغايلىق ئىچىدىكى چىمەنلىكتە تېپىشتۇق. مەن قىيا ئادەم بەرگەن قىزىل ياقۇت پارچىسىنى چىقاردىم، لويزا ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ، ياقۇت پارچىسىنى يالىڭاچ مەيدەمنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئۇدۇلىدىكى جايىغا باستۇق، بىر ئاز داۋاملاشقان جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئاسماندىن تەخسە شەكلىدە پىرقىراپ چۈشكەن نۇر قويۇنى بىزنى قۇچىقىغا شۈمۈرۈپ ئېلىپ كىردى، سىلكىنگەندەك، تەۋرەنگەندەك قىلدى. ھايال ئۆتمەي ئاغى بۇلاق تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇ يەردە بىزنى قىيا ئادەم كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ كۈچسىز، ئاستا، ئېغىر ھەرىكەتتە يۈگۈرۈپ كېلىپ بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ياقۇت پارچىسىنى جايىغا سېلىپ، يۈرىكىنى پۈتۈنلىگەندىن كېيىن، يەنە ئىلگىرىكى-دەكلا جانلاندى، روھلاندى، بىزگە قاراپ يىلىلىق كۈلۈمسىرىدى. ھېكمەتلىك گۆھەر قۇتىنى چىقىرىپ قاپقىقىنى ئاچتى. بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ كۈنۈپكىسىنى باستى. گويا نۇر پارتلىغاندەك بولدى. گۆھەر قۇتا تاڭدەك سوزۇلدى، پارقىرىدى، بىردىنلا كېڭىيىپ، بىزنى قوينىغا تارتتى ۋە بىز نۇر قويۇنى ئىچىدە قالغاندەك بولدۇق. بىر ئازدىن كېيىن، تەۋرىنىش توختاپ، نۇر ئۆچتى، گۆھەر قۇتا كۆرمىگەن يىللار قاراڭغۇ-لۇقىنىڭ باغرىنى تېشىپ ئاچقان نۇر ئارقىلىق بىزنى قۇتۇپنىڭ قىزىلتاشتىكى قىيا رەسىملىرى سىزىلىۋاتقان، ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن دەۋرگە ئاپىرىپ تاشلىدى.

بىز قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدۇق. لېكىن قىزىلتاش-تىن بەك يىراقتا ئەمەسلىكىمىزگە ئىشەندۇق. كۈنگە ۋە قۇتىغا قاراپ ئورنىمىزنى مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، پەرەز قىلغان تەرەپكە قاراپ قوزغالدۇق. ئالدىمىزدىكى قارا بولۇتلار توپلىرىنى ئەسلىتىدىغان تاغلار يىراقتىن قارىغاندا ئۇپۇققا گىرە سېلىپ ئاسمانغا ياماشىۋاتقاندەك بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. يېقىن كەلگەندە بولسا، يەرگە ئېڭەك تىرەپ ياتقان ئەجدىھاغا ياكى سۇ ئىچىۋاتقان غايەت زور تىمساققا ئوخشاپ قالاتتى. بىزنى ئىزىتقۇ سوقماق يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. كىچىكرەك بىر داۋاندىن ساڭگىلى-غاندىن كېيىن، بىر تىك يار بويىنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۇشتۇمتۇت بوش چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ دەشتى باياۋانلاردا شامالدا چىقىدىغان غايىبانە ئاۋازغا ياكى چىلبۆرىنىڭ چىرقىرىشىغا ئوخشاش سۈرلۈك تۇيغۇ بېرەتتى. پەسەن-قىلمىدۇق. بىرئازدىن كېيىن ئاۋاز بىزگە يېقىنلا جايدا تەكرارلاندى. بۇ قېتىم ئاجىز ئادەمنىڭ ئىڭرىشىدەك ئېچىنىشلىق، ئالۋاستىنىڭ چىللىشىدەك سىرلىق بولۇپ يەر - زېمىننىڭ تېگى - تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. لوئىزا يار گىرۋىكىگە يۈ-گۈرۈپ باردى، تىزىنى تۇتۇپ، بويىنىنى سوزۇپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن پەسكە ئېڭى-شىپ قارىدى - دە، توۋلىۋەتتى. بىزمۇ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ قورقۇپ - قورقۇپ پەسكە قارىدۇق. يار خۇددى تۈۋى يوقتەك چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ئېڭىشىپ قارىغان كىشىنىڭ بېشى قاياتتى. مەن ھېچنېمىنى بايقىيالماي، گاڭگىراپ، قىيا ئادەمگە قارىدىم.

— يارنىڭ بېلىگە قاراڭلار! — دېدى دەرھال ئىزاھلاپ لوئىزا.

دەرۋەقە، يارنىڭ قاق بېلىدىكى سىرتقا ئازراق بۆرتۈپ چىققان قىيا تاش ئۈس-تىدە شاخلىرىنى پەستىكى ھاڭغا ساڭگىلاتقان بىر تۈپ دەرەخ تۇراتتى. ئۇنىڭ غولىدا بۇ يەردىن كىچىككىنە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان بىر ئادەم قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. يەنە ئىككى قېتىم ئىڭراش ئارىلاشقان ئىلتىجا ساداسى ئاڭلاندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# مەلىكە ھەيكىلى

چولپان كۈلۈپ چىققاندەك،
ياكى يەرگە قونغاندەك
قەد كۆتۈردى بىر ھەيكەل زەرەپشان ۋادىسىدا،
گويا تەقدىر تۇرغاندەك ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە.

زادى شۇنداق بولماقچى،
ھەق ئورنىنى تاپماقچى.
دۇنيانى بىنا قىلغان كىملەر دېگەن سوئالغا
جاۋاب بەردى تارىخمۇ دەل يەتكۈزۈپ كامالغا.

نى سۇلتانلار، خاقانلار،
گۆھەردىن تاج تاققانلار.
تەختكە مىنىپ يۇرت سوراپ، سۈرسىمۇ دەۋرى - دەۋران،
ئىزسىز كەتتى جاھاندىن غازاڭدەك توزۇپ ھەر يان.

قالدى پەقەت ئىستەكنىڭ،
ئەمگەك بىلەن ئىدراكنىڭ
سەمەرىسى، جەۋھىرى، دادىل ياشاپ بەر ھايات،
ياشار بەلكى توختىماي دەۋر قىلسا كائىنات.

پەلەك ئوڭغا ئۆركۈلگەچ،
ئەل رايىدىن چۆركۈلگەچ،
گۈل ئېچىلىپ ھەر بارە، ئالەم بولۇر مۇئەتتەر،
گۈل ۋەسلىگە بۇلبۇلمۇ بولار ئىدىكەن مۇيەسسەر.

شۇنىڭ يارقىن مىسالى،
مەلىكىنىڭ ھەيكىلى.
ئۇ ئون ئىككى مۇقام بىلەن ياشار نامى ئەبەدىي،
سەنئەتنىڭ مېھرابىدا چاقنار شامى ئەبەدىي.

يەكەن، 1992 - يىلى، 5 - ئاۋغۇست

**ئىمىن تۇرسۇن**

## ئامانىسا

ۋەلى ياركەنت چىمەندۇر،
ساز بەيگىدە سەمەندۇر؛
مۇقام — مەشرەپ بۇلىقى،
زەرەبشانلىق زېمىندۇر.

غەنى ياركەنت ئىپادە تۇغۇلمىش بىر خان،
ناۋا ئەيلەپ بۇلبۇلدەك، بولدى غەزەلخان.
قوم قىسساردا كۆكلىگەن سەرۋىدەك ئازاد،
جامالىدىن خىجىل ئىدى ئاي ھەم پەرىزات.

كامىل ئىدى نەزمىدە، سازۇ نەغمىدە،
ئۆتتى ئۆمرى ھەرەمدە، ساز ئۈچۈن غەمدە.
قەدىرلىدى جانىدىن مۇقامنى ئارتۇق،
ئۇنى قىلدى ئىپلىگە مۇقەددەس تارتۇق.

زىبى ياركەنت چىمەندۇر،
مۇغەننىسى تۇمەندۇر.
تاپتى نىجات مۇقامات،
ئامانىسا ئەمىندۇر.

يەكەن، 1992 - يىل، ئاۋغۇست.

www.uyghurkitap.com

مەھەممەتجان سادىق

# مەلىكە ۋە ئون ئىككى مۇقام

مەن سېنى ئاڭلىغانىدىم،
ئىلى بويلىرىدا
كارىۋشاك① ساتارىدىن،
بىر گۈزەل يۈرەك
ئالەمگە كۆي چاچاتتى.
سۈكۈتتىكى بۇلبۇللارغا،
چاچلىرىنى يايغان سۇمبۇللارغا
ھايايجان،
مۇھەببەت،
سېھىرلىك ئوي چاچاتتى.
رىشتە رىشتىگە ئۇلانغاندەك
ئۇلاندى مۇقاملارغا مېنىڭ يۈرىكىم،
چاچتى «رۇخسار»②نى
جىمجىت ئويقۇدىكى ئالەمگە.
بىر ۋاپادار ئاشىق
ئىزدەپ يارىنىڭ ۋىسالىنى
مۇڭ-زار چېچىپ.
سۆيگۈ چېچىپ
چىقتى ئاھ، مۇشكۈل سەپەرگە.
ئۇ، گويا قەپەستىكى ئىبلاخۇن:
كاككۇكتەك قاقاقلاپ كۈلۈپ
ئۆرلىگەن ساماغا،
ئاسمان-پەلەك داۋان بىلەن.
ناخشا — مۇھەببەتنىڭ قانىتى.
ناخشا — ئاشىققا ھايات،
ئۇچار بۇلبۇلگويادەك
سېغىنىش
ئارمان بىلەن.
كېلىدۇ ئۇلاستاي③ سايلىرىدىن
ئىلاھىي سادا،
زۇلمەتلىك كېچىلەرگە
ئاي چېچىپ،
يۇلتۇز چېچىپ.
كېلىدۇ تاغۇ-تاشنى
ئويغاتقان ناخشا
جەننەتنىڭ سۈرىتى — گۈزەل ۋادىغا
قان بىلەن قىزارغان ئۇپۇقتىن
كۈندۈز ئېچىپ.
خىيالىم ئۆتتى كېزىپ ئاھ، ئاشۇ
ناخشا ئاققان،
قان ئاققان،
ئوت ئاققان
مۇقەددەس دالىلارنى،
كۆزلىرىم زەرەپشان تەرەپتە.
ئاسماندىن تۆكۈلگەن يۇلتۇزلار،
گۈلشەندىن ئۈزۈلگەن گۈل-چېچەكلەر.
بولدى نەقىش
يېڭى قەبرىگە،
گۈزەل ناخشا،
ئۇلۇغ ناخشىچى
ھامان شانۇ-شەرەپتە.
ئاھ، توغراقلىق دەشتى-چۆللەردىن
مەجنۇن تاللار يېشىدىن

① قەشقەرلىق مۇقامچى مۇھەممەت موللا (تەخەللۇسى كارىۋشاك) 1870 - يىلى غۇلجىغا چىقىپ، ئون ئىككى مۇقامنى تارقاتقان.
② مەرھۇم زىكرى ئەلپاتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسار» مۇقامى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ جاي ئىسمى.

تۆرەلگەن كۆللەردىن،
غەربىي كەپىسى،
مۇڭ ئۇچقان ئۆيلەردىن،
ياش تۆككەن گۆللەردىن
كېلىدۇ ناخشىلار
كېلىدۇ،
كېلىدۇ...
تۇلپارلار كىشنىگەن جەڭلەردىن،
باتۇر قونغان دەڭلەردىن،
كولدۇرما جاراڭلىغان يوللاردىن،
يىغان بىلەن
زەخمەك ئۇرغان قوللاردىن
كېلىدۇ ناخشىلار
كېلىدۇ،
كېلىدۇ...
قاراڭغۇ خاڭلارنىڭ ئىچىدىن،
مومام چۆچەك ئېيتقان كېچىدىن،
ئەللەي ياڭرىغان بۆشۈك بېشىدىن،
ئۆزۈگۈمنىڭ يېشىدىن
كېلىدۇ ناخشىلار
كېلىدۇ،
كېلىدۇ...
يۈرەك ئوي تۆككەن نەزمىلەردىن،
ساتار مۇڭ تۆككەن بەزمىلەردىن،
فارابىينىڭ چارچىماس قەدىمىدىن،
نەۋائىينىڭ قەلىمىدىن
تەڭرىتاغنىڭ ئىچىدىن،
تېشىدىن
كېلىدۇ ناخشىلار
كېلىدۇ،
كېلىدۇ...
ئېھ، بۇ ناخشىلارنى
ئاماننىسا
رەقلىمەكتە ساتارىغا سېلىپ، ئەنە،
بۈيۈك قىدىرخان ئوڭ يېنىدا.

ئېرى —
يۈزى شەپەق شاھ
سول يېنىدا.
چىقماقتا ئاقارغان ئۇپۇقتا
ئالتۇن رەڭلىك
بىر پارلاق چولپان،
يەر شارىنىڭ
ئېپار پۇراقلىق شامالار ئۇچقان
گۈزەل تېڭىدا.
ئالەم ھاياجاندا!
ئەرش ھاياجاندا!
«ئون ئىككى مۇقام»
ياڭرىماقتا
ئاي يۈزلۈك مەلىكىنىڭ
نەقىشلىك ساتارىدىن!
جاراڭلىماقتا ئۇيغۇر
يەر - ئاسمان ئارىسىدا،
يالقۇنلۇق تۈيغۇلار،
ئىزگۈ خىياللار
جاراڭلىماقتا
ساتارنىڭ ئىككى تارىدىن.
«ئون ئىككى مۇقام»—
بىر گۈزەل يۈرەك،
بىر گۈزەل تارىخ،
بىر گۈزەل مۇھەببەت،
بىر گۈزەل ئارمان
توختىماي ئۇچۇپ كەلگەن
ئەسىرلەرنىڭ باغرىدىن،
تىڭشىغىنە، ھېلىمۇ جاراڭلىماقتا
داللارغا توي چېچىپ،
باللارغا ئوي چېچىپ
ئەنە،
ھېيتگاھتىكى ناغرىدىن
ئۇچماقتا ئۇيغۇر،
ئۇچماقتا تەڭرىتاغ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالەمگە،
ئەتىگە،
قىرلاپ بادام دوپپىسىنى،
قانىتىنى كەڭ يېيىپ!
تەڭرىتاغ تۇرسىلا زېمىن ئۈستىدە،
بولسىلا مۇھەببەت ئوغلۇم كۆكسىدە
يېتەر «ئون ئىككى مۇقام»
يىگىرمىگە،
ئوتتۇزغا،
ئەللىككە
چوقۇم بېيىپ!...

غۇلجا، 1992 - يىل.

مەھەممەتجان راشىدىن

# ئۆكۈنۈش

## يالغان كۈلكە

يالغان كۈلكە سەۋەب ھەمىشە
بۇ جېنىمنىڭ سىرقىراشلىرىغا.
يالغان كۈلكە كېتىدۇ ئوخشاپ
گاھ ئىتلارنىڭ خىرقىراشلىرىغا.

قەھ ـ قەھلىسە يالغاندىن بىراۋ
ئوخشاپ جىنىنىڭ چىرقىراشلىرىغا؛
يەم بولغاندەك بولۇپ قالىمەن
گاھ قۇيۇننىڭ پىرقىراشلىرىغا.

كاززاپلارنىڭ چىرايىغا باق،
شۇ كۈلكىنىڭ خىلمۇ خىلى بار.
يالغانچىغا كەسىپ شۇ كۈلكە،
«ئالدامچى» دەپ ئۇنىڭ پىرى بار.

قۇۋلۇق تولا يالغان كۈلكىدە،
ساختىپەزنىڭ سالمىسى شۇندا.
يالغان كۈلۈپ بىراۋلار ساڭا
بىر كۈنلىرى چاچىدۇ يۇندا.

قورال قىلغان خۇشامەتگۈيمۇ
شۇ كۈلكىنى ئۇزاق ـ ئۇزاقتىن.

قۇتۇلغانمىش شۇ كۈلكە بىلەن
رىۋايەتتە، تۈلكە تۇزاقتىن.

ھىيلىگەرگە شۇ كۈلكە ئادەت
شۇ كۈلكىدە سىنى باپلايدۇ.
بۇرۇتۇڭغا چالمىلار تىزىپ،
تاپىنىڭدا پىچاق چاقلايدۇ.

قىلتاق تولا يالغان كۈلكىدە،
ئاسارەت بار، ھىيلە ـ مىكىر بار.
يۈرگەنلەردە شۇ كۈلكە بىلەن
باشقا غەرەز، باشقا پىكىر بار.

يوق دەپ بولماس ياۋۇزلۇقنىمۇ،
شۇ كۈلكىدە ھىيلىدىن باشقا.
قويار ئاخىر ھەزەر قىلمىساڭ،
يالغان كۈلكە سىنى كۆز ياشقا.

يالغان كۈلكە — يامانىنىڭ دوستى،
يالغان كۈلكە — كولانغان خەندەك.
دوستۇڭ ئەمەس يالغان كۈلگەنلەر
قىلغان سۆزى بولسىمۇ قەندەك.

## دوستۇم دېمەڭ

ياخشى كۆنلەردە كۆڭۈل ئاچقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ،
يېنىڭىزدا يانسا ئوت، قاچقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
باشقا كەلگەننى تامام تەڭ كۆرگىلى مەردلەر كېرەك،
باشقا كەلگەندە ئىشىك ياپقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
ئوينىغاننىڭ ھۆكمى باشقا ئۇچرىغان ئۆلپەت بىلەن،
شۇندىمۇ ئىت ياخشىدۇر، چاشقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
پۇلنى دوست تۇتقان ئۇلار، ئاگاھ بولۇڭ، سىزنى ئەمەس،
بىر ئۆمۈر شۇ كويدا گەپ ساتقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
بەگ ئاتاپ گەر ئىلكىڭىزدە بولسا بايلىق، مۈلكىڭىز،
كەتسە ئامەت، ئۆزگە دوست تاپقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
بارىڭىزدا كۈندە مېھمان، يوقىڭىزدا يوقلىماي،
بىر ئۆزى يالغۇز ياڭاق چاققاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
قارغا بولسا دوستىڭىز، يەيسىز نىجاسەت ھەر كۈنى،
نەپ دېسە، گوداڭغا ئات چاپقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
شورا بولدى بەزىلەرنىڭ دەستىدىن ئەل باغلىرى،
بىر كۆچەت تىكمەي غورا قاققاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
ئات ئىگەرلەپ يولغا چىقماڭ ئەسلا ئۇنداقلار بىلەن،
قىلمىشى دۈشمەنگە خوپ ياققاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
ياخشى دوست يىغلايدۇ تەڭ دەرد ئېيتسىڭىز قاي كۈن بېرىپ،
ئاقسىڭىز كەلكۈندە، جىم ياتقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
قولىدىن كەلگەيمۇ قۇزغۇننىڭ ئۆزى سايراي دېسە،
خۇش ناۋا بۇلبۇلغا تاش ئاتقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
بىر مۈشۈك پايلاقچىكى ئۇ، تۇتقىنى چاشقان ئەمەس،
سىز ئىرۇرسىز ئەكسىچە، قاپقاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
قىسقا قولغاقول ئۇلاپ ھەمدەم بولارنىڭ ئورنىغا،
نەپ ئالاردا ئايىغى چاققاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.
ئۆي ھۇزۇرى كەتكۈدەك گاھ شەكلى شەيتانلار بىلەن،
جۈپتىڭىزگە باشقىچە باققاننى سىز دوستۇم دېمەڭ.

## ھايات ئۇلۇغ، ھايات ئۇز

تالاشمىسا تەقدىردىن ئۆزلىرىگە ھاياتلىق
ئىنسان بېشى بىمەھەل جۇدالىقا كۈنەمدۇ؟!
ئەقىدىسى ھاياتنىڭ چىدالىمىسا ياشاشقا،
ئېتى ئۆلگەن كارۋانلار ئايدالىدا تۈنەمدۇ؟

يىراق شولار ھاياتنى تېگىشمىدى ئۆلۈمگە،
ياشاپ كەلدى شۇندىمۇ تىرناقلىرى جاراھەت،
تىلەكلەرگە تىل تەگدى، ئۈمىدلەرگە قىلىچ، ئوق،
تەلەي قۇشى ئەي بولماي، يىراق قاچتى پاراغەت.

تاشتىن قاتتىق كۆڭلەرنى ئۆتكۈزگەنلەر تۈمەنمىڭ،
تۈڭلۈكى يوق ئۆيلەردەك كۆڭۈللەرگە كۈن چۈشمەي.
ئۆلۈۋالغان نادانلار ئەيىبلەندى جاھىل، دەپ،
ئۆچتى ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئوچىقىغا كۈل چۈشمەي.

ئۇلۇغلاندى ھاياتقا چىڭ باغلانغان ئەقىدە،
ناخشىلارغا ئايلاندى ياشاش دېگەن ئۇلۇغ گەپ.
تەبىئەتكە كۆز سالسام، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ئەستىقلىدى يۈرىكىم شۇ ناخشىنى ئۇلۇغ، دەپ.

سۇ كۆرمىگەن بىنەمدە جان تالىشۇر بۇغدايلار،
پەل قۇترىدى ۋەلېكىن، ئاڭلىمىدىم قاقشاشنى.
ھالىدىن كەتكەن شىۋاقلار چىداپ كەپتۇ ئەلەمگە،
ئۇنتۇلماپتۇ شۇندا ھەم بىر مىنۇتمۇ ياشاشنى.

تىپىرلايدۇ بىر كەكلىك چۈشۈپ قىلىپ تۇزاققا،
ئۇنىڭ ئەزىز ھاياتى قالدى، چۈنكى، خەتەردە.
ئوق يەپ ئۆلگەن قىرغاۋۇل ئەلەم بىلەن كۆز يۇمدى،
شۇ كۆزلەردە مىڭ ئارمان بۇ دۇنيادىن كېتەردە.

ئاسان ئەمەس ئىنسانغا ئېھسان ئۈچۈن قول سۇنماق،
ئادەملەردىن نان ئەمەس سورىغىنى ھاياتتۇر.
ئەقىدىسى ھاياتنىڭ يېڭىپ كەلدى جېھىنى،
شۇ ئەقىدە كورغا كۆز، مېيىپلارغا ئاياغدۇر.

باشلاپ بارار ئىنسانغا ئۈمىد بەرگەن ئەتىدەك،
شۇ ئەقىدە ھەر كىمگە شولا چېچىپ — نۇر چېچىپ.
ئۇلۇغلايدۇ ئالدىڭنى ياكى راستىن، يالغاندىن
گويا خىزىر قولىدەك قۇرچى ساڭا قۇر ئېچىپ.

ھايات ئۇلۇغ، ھايات ئۈز، ئويلاپ بېقىڭ چوكانلار،
ئۈز بولمىسا، شۇنچىلا ياساندىڭلار نېمىشقا؟

قانائەتنى قۇللۇق دەپ، كۆمۈپ تاشلاپ شۈكرىنى
چاپقىنىڭلار يالغانمۇ بىرنى ئىككى قىلىشقا؟!

دۇر - زەر بەرگەن تاغلاردەك، شەربەت بەرگەن باغلاردەك،
سانالمايسەن جىق، دوستۇم، ساخاۋەتى ھاياتنىڭ.
زىمىستاندا ئۇلۇغ ئىش ياشاش ئۈچۈن ئوت ياققان،
ئولغىمىسا توختايدۇ تىللىرىمۇ سائەتنىڭ.

زەن قويىمەن قۇشلارغا زوقى بىلەن پەرۋازنىڭ،
كىم خالىماس ھاياتتا ئەركىن قانات قاقماقنى.
كىم خالىماس ئالەمنىڭ ئىقىنىدا تاشقىنىدەك
قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ ئۆركەش ئېتىپ ئاقماقنى.

يارالغانلار ھاياتنى سۆيۈپ كەلدى شۇ سەۋەب،
ھاجەت ئەمەس دەپ سوراش: سەن نېمىگە تۆرەلدىڭ؟
مىليون بولسا مىليوندۇر بەختىيارلار ۋەلېكەن،
جەننەت ئەمەس بۇ دۇنيا، بەختسىزمۇ تۈمەنمىڭ.

ئوقۇپ كۆردۇق ھاياتنىڭ كىتابىنى، تاڭ قالدۇق،
دەرگاھىدا دۇنيانىڭ تالاي قىسمەت تالاي ئىش.
تەڭشەلمىگەچ تەقدىرنىڭ تارازىسى ئەزەلدىن،
بىراۋلاردا يېشىل ياز، بىراۋلاردا قارا قىش.

نەدە يۈكسەك شوئار بار ياشاش دېگەن تىلەكتىن،
ئۆلۈش ئەمەس، ياشاشتۇر مېنىڭدىكى تىلەكمۇ.
ھېچكىمنىڭمۇ كۆرگۈم يوق كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش،
يېشىل تۇرغاي ھەممىشە چۈنەكمۇ ھەم پىلەكمۇ.

دەيمەن شۇڭا، ئادەملەر، ئەقىدەڭدىن ئايلىناي،
يامغۇر، دېسەڭ ئاسمانمۇ ئايىمىغاي بارىنى.
سۇ بولغۇم بار چاڭقىغان قەلبىڭلارغا مېنىڭمۇ،
ئاڭلىغۇم يوق ھېچكىمدىن تەشنالىقنىڭ زارىنى.

سىلجىتىدۇ ئالەمنى ئەقىدەڭلەر شۇ ئۇلۇغ،
ئانا، دېگەن ئاغزىمدا ئۇلۇغلايمەن سىلەرنى.
بەخش ئەتتى تەبىئەت، تىرىكلىكنىڭ ئالدىدا
سىلەر ئۈچۈن بەخت دەپ ئات چاپتۇرۇپ كېلەرنى.

www.uyghurkitap.com

ماھمۇد زەيدى

## يۇرت قەدرى

مەن سېنى سېغىندىم ئەزىزىم ۋەتەن،
جىسمىمغا جان بەرگەن تۇغۇلغان دىيار.
سېنىڭ يادىڭ بىلەن يۈرىكىم گۈلشەن،
نامىڭ چىقسا ياندى دىلدا ئىپتىخار.

مەن سەندە تۇغۇلدۇم، نۇرغا چۆمۈلدۇم،
چىرايلىق، خۇشپۇراق گۈلگە كۆمۈلدۇم.
غۇرۇرۇم سىغمىدى ئالەم سەتھىگە،
سېنىڭ پەرۋىشىڭدە يۇرتقا تونۇلدۇم.

سەندىن گۈزەل يەرلەر باردۇر جاھاندا،
ماختىسا ئەرزىيدۇ بەلكى داستاندا.
ھەر قانچە گۈزەللىك ساڭا يېتەلمەس،
گۈزەللىكىڭ، ئىشقىڭ كىرىدۇ قاندا.

باغلاردا بولغاندا سەيلە - ساياھەت،
ناۋائى مۇزېيىنى قىلدىم زىيارەت.
يىراق ئەجدادىمنى كۆرگەندەك بولدۇم،
ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولدى جاسارەت.

ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن چېغىمدا،
دولقۇنلار ئەۋجىدە بوۋامنى كۆردۈم.
سىرداشقان بىر زامان مەھمود قەشقىرى،
بىرپەس تارىخ بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم.

ئۇلۇغبېك ھەيكىلىنى كۆرگەن ئاشۇ پەيت،
قايغۇ - مۇھەببەتتە ياندى ۋۇجۇدۇم.
ئۆتتى كۆز ئالدىمدىن بابۇر، بىرونى،
بۇ يەردە ياشىغان ئەجداد - ئۇجۇتۇم.

سېنىڭ يادىڭ بىلەن يۈردۈم ھەر سەھەر،
مېھرىڭ ھەر قەدەمدە ماڭا بەردى كۈچ.
شەرقتىن ھەر تاڭدا پارلىغاندا كۈن،
مېھرىڭنى يەتكۈزدى ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇش.

مۇساپىر بولماستىن مۇسۇلمان بولماس،
چەت ئەلدە بىلىندى ئانا يۇرت قەدرى.
نامىڭ تەكرارلىسام كۆزلىرىمدە ياش،
شۇنچە سېغىندۇردى ئانا يۇرت مېھرى!

مۇتەللا ئىبراھىم

## شېئىرلار

### چوغ ۋە گۈل

چوغنى كۆردۈڭ، تارتتى كۆڭلۈڭ قىزىقتىڭ،
باردىڭ يېقىن چوغقا چوغدەك خۇش بېقىپ.
كىچىك ئىدىڭ، بىلەلمىدىڭ، ئېزىقتىڭ،
تۇتتۇڭ ئۇنى ئىسسىق ئۆتسە خۇش يېقىپ.

تۇتتۇڭ ئۇنى ئىسسىق ئۆتسە خۇش يېقىپ،
ئالالمىساڭ قىسار ئىدىڭ قىلىپ تاج.
كۆيدى بىراق يۇمران قولدەك پاچ قىلىپ،
سەبىي كۆڭلۈڭ ئالدىدا چوغ كەلدى كاج.

سەبىي كۆڭلۈڭ ئالدىدا چوغ كەلدى كاچ،
كۆيدى قولۇڭ ۋارقىرىدىڭ «ئاپا» دەپ.
چوغ ئالدىدا ئاپاڭدىمۇ نە ئىلاج،
ئۆتتۇڭ دەرس «كۆيىدۇر ئوت — پاپا» دەپ.

ئۆتتۇڭ دەرس «كۆيىدۇر ئوت — پاپا» دەپ،
بولدى دەستۇر كۆيۈك ئىزى — تاتۇقى.
تۇيالمىدىڭ،
«ئوتتا كۆيگەن جاپا» دەپ،
بارلىقىنى ئۇ ئوتتىنمۇ ئارتۇقى.

بارلىقىنى ئۇ ئوتتىنمۇ ئارتۇقى،
بىلدىڭ پەقەت يەتكەن كۈنى بالاغەت.

بىلدىڭ، بولۇپ ھايات سوۋغا — تارتۇقى،
سۆيگەن كۈنى قىلدىڭ پىنھان پاراغەت.

سۆيگەن كۈنى قىلدىڭ پىنھان پاراغەت،
نىمە تۇتساڭ خۇش‌پۇراقلىق گۈل بولدى.
باستى سىنى ئوتتىن بەتتەر پالاكەت،
تەگكەن يېرىڭ تۈتۈن چىقماي كۈل بولدى.

تەگكەن يېرىڭ تۈتۈن چىقماي بولدى كۈل،
ئۇقتۇڭ ئاخىر،
چاتاق بولدى تۇتۇشۇڭ.
تۇتالىساڭ ئوتمۇ گۈلدۇر كۈل تۈگۈل،
ئۇنى قانداق تۇتۇشتىدۇر ئۇتۇشۇڭ.

## يۈرىكىم

يۈرىكىم
دەردلىرىمنى ئىچىمگە يۇتقان،
تارتىشىپسەن،
سىر تۇتۇپسەن خىلۋەتتە.
بىراق - بىراق
ئۇنى ساقلاپ قالالماپتۇ چىرايىم.
ئۆلمەس ئىدىم ئەسلىدە،
قالمىدى
ئەمدى چىدارىم.
چىقىۋال سەن، بول!
كۆكرىكىمدىن ئۇۋاڭدىن،
يورۇپ قال بۇ ئالەمدە،
بولۇپ مەشئەل - چىراغىم.
تۈگەشسۇن — ئۇ،
مەن بىلەن مەڭگۈ!
مانا،
غۇلىماقتا ھايات چىنارىم.

## بىر غېرىبقا

بىساتلىق ئۆيلىرىڭ بېزەكلىك كۆركەم،
كېلىشكەن قەددىڭدە كىيىممۇ پۇزۇر.
كەم ئەمەس ھېچ نەرسە نىمەتلەرمۇ ھەم
لېكىن سەن ئىمكانسىز سۇرۇشكە ھۇزۇر.

سەن بويتاق ئەمەسسەن، بار سىنىڭ جوراڭ،
خالىشىپ تۇز بىلەن ئۆتكەن نىكاھتىن.
بار بالاڭ، ئۇنچىلا چۆل ئەمەس چۆرەڭ،
مەھرۇمسەن لېكىن چىن، يىللىق نىكاھتىن.

كەتمىدىڭ ماغدۇردىن ھازىرچە قېرىپ،
سەن تېخى خېلى ياش، تېنىڭ سالامەت.
ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدە بولدۇڭ بىر غېرىب
بار لېكىن روھىڭدا بىر يات ئالامەت.

كۈلەر ئاي، كۈلەر كۈن يورۇتۇپ جاھان،
ساڭا ھەم كۈلىدۇ كۆڭلۈڭنى ياساپ.
كۈلمەيدۇ ئامانەت — سىنىڭدىكى جان،
يۈرەكنى خۇن قىلار ھەسرەتلەر قاساپ.

مەلۇمدۇر ئۆزۈڭگە ئەسلى كەم نەرسە،
ئۇ يانغان، پارلىغان بىرلا مۇھەببەت.
گەر ئۇنى سەن ئۈچۈن مەيلى كىم بەرسە،
كۈلەتتىڭ قايتىدىن كۈلەتتىڭ ئەبەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تاغلار نېمە ئويلايدىغاندۇ

تاغلار شۈنچە ئېغىر سوكۇتتە،
زادى نېمە ئويلايدىغاندۇ؟
دەريالارمۇ نېمە ئۈمىدتە،
تاغلارنىلا بويلايدىغاندۇ؟

بىرى كەڭرى يايىدۇ ئېتەك،
ئۆز باغرىدىن بېرىدۇ ئېقىن.
بىرى دائىم بولۇپ پايپېتەك،
ئۆز كۆڭلىنى تۇتىدۇ يېقىن.

بەلكى ياڭراق دەريا كۈيلىرى،
سادادۇر بويۇك تاغلارنىڭ.
ھەمدە ئويغاق چۈشىدۇر بەلكى،
دەريالارنى ئەمگەن باغلارنىڭ.

ئۈچقۇنجان ئۆمەر

## ئاچچىق - چۈچۈك سادالار

### قومۇش بىلەن ياپراق

قومۇش دەر:
نەھاجەت قورقۇش شامالدىن،
نازۇك غوللىرىمنى
قايرىۋېتەلمەس.
تەڭ كېلەلمىسەم
بېرىمەن بېشارەت
يوپۇرماقلىرىمغا،
يېنىمدىن كەتمەس.
ئۇلار سۆيۈپ پۈتلىرىمنى،
ئۇۋۇلاپ قويۇپ دولامنى
چالىدۇ چاۋاك.
لېكىن، كۆڭلۇمدە ئەنسىزلىك تاغدەك،
نېمە دەي،
ئىچىم تۇرسا سىلىق ھەم كاۋاك.

ياپراق دەر:
بىلگەن بولساق يولىماس ئىدۇق،
پاخالنى دەپ شامالنى قورۇماس ئىدۇق.

### بوۋاقنىڭ ئارمىنى

قېتىلدىم باپكارلار قاتارىغا،
ئەسقاتتى
ئاتامنىڭ قولتۇق تايىقى.
بولسام نىمكار،
توقۇسام سەرگەزلەر
چىقمامدىغان ئۆمۈلگەن بوۋاقنىڭ ئايىغى.

### يەلپۈگۈچنىڭ ئىقرارى

دەستەم چىڭ قومۇشتىن، ئىسمىم يەلپۈگۈچ.
ئىگەمگە كىمبكى ئۆچ، مەن شۇنىڭغا ئۆچ.

## بىر ئەدىبنىڭ كۆڭۈل گېپى

«يامان يولۋاس يولدا يېتىپ، شىرغا يول بەرمەس»
ئىككىلىنىۋالدىم ئابىدەمنى ھېچكىم تېگەلمەس.
كىمكى ئەيىب ـ ئىلاىتىمنى كۆرسەتسە كەسكىن،
تېپىۋالدىم ياخشى چارە، دەيمەن: «كۆرەلمەس».

### نېسۋە

دولقۇن لەك ئۇرار قىرغاقلارغا،
قىرغاق قول قويار،
تۆگە ئۆركىشىدەك دولقۇنلارغا،
ھەر ئىككىسىنى ياراتقان پەلەك،
ھەر ئىككىسى ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك.
ئۇلار ئارىسىدا ئۈچۈپ يۈرەر،
دېڭىز چايكىسى.
ئاندا ـ مۇندا خەۋەر يەتكۈزەر
ئاغىمىخان،
ھەتتا ھۆپۈپ باچكىسى.
بىلمەيمەن گىرژىلدىغان چىۋىنلارغا
دولقۇن ۋە قىرغاق،
بەردىكىن قانچىلىك،
قۇيماق يا چەلپەك؟

### نىيەت ۋە خىسلەت

ئاپئاق ـ ئاپئاق بۇلۇتلار
تىلەيدۇ:
كۆزۈمدىن يۈتسىكەن
ئاشۇ شۇڭقار دېگەن قۇش.
قالسا بۇ كەڭ ئاسمان،
ئۆزۈمگىلا بوش، كۆڭلۈم خۇش،
كەتسىكەن شۇ قۇش شۇ پېتى،
يىراقلاردا بولسىكەن بىھوش.
ۋەلېكىن، ئويلىمايدۇ ئۇ،
شۇڭقار نېچۈن تولكىلەرگە ئۆچ؟
نە سەۋەب ئۇنىڭ چىشلىرى ئۆتكۈر بىر قىلىچ؟
مەڭگۈ ئېسىگە كەلمەيدۇ ئۇنىڭ:
بۇلۇتنى يېرىش ـــ شۇڭقار خىسلىتى.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇراخمان قاھار

# ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا

(ھېكايە)

1

ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئوتتۇز يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، ھازىر شۇ چاغدىكى قىز-يىگىتلەرنىڭ تولىسىنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىردى، يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشتى، كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان ياشلىق ئوتلىرى ئۆچتى، ئۇلارنىڭ ئالدى ھازىر «بوۋا»، «موما» بولدى. تۇرمۇشنىڭ بۇ قانۇنىيىتىگە شۈكرى دەيدىغانلارغىمۇ، شۈكرى دېمەيدىغانلارغىمۇ شۇ قىسمەت كەلدى. بۇنىڭغا نېمە ئامال. جۇشقۇن، بەڭباش ياشلىق مەزگىلىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ-دە!...

ئۇلار ئىككىسى گۈزەل تاشكەنت شەھىرىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇھەببەتلىرىنىڭ قايتا قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ھەي ياشلىق، ھەي ياشلىق، سېنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىڭگە ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، قەدرىڭنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتىسەن-ھە!

بۇلارنىڭ بىرى — قاسىمجان. ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەن، چاچلىرى ئاقارغان، يۈزىگە يول-يول سىزىقلار چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى كۆزلىرىدىكى نۇر كەتمىگەن، ھېلىمۇ ھەرىكىتى چەبدەس، روھى جۇشقۇن ئىدى. يەنە بىرى — گۈلسىنەم. ئۇنىڭ يېشى ئەللىككە تاقاپ قالسىمۇ، چېچىغا بىرەر تال ئاق چۈشمىگەن، ئاقۇش يۈزى ھېلىھەم تىنىق ئاسماندەك سۈزۈك تۇرۇپتۇ. پەقەت پېشانە ۋە چىرايلىق ئېڭەكلىرىگە ئاندا-ساندا سىزىقلار تارتىلىپتۇ. ئۇنىڭ شۇ قىياپىتىنى كۆرگەن كىشى ئۇنى ھېچقاچان قىرىق سەككىز يىلنى ياشاپ بولغان دېمەيدۇ، كۆپ بولسا ئوتتۇز يەتتە-ئوتتۇز سەككىزلەردە بولۇشى مۇمكىن، دەپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۆتكەن ئوتتۇز يىلمۇ ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكتەك چاقناپ تۇرغان ياشلىق لاتاپەتلىرىنى تېخى تەل-تۆكۈس ئېلىپ كەتمىگەنىدى.

ھەر ئىككىسى گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي بىرپەس ھودۇقۇپ تۇرۇشتى.

— بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە يىللار بولغاندۇ؟ — دېدى قاسىمجان ئايالىنىڭ تولغان كۆكسى ۋە يېرىم ئوچۇق تۇرغان ئاپئاق مەيدىسىگە يەۋەتكۈدەك قاراپ.

— توپتوغرا ئوتتۇز يىل بولدى، — دېدى گۈلسىنەم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — ئېسىڭىزدىدۇ، بىز ئۇچراشقان چاغ مۇشۇنداق ياز ئايلىرى ئىدى.

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن؟... ئۇ چاغدا سىز تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭىز.

— گەپلىرىڭىزمۇ شېئىرغا ئوخشايدىغان بوپقاپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا سىز ئاقسۇنىڭ غۇنچىسى ئىدىڭىز، ھازىر بولسا ئەمدىلا ئېچىلغان تاشكەنت گۈلىدەك تۇرۇپسىز، ھەممە يېرىڭىز شۇ پېتى، ھېچقانداق ئۆزگەرمەپسىز، بەلكى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپسىز.

— رەھمەت، سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، چېچىڭىز ئاقىرىپ كەتكەن بىلەن قىياپىتىڭىزدىن ھېلىمۇ تېتىكلىك، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

— سىزگىمۇ رەھمەت، سىزگە شۇنداق كۆرۈنگەن بولسام، كەچكۈزدىمۇ ئېچىلغان ئالما چېچىكىدەك ئېچىلىدىغان ئوخشايمەن.

قاسىمجان مۇنۇ ئالدىدا گۈلدەك چاقناپ تۇرغان گۈلسىنەمگە قاراپ راستىنلا پۇشايمان يېمەكتە ئىدى. «خۇددى ئون سەككىز ياشلىق قىزدەك تۇرۇپتۇ‌ھە؟— دەپ ئازابلىق خىيالغا چۆكۈپ قالدى ئۇ، — مەيلى يوق ئەر بىلەن ئۆتۈپمۇ شۇنداق تۇرغان يەردە، ئەگەر شۇ چاغدا باسقان ئىزىمدىن يانمىغان بولسام، تېخىمۇ ياش تۇراتتىكەن — دە!... مۇشۇ گۈزەل گۈلسىنەم مېنىڭ خوتۇنۇم بولاتتىمغۇ!... باشقا قونغان بەخت قۇشىنى ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇچۇرۇۋېتىدىكەن، ئۆزۈم ئۇچۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ ئالدىدا گۈلسۈمئايىم بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ... ھېلىقى كۈنلەرنى ياندۇرۇپ كەلگىلى بولماسمۇ؟...»

قاسىمجاننىڭ ئايالى ئېغىر يىللارنى چىدام-غەيرەت بىلەن يەڭگەن، شۇ جەريانىدا كۈچ-قۇۋۋىتىدىن، ھۆسنىدىن ئاللىقاچان كەتكەن، تېخى ئەمدىلا ئاتمىش ياشقا قەدەم باسقان بولسىمۇ، بەكمۇ مەزگىلسىز قېرىپ، يەتمىش-سەكسەن ياشلاردىكى مومايلاردەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. قاسىمجان ئالدىدا تۇرغان گۈلسىنەم بىلەن ئايالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆڭلى تېخىمۇ بەتتەر ئەسكى بولۇپ كەتتى.

ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغان كۈننىڭ دەل-دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن چۈشكەن ئاخىرقى نۇرلىرى گۈلسىنەمنىڭ سۈزۈك يۈزىدە ئويناقتا ئىدى. قاسىمجان يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن قوزغىلىۋاتقان شېرىن ھېسسىياتلار ئىلكىدە تولغىنىپ، گۈلسىنەمگە ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئۇ گۈلسىنەمنى كۆرگەندە، مېنى تونۇيالارمۇ، تونۇسىمۇ قارىماي ئۆتۈپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلىغان. ياق، ئۇنداق بولمىدى، گۈلسىنەم ئوچۇق-يورۇق كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى. قاسىمجاننىڭ ئەندىشىلىرى يېتىپ، يۈرىكىگە شۇئان بىر پارچە ئوت چۈشتى.

— كاتتا شائىر بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى گۈلسىنەم ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، — ئاڭلاپ تۇردۇم، توپلاملىرىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

مۇ ئوقۇپ تۇردۇم، سىزنىڭ ئالمۇتىدا
ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققىنىمغا بىرنەچچە
يىل بولدى.
— مەنمۇ سىزنىڭ تاشكەنتتە ئىكەن-
لىكىڭىزنى ئۇققان، ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭ-
لىدىم، تېلېۋىزوردىمۇ سىزنى كۆردۈم.
شۇ چاغدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەت-
كىنىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزۈم. نېمى-
سىنى ئېيتاي، ئۆمۈرگە ئۆكۈنۈش، پۇشاي-
مان ھەر دائىم ھەمراھ ئىكەن. رەھىم-
سىز تەقدىردىن قاتتىق ئۆكۈندىم. بىلەم-
سىز گۈلسىنەم، سىزنى شۇنچىلىك كۆر-
گۈم كەلدى، تاشكەنتكە ھەر كەلگىنىمدە
ئىزدەي دەپ نەچچە تەمشەلدىم، لېكىن
قورۇندۇم، قوغلىنىپ يۈرگۈزەلىدى دەپمۇ ئەنسى-
رىدىم، ئارزۇيۇمنى قورقۇنچىم بېسىپ
كەتتى.
— مېنى ئىزدىگەن بولسىڭىز، خۇشال-
لىقتىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى،
ئېرىم ناھايىتى كەڭ قورساق ئادەم،
سىزنى ئەتىۋارلاپ مېھمان قىلغان
بولاتتۇق.
— ئەمدى مەن سىزنى كۈتىمەن،
بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن، — دېدى قا-
سىمجان قاتتىق ھاياجاندىن تىت-
رەپ، — كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر تارىخىدا ئوت-
تۇز يىلدىن كېيىن، سۆيۈملۈك ئادىمى
بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى ناھايىتى كەم
ئۇچرايدۇ. مۇشۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش-
نىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ رېستۇراندا بىرئاز
ئولتۇرايلى.
گۈلسىنەم قارشىلىق قىلمىدى. قا-
سىمجان بىلەن ئۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قې-
لىش ئۇنىڭ ئېسىگە ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ
يۈرەك باغرىنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى. ياش-
لىقنىڭ بەگىباش چېغى، لەززىتىنى ھېچ-
نېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان
مەزگىلى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ياخشى
بىلەتتىكى، ئاشۇ مەزگىل ھاياتىدىكى
يېڭى، باشقىچە بىر مەزگىل بولغان. ۋاق-
تى قىسقا بولسىمۇ، ئەنە شۇ لەززەتلىك،
ئۇنتۇلغۇسىز چاغلارنى قاسىمجان ئىككى-
سى ياراتقان ئەمەسمىدى ... ھاياتىدىكى
ئەڭ ئېسىل چاغلارنى ئېسىگە سالغان ۋە
ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ
تەكلىپىنى قانداقمۇ رەت قىلغىلى بولسۇن!
ئۇ قاسىمجاننىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈ-
زۈپ رېستورانغا قاراپ قەدەم باستى.
— بۇ چاچلار بىكارغا ئاقارمىدى، —
دېدى قاسىمجان ئىككىسى رېستورانغا
كىرىپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغاندىن
كېيىن، — بۇياققا قاراپ باسقاندەك چىقىپ
قاپتىمىز. چىقىپلا نېمە قىلىشىمىزنى بىل-
مەي گاڭگىراپ قالدۇق. بارسا-كەلمەس
يولنىڭ ئۆزىگىلا كىرىپ قاپتىكەنمىز، بار-
يوقىمىزنى سېتىپ ئىككى-ئۈچ يىل ياشى-
دۇق. بولمىدى، ئاخىرى كولخوزغا كىرىپ
15 يىل ئىشلىدىم. ئوقۇغان كىتابلار،
كۆرگەن كىنولاردىن بۇ يەرنى خۇددى
بېھىشتەك تەسەۋۋۇر قىلىپتىكەنمىز، نەدى-
كىنى، ئۇ چاغلاردىكى كولخوزلار بىزنىڭ
كۆڭلىمىدىنمۇ رودو، كۆتۈرەم بولغان كا-
لىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن، شۇنچە ئىشلەپمۇ
قىرىدىن ئاشالمىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى ئايا-
لىمنىڭ قولىدىن ماشىنىچىلىق كېلەتتى،
ئۇنىڭ شۇ ھۈنىرى بولمىغان بولسا، نېمە
كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر
قىلالمايمەن ... كېيىن يول تېپىپ ئالمۇ-
تىغا كۆچۈپ كەلدۇق. «كەمبەغەل بول-
ساڭ شەھەر تالاش» دېگەنلەر توغرا

دەپتىكەن، ئالمۇتىغا كەلگەندىن كېيىن، تۆۋەن مائاشلىق بولسىمۇ، ھەر ئىككىمىز ئىش تاپتۇق. كىشىنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كېپىللەندۈرۈلمىسە، مەنىۋى تۇرمۇشى ئېسىگىمۇ كەلمەيدىكەن، يوقسۇللۇق زەنجىرى بەلنى قاتتىق بوغقان چاغلاردا چۈشكۈنلۈك ئىپادە قىلىنغان ئانچە-مۇنچە شېئىرلار يازغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن بۇ كوچىغا كىرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئارزۇ-ئارمانلىرىم بوراندا قالغان قامغاقتەك دومىلاپ-تېنەپ قاڭقىدى ... ھايات بىر قارىسىڭىز ئىنتايىن تار، كىشىنى ئامبۇردەك قىسىدىغان، بىر قارىسىڭىز ناھايىتى كەڭ، گۈزەل، ئادەمنى ئالغا ئۈمتۈلدۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىكەن. ھال-كۈنىمىز ئوڭشالغاندىن كېيىن ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم قايتا قوزغالدى، قەلىمىمنى يەنە قولۇمغا ئالدىم. ئانا يۇرتىمىزدا يازغان شېئىرلىرىم بىلەن كېيىنكى يازغانلىرىمنى بىر توپلام قىلدىم. باللارمۇ چوڭ بولۇپ ئەسقاتتى. ھازىر بىرنەچچە توپلىمىم چىقتى، تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشىلانغىنىغا مانا ئەمدى تۆت-بەش يىللار بولدى. قېنى، كۆرۈشكەنلىكىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

— ھازىر نەچچە بالىڭىز بار، قاسىمجان؟

— ھەي، كەمبەغەللىكنىڭ بالا تېپىشتىن باشقا خۇشاللىقى بولمايدىكەن، سەككىز بالام بار، ئانىسىنى كۆرسىڭىز، بەئەينى موماي بولغاندىمۇ، كۆشەشمۇ خۇش ياقماس بولۇپ قالغان سىيرىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى.

— جاپايىڭىزنى كۆپ تارتقاندۇ؟

— تارتىشنىغۇ تارتتى، بىراق ئۇنىڭدا مۇھەببەت، ھېسسىيات دېگەنلەر ئاللىقاچان ئۆلگەن...

گۈلسىنەمنىڭ قاسىمجانغىمۇ، تېخى ئۆزى كۆرمىگەن، قاسىمجان بەئەينى موماي دەپ تەسۋىرلەۋاتقان ئايالىغىمۇ ئىچى ئاغرىپ، مەيۈسلىنىپ شۈكۈتكىدە بولۇپ قالدى. قاسىمجاننىڭ تۇيغۇن كۆزلىرى گۈلسىنەمدە قانداق ھېس-تۇيغۇلارنىڭ قوزغالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇشۇقچە سۆزلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. گۈلسىنەمدىكى بۇ ھېسسىيات ئۇلار كوچىغا چىقىپ، خېلى يەرگە بارغۇچە بېسىلمىدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئېلېكتر نۇرلىرىدا ۋاللىداپ كەتكەن كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلاپ قالغان. ئىككىسى خىلۋەت بىر دەرەخزارلىق ئارىسىغا كېلىپ توختىدى.

— مانا سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدى گۈلسىنەم، — ئېسىڭىزدە باردۇ، مەن سىزگە ئېرىم توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن، ھازىر ئۇمۇ مەزگىلسىز قېرىپ كەتتى. ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ، كۈنلەپ يوقاپ كەتسەممۇ، نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ، دېمەيدۇ. بۇرۇنقى ياۋاشلىقى ھازىر زۇۋان سۈرمەسلىككە يېتىپ باردى. قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ئۇنىڭغىمۇ شۈكرى دەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— باشقا ئىشلارنى ئويلىمامدۇ؟

— نەدىكىنى دەيسىز، ئۆمرىمىز بىر يەرگە باردى، ئالدىرىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئالدىرايدىغىنى ئوقۇش-يېزىشلا، تۇرمۇشتا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلار خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بىراق ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، ئۇ بىر باشقا ئىش، مىجەز-خاراكتېر دېگەن باشقا بىر ئىش ئىكەن، ياخشى ئەسەر يازغان ئادەمنىڭ سىزگە يېقىشى ناتايىن ئىكەن. ئۇزۇن يىللىق ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ ماڭا بەرگەن چۈشەنچىسى مۇشۇ بولدى.

— مەن سىزنى تۇرمۇشنى باشقىدىن قۇرغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنداق بولماپتۇ.

— ئۆز يۇرتىمىز بولسا، ئاللىقاچان باشقىدىن قۇرغان بولاتتىم، باشقىلارنىڭ يۇرتىغا چىقىپ قاپتىمىز، بۇ يەرگە چىقىپ تارتقان-مىسكىنلىكىمىز، مۇساپىرلىقىمىزمۇ يېتەر، دەپ ئويلىدىم.

— بولدى، يۈرىكىمىزنى ئېزىپ، مۇساپىرلىقىمىزنى قوزغىمايلى، — دېدى قاسىمجان. ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە نەپەسلىرى ئۆتۈشكۈدەك يېقىن تۇرۇشاتتى. ئۇ گۈلسىنەمنىڭ قولىنى تۇتتى، — كۆڭۈللۈك گەپلەرنى قىلايلى، ئېيتىڭا، هازىرمۇ ياشلىقىڭىزنى ئويلامسىز؟ ئاشۇ...

— ئاقسۇدا سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم، — دېدى گۈلسىنەم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — هېلىمۇ ئېسىمدە هازىرقىدەك تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئويلىماي مۇمكىنمۇ!...

— هېلىمۇ شۇ كۈنلەرنى قەدىرلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن ئۆزۈم خالاپ قىلغان ئىشنى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس، ياشلىقتا بېسىلغان قەدەملەر، ئۆز مەيلىڭىز بىلەن قىلغان ئىشلار يۈرەككە ناهايىتى چىڭ ئورناپ كېتىدىكەن.

— راست، راست دەيسىز، يۈرەككە گۈلدەك چېكىلىپ قالىدىكەن... مەن گۈلنىڭ قەدرىنى بىلمەي، تىكەننى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتىم، يۈرىكىم زېدە بولۇپ كەتتى... گۈلسىنەم، مېنىڭ پەرىشتەم، قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇرغۇيۇم، ياق، ياق، ئۆزۈم ئۇچۇرۇۋەتكەن قۇرغۇيۇم... — هېسسىياتى قوزغىلىپ قاتتىق هاياجانلانغان قاسىمجان نېمىلەرنى دەۋەتقانلىقىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيتتى، — بىلەمسىز، مېنى ئېچىنىش، ئازاب، ئەلەم ئوتتۇز يىل قىينىدى، ئادەمنىڭ شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك ئىكەنلىكىگە هەيرانمەن... كۆڭلۈمدە قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارنى بۈگۈن سىز تارقاتتىڭىز... ياشلىقىمنى سىز، پەقەت سىزلا قايتۇرۇپ كەلدىڭىز... ئاه، گۈزىلىم، ئومىقىم... مەن ئۈچۈن سىز يەنىلا ئاشۇ يىللاردىكى گۈلسىنەمسىز، ماڭا قاراڭا...

قاسىمجان ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ چۈشەكەۋاتقان ئادەمدەك ئېيتىۋاتقان مۇھەببەتلىك سۆزلىرى، قىزغىن ئەركىلىتىشلىرى گۈلسىنەمنى يېرىم بېھوشلانغان ئادەمدەك هالغا كەلتۈرۈپ قويدى، ئۇ بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. قاسىمجان ئۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

ئۇلار قۇچاقلاشقان پېتى خېلى ئۇزۇن تۇرۇشتى. قايتا يانغان ياشلىق ئوتلىرى يالقۇنجاپ كەتكەنىدى، ئۆزلىرىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرمۇ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيتتى، هەر خىل تىۋىشلار، ۋالىچۇڭ ئاۋازلارمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، پۈتۈن دۇنيا ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى.

ــ بولدى ئەمدى ... ياشلىقىمىزنىڭ
هۆرمىتىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگىنىمىزمۇ
يېتەر، قاسىمجان، ــ دېدى گۈلسىنەم
ئۇنى ئۆزىدىن ئىتتىرىپ.

گۈلسىنەم بېگۇنكى ئۇچرىشىشتىن
ئۆزىنى ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى قىرىق
كوكۇلىلىق قىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك
سېزىپ، مۇھەببەت مەستلىكىدىن بوشاشقان
ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئۆيى تەرەپكە
ماڭدى ۋە ئاقسۇدا ئۆتكۈزگەن ھېلىقى
لەززەتلىك كۈنلىرى قايتىپ كەلگەندەك
ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

2

ئۇلار 1955-يىلى ئاقسۇدا تونۇش-
قانىدى. ئۇ چاغدا قاسىمجان ئۈرۈم-
چىدە ئىشلەيتتى، ئايالى، بىر ياشلىق
ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاقسۇغا بىر ئايلىق
خىزمەت بىلەن بارغان. بارغان كۈنى
كەچتە ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكىگە قاتنى-
شىپ، خۇددى «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپ-
تۇ» دېگەندەك، ناخشا ئېيتىپ چىققان
گۈلسىنەمنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ
قالغان. شۇ كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتاي
دېگۈچە ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي تۇرقىنى،
جان ئالغۇچى سېھىرلىك كۆزلىرىنى، قى-
رىق كوكۇلىلىق چاچلىرىنى، يېقىملىق
ئاۋازىنى، ناخشا ئېيتقان چاغدىكى
نازۇ-كەرەشمىلىرىنى ئويلاپ چىققا-
نىدى.

قاسىمجان كىشىلەردىن ئاسماقچىلاپ
سوراپ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون سەككىز
ياشقا كىرگەنلىكىنى، بۇلتۇر ياتلىق بول-
غان بولسىمۇ، تېخى بالىسىنىڭ يوقلۇقى-
نى، ئېرىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىدە
ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدى. لېكىن گۈل-
سىنەمنىڭ بۇ تۇرمۇش ھالىتى قاسىمجان-
نىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش نىيىتىگە سايە
تاشلىيالمىدى.

قاسىمجاننىڭ گۈلسىنەم بىلەن تو-
نۇشۇشىغا پەقەت ئۈچ كۈنلا كەتتى. بى-
رىنچى كۈنى ئىشتىن يانغاندا، تۇيغۇن
تېتىك ياش ئارتىسكا ئۆزىنىڭ كەينىگە
بىرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى تۇيدى ۋە
«ئەجەپ قاملاشقان نېمىكەنا، كىمدۇ؟»
دەپ ئويلىدى. ئىككىنچى كۈنى: «ماڭا
كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمى-
سا ئۆيۈمگىچە كېلەتتىمۇ، بىر نەرسە
دەيدىغاندەكلا قىلدۇغۇ!...» دەپ ئۈمىدلەن-
دى. ئۈچىنچى كۈنى: «تېزرەك گەپ
قىلسىمىغۇ، ئادەمنى تەقەززا قىلماي
كېچىچە چۈشەپ چىقىپتىمەن» دەپ ئۇ-
نىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى ۋە كەينىگە
كۈلۈمسىرەپ قاراپ-قاراپ قويدى. دەل
شۇ پەيتنى كۈتكەن قاسىمجان ئىتتىك
كېلىپ ئۇنىڭغا گەپ ئېچىپ ئۆزىنىڭ
كىملىكىنى ئېيتىپ ھەم بىردەم پاراڭلى-
شىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ياتاققا تەكلىپ
قىلدى، گۈلسىنەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى
چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇ ئىككىلەنمەيلا
قاسىمجاننىڭ ياتىقىغا باردى. قاسىمجان
ئۇنىڭ شۇنچە تېز ئىندەككە كەلگەنلى-
كىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئىككىسى
بىر سائەتكە يېقىن پاراڭلىشىپ ئولتۇر-
دى. گۈلسىنەم ئۆزىنىڭ ئاقسۇدا تۇغۇ-
لۇپ چوڭ بولغانلىقىنى، ناخشىنى ئىنتا-
يىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، روللارغا
چىقىشنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى، تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا

ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقىدىن سەنئەتتە ئۆمەككە تاللانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، قاسىمجانمۇ ئۆزىنىڭ غۇلجىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئاقسۇغا خىزمەت بىلەن كەلگەنلىكىنى، گۈلسىنەمنى سەھنىدە كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

— بىراق مەن، — دېدى گۈلسىنەم يەرگە قاراپ قانداقتۇر بىر مۇلايىملىق بىلەن، — سىز كۈتكەندەك قىز ئەمەسمەن، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ياتلىق بولغان... ھازىر ئېرىم بار...

— بىلىمەن، — دېدى قاسىمجانمۇ، — بۇ تەرەپلىرىڭىز كۆزۈمگە كۆرۈنمىگىنى يوق، مېنىڭمۇ ئائىلەم بار، ئاتا-ئانام زورلاپ ئېلىپ بەرگەن، لېكىن كۆڭلۈم يوق، قاتتىق پۇشايماندىمەن.

— مېنىڭمۇ شۇنداق، — گۈلسىنەم بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئاتا-ئانامنىڭ زورى بىلەن تەگكەن، كۆڭۈل خالىمىغان تۇرمۇش تېتىمايدىكەن، بارغانسېرى شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ئىككىمىز ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقۇپتىكەنمىز، كۆڭۈل خالىمىغان تۇرمۇشنى خۇدا ئۇرسۇن، ئۆيگە كىرسەم تۇتۇنلىمەن، سىرتقا چىقسام ئېچىلىمەن، يىراق يەرلەرگە كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ.

— راست، ئىككىمىز ئوخشاشكەنمىز، ھېسسىياتلىرىمىزمۇ ئوخشاش ئىكەن، — گۈلسىنەم ئېچىلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— قاراڭ، بۇ ئوخشاشلىق ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ قويىۋاتىدۇ... يا ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ...

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەمدىكى تەقدىرىمىز—... قاسىمجان ئۇنىڭ قولىنى تۇتقانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ... كېتىمەن، — ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. قاسىمجان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاردى.

— توختاڭا، قاچان كېلىسىز، يا يولدا ساقلاپ تۇرايمۇ؟

گۈلسىنەم كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان يۈزىدىن، زىلۋا بوي-تۇرقىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى.

— خوش، ئەتە كېلەي.

ئۇ نازۇك جىلۋە بىلەن چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ كەتتى. قاسىمجان تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. كۆرۈۋاتقىنىم ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ، دەپ گاڭگىرىدى. ئۇ گۈلسىنەمنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، بۇ مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. «ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلسام، ئاسانلا ماقۇل بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىكەن-دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئېرىگە كۆڭۈلسىز ئىكەن، ئەگەر ئۇ خالىسا، باشقىدىن ئائىلە قۇرىمەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشىم — بەختىمنىڭ ئېچىلغانلىقى».

— ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئەرگە تەگكەن قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئېرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ، — دېدى گۈلسىنەم ئەتىسى قاسىم-

جاننىڭ ياتىقىدا ئولتۇرۇپ، — كۆڭلۈمنى چۈشۈپ قالار ئىدى، لېكىن ئۇ ھېسسىياتسىز ئادەم ئىكەن. خىزمەتكە بارىدۇ، كېلىدۇ، يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇيدۇ، شېئىر يازىدۇ، مېنىڭ بىلەن، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىم بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەسلىدە مەن، ئۇ مېنىڭدىن ئون نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ بوپتىلا، شائىر ئىكەنىغۇ، ھېسسىياتلىق، شوخ، تېتىك ئادەمدۇ، ياشلىقنى قەدىرلەشنى بىلىدىغاندۇ، دەپ تەگكەن. نەدىكىنى دەيسىز، ئۇنداق ئالامەتلەر دورىلىقىمۇ تېپىلمايدىكەن، بەئەينى ياغاچ ئادەمنىڭ ئۆزى، تېگىپ كەتسىڭىز ئۆرۈلىدۇ، يۆلەپ قويسىڭىز تۇرىدۇ.

— شۇنداق، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى، ھەمراھىنىڭ ھەۋەس-تەلەپلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان ئادەملەر بولىدۇ، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، — ئۇنداق ئادەملەر كىشىنى بۇرۇختۇم قىلىدۇ، قىينايدۇ، ئازابلايدۇ. يامان يېرى ئۇنداق ئادەملەردە سىزنىڭ نېمىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى سېزىش ھېسسىمۇ بولمايدۇ.

قاسىمجاننىڭ دەۋاتقانلىرى گۈلسىنەمنىڭ دەردلىرى ئىدى.

— راست دېدىڭىز، ئۇ مېنىڭ نېمىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىمنى سەزمەيدۇ... ئەر دېگەن ئائىلىدە ھەر جەھەتتىن ئايالدىن ئۈستۈن تۇرۇشى، قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بولۇشى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ئەدەبلىشى، قىسقىسى، باشقۇرۇشى كېرەكتە. يوقاپ كەتسەم نەگە باردىڭ دېمىسە، يېرىم كېچىدە كەلسەم سورۇشـ تۇرمىسە، ئۇنىڭ نېمىسى ئەر! ھەددىدىن زىيادە ياۋاش، لايغەزەل ئادەمنى قانداقمۇ ئېرىم بار دېگىلى بولىدۇ؟ ھاراق-شاراب، تاماكىدىمۇ يوق، يېنىغا كەلسىڭىز گۆدەك قىزلارنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، — ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك مۇڭلۇنى قوشۇپ قويدى، — شائىرمىش تېخى...

قاسىمجان گۈلسىنەمنىڭ چاچلىرىنى سىيلاپ ئەركىلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ خۇمارلىشىۋاتقانلىقىنى، چوڭقۇر-چوڭقۇر تىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سۆزۈك لېۋىگە، زىلۋا قاشلىق مەڭزىلىرىگە، بىردە ئېچىنىش، بىردە سۆيۈنۈش يانغان كۆزلىرىگە، ئاپپاق بويۇن، ئوچۇق مەيدىلىرىگە، يالتىراق چاچلىرىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇزاق سۆيدى، چىڭ قۇچاقلىدى... ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلەلمەي قالغان گۈلسىنەمدە شۇئان سېلىشتۇرما پەيدا بولدى: ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا ئەركىلەپ بارسا، ئېرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ياكى مۈرىلىرىنى سىيلاپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن چاڭقاق لەۋلىرى چاڭقاق پېتى، ياشلىقىنىڭ ئۇنىڭدىن زارىقىپ كۈتكەن تەلەپلىرى تېپىچەكلەپلا قالاتتى. شۇ تۇرقىدىچۇ؟ شۇ تۇرقىدا ئوتتەك يانغان بەدىنىنىڭ ئىلىكىدە، سۆيۈشىدە، قۇچاقلىشىدا... ئۇ تۇرمۇشنىڭ مۇنداقمۇ شېرىن يەرلىرى بولىدىغانلىقىنى، كىشى ۋۇجۇدىنى ھۇزۇرلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم سەزمەكتە ئىدى.

مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قاسىمجان خوتۇننى قويۇۋەتمەكچى، گۈلسىنەم ئېرىدىن ئاجراشماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى توي قىلىپ، قاسىمجان گۈلسىنەمنى ئۈرۈمچىگە

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ مەسلىھەتلەشـ
تى. ئۇشتۇمتۇت يانغان مۇھەببەت ئوتـ
لىرى ئىككىسىنى شۇ قارارغا كەلتۈردى،
ئۇلار ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە
باشلىدى. بىرى ئېرىنى، بىرى خوتۇنىنى
پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى، ئەمما شۇ كۆڭۈللۈك
چاغلاردا بىر پېشكەللىكنىڭ يوشۇرۇنغانـ
لىقىنى ھەر ئىككىسى بىلمەيتتى.

قاسىمجاننىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ
يېقىنلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلسـ
نەم قاسىمجانغا كەچكى ئويۇننىڭ بېلـ
تىنى ئەكىرىپ بەردى. سەھنىدە بىر
مۇزىكىلىق دىراما ئوينىلىۋاتاتتى. گۈلـ
سەنەم يېتىم قىزنىڭ رولىدا ئىدى.
ئەنە، ئۇ ئۆزىنى تۈرمىگە چۈشۈپ، شۇ
يەردىن قېچىپ چىققان ئاشىقى مالاي
يىگىتكە ئاتتى. يىگىت ئۇنى باغرىغا
باستى، باشلىرىنى سىيىلىدى... قاسىمجاننىڭ
پۈتۈن بەدەنلىرىدە شۇئان كۈنچىلىك
ئوتلىرى ياندى، غەزىپى كەلدى، كۆز
ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پۇت - قوللىرى
تىترەپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى:
«ئۇنىڭ كەسپى — ماڭغان يولى مۇشۇ
ئىكەن - دە ... ئۇنى يىگىتلەر مىجىقلايدىـ
كەن، قۇچاقلايدىكەن، — دەپ غالىلداپ
تىترىدى ئۇ، — قانداق چىداش مۇمكىن،
مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى ئالمايمەن، ھەرـ
گىز ئالمايمەن!»

قاسىمجان گۈلسەنەمنى مۇشۇ سەھـ
نىدە كۆرۈپ، ياخشى كۆرۈپ قالغان،
يەنە مۇشۇ سەھنىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈـ
دى، يىرگەندى، ئويۇننىڭ ئاخىرىغىچە
تاقەت قىلالماي كۇلۇپتىن چىقىپ كەتتى.

گۈلسەنەم ئۇنىڭغا بېلەت ئەكىلىپ
بەرگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى،
كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئەنە
ئىككىسى قاسىمجاننىڭ ياتىقىدا، گۈلسـ
نەمنىڭ كۆزلىرى ياش، قاسىمجان غەزەپـ
لىك. بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەزەپ-نەپـ
رەت، ئۆچاۋلۇك، يەنە بىرىنىڭكىدىن بولسا
ئازاب، ئەلەم، پۇشايمان تۆكۈلۈپ
تۇراتتى.

— ياق! — دەيتتى قاسىمجان ۋارـ
قىراپ، ئۇنىڭ ئەسەبىيلەشكەن يۈزىدە
قاننىڭ دىدارى قالمىغانىدى، — سىزنى
كۆرگەنلا يىگىتلەر قۇچاقلاپ مىجىقلايدىـ
كەن، بۇنى مەن كۆتۈرەلمەيمەن!

— نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز! —
دەيتتى گۈلسەنەم مۆلدۈرلەپ، — بۇ مېنىڭ
كەسپىم، ۋەزىپەم، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ
قىلغىنىم ئەمەسقۇ، سىز ئاگاھ ئادەم
تۇرۇپ ...

— قۇرۇسۇن مۇنداق ئاگاھلىق!
بولدى، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن!

— قاسىمجان، جېنىم قاسىمجان...
ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — ئۇ ئىتتىك
كېلىپ قاسىمجاننى قۇچاقلىۋالدى، —
دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بەختىمنى سىزدىنلا
تاپتىم، سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىـ
غانلىقىمنى بىلمەسىزغۇ ... مېنى چۈشىنىڭ
قاسىمجان! ...

گۈلسەنەمنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەبـ
بىتى بىلەن قۇچاقلىشى ۋە
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قاقشاپ چىقىۋاتقان سۆزـ
لىرى ئۇنى بىرئاز ئېرىتتى:

— بوپتۇ ئەمىسە، كەسپىڭىزنى
ئۆزگەرتىڭ.

— ياق، قاسىمجان، ياق، مەن كەسـ
پىمنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇنـ
داق قىلماڭ، كەسپىمنى ھۆرمەت قىلىڭ،

قۇلىڭىز بولاي!...

— نېرى تۇرۇڭ!

قاسىمجان ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. گۈلسىنەم ئۇنىڭغا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، يېلىنىپ تىزلاندى:

— ماڭا رەھىم قىلىڭ، قاسىمجان، جېنىم قاسىمجان... مېنى تۇتۇۋېلىڭ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ!...

بىراق قاسىمجان ئۇنى تۇتۇۋالمىدى، ئۇ ئەتىسىلا ئاقسۇدىن كەتتى. گۈلسىنەم قاڭغىر - قاقشاپ قالدى. ئۇ قاسىمجاننى «مەن ئۈچۈن ئوتقا كىر» دېسە كىرگۈدەك، «سۇغا چۈش» دېسە چۈشكۈدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. قاسىمجان كەتكەندىن كېيىن ھەتتا ئۇ كەسپىمنى نېمىشقىمۇ ئۆزگەرتمىگەندىمەن، ئۆزگەرتكەن بولسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماس ئىدىم، دەپ پۇشايمانمۇ يېدى ۋە ئۇزاق يىللارغىچە ئۇنى ئەسلەپ يۈردى. ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ، تاشكەنت شەھىرىدە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، گەرچە ئۇ تاشلاپ كەتكەن بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا يەنە بېرىلىپ قالدى. شۇنداق بولۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇچاقلاش - سۆيۈشلىرىگە باش ئېگىشنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇ ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ خىلۋەت مېھمانخانىدا قاسىمجان بىلەن ئىككى سائەت بىللە بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئۆيىگە ياندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەززەتتىن يايراپ، پۈتۈن تۇرقىدىن — زىناقلىق مەڭزىلىرىدىن، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى، چىرايلىق كۆزلىرىدىن، قاپقارا چاچلىرى، قويۇق كىرپىكلىرىدىن زوق، ئىپتىخار، شادلىق يېغىپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ قىنىقىنىغا پاتماي قالىدىغان چاغلىرى، پۈتۈن بەدەننى لەززەتلىك ئېقىم قاپلاپ كەتكەن مەزگىللىرى نېمىشقا قىسقا بولىدىغاندۇ، ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تۇيغۇدا ئۆتسە، دۇنيانىڭ راھىتىنى تەلتۆكۈس كۆرگەن بولمامدۇ، ئارمانسىز ياشىمامدۇ!

گۈلسىنەمنىڭ شېرىن ئوي - خىياللىرى خۇددى تاشكەنت كېچىسىدەك گۈزەل ئىدى. كوچىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقان يېنىك ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى ۋە ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەس ئىدى. ئىككى ياش يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا ئاتايىن سۈركىلىپ ئۆتكەنلىكىگە ئۇ گەپمۇ قىلمىدى، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغان ۋە بەلكى ئىككى كاچات ئۇرغانمۇ بولاتتى. ئارتۇقچە خۇشاللىق، ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىش ئادەمنى غەيرىي ئىشلارنى سەزمەيدىغان، سەزسىمۇ كەچۈرۈۋېتىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گۈلسىنەم قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ قاياققا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلمەي كېتىپ باراتتى.

ئۇ شۇ ھالدا كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى، تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى، ئۆيىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆيى خېلى كەينىدە قاپتۇ. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆز كوچىسىغا بۇرۇلدى، بۇرۇلۇپلا يولنىڭ چېتىدە دەرەخلەر ئارىسىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، توختىدى: «قىزىممۇ نېمە

www.uyghurkitap.com

ئۇ، ئاۋۇسى ھېلىقى ھارىمدەك قىلىدىغۇ! — گۈلسىنەمنىڭ بەدىنىگە بىردىنلا تىترەك ئولاشتى، ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ باقايچۇ، شۇلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە...» ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، دەرەخنى دالدا قىلىپ ئۇلارغا قاردى. ئېلېكتر نۇرلىرى دەرەخلەر ئارىسىدا ئالا كۆلەڭگىلەر پەيدا قىلغانىدى. يىگىت قىزنى قۇچاقلىۋېلىپ ھەدەپ سۆيمەكتە ئىدى. گۈلسىنەمنىڭ ھېلىلا يايراپ كەتكەن بەدەنلىرى بىردىنلا شۈركىنىپ، بىرسى تۇيۇقسىز كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغانىدەك كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى.

غەزىپى ئۆرلەپ ئېتىلىپ بارغانچە قىزىنىڭ چاچلىرىنى يۈگەپ راسا سالغۇسى، ئاۋۇ ھارىمنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈسى كەلدى. بىراق ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قىزىنى چاقىردى. قىزى ئاپىسىنىڭ ئۈنىنى تونۇپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

چىرايىدىن شادلىق يېغىپ تۇرغان قىزىنى كۆرگەن گۈلسىنەمنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئېشىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. يىگىت گۈلسىنەمنى تونۇپ بەدەر قاچتى. ئانا قىزىنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇپ سوراققا ئالدى.

— كىم ئۇ؟

— ئىسمەت.

— شۇمىكىن دېۋىدىم...

— ھەئە، ئاشۇ ئىسمەت.

— ئىسمەتكە تېخى تويمىغانمىدىڭ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان رەسۋا!... ھوي بۇزۇق! گەپ قىلە!...

قىزى ئاپىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستا قاراردى. قىزىنىڭ كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش كۆرۈنمەيتتى.

— گەپ قىل دەۋاتىمەن!

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ياخشى كۆرىدۇ؟

— ھەئە، ياخشى كۆرىدۇ، — قىزنىڭ چېھرىدە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— ئاياللىنىچۇ؟

— ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاپا.

— ياخشى كۆرمەيدۇ؟... ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆي تۇتامدا - ھە!... سېنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنى ئالغان ئادەمگە ئالدىنىپ ئۆزۈڭنى بۇلغاۋاتامسەن - ھە!...

— ئۆزى شۇنداق دېگەن، راست ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ... مەنمۇ... مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئاپا!...

— ھوي، غۇرۇرى يوق لالما!... — گۈلسىنەم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — ئۆز قەدرىنى يەرگە ئۇرغان نومۇسسىز!... ياخشى كۆرىمەن دەپ قويسا، شۇنىڭ قورچىقى بولۇپ يۈردۈڭمۇ، قىزلىق نومۇسۇڭ، ئادەملىك غۇرۇرۇڭ نەگە كەتتى رەسۋا؟... ئىككىنچى شۇنىڭغا ئەگىشىپ باق، پۇتلىرىڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام!

گۈلسىنەم يول بويى قىزىنى نوقۇشتۇرۇپ، سۆرىكەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بېشى ساڭگىلاپ، شۈمشىيىپ قالغان قىزى ئۈن - تىن چىقارماي، ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى. گۈلسىنەم بىردەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇردى - دە، ئاستا ياتاق ئۆيىگە ماڭدى.

ئۇ ياتاق ئۆيىگە نېمىشقىدۇر تارتىنىپ، ھەدىسە بىرىنچى قېتىم ئېھتىيات بىلەن كىردى. ئېرى يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۈلسىنەم كارىۋاتنىڭ ئېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچىمۇ، تالامۇ جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى نامەلۇم خورلۇق، ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئەسكى بولدى. ئۆز - ئۆزىگە ئېچىنىش، خورلۇق تۇيغۇسى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتى، ئىنئامى. ئاشۇ تۇيغۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى، غۇرۇرىنى ئۆزىگە ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسكىلىك، ئىنساپسىزلىق، پەسكەشلىكتىن بەزدۇرۇپ، ئۇنى توغرا يولغا، روھىي گۈزەللىك، ساپلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. گۈلسىنەم گويا چايان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى: «مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم؟ — ئۇ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — ئۇنى تىللىدىم، ئۇردۇم، نېمىشقا ئۆزۈمنى تىللىمىدىم، ئۇرمىدىم؟... مەنمۇ، مېنى تاشلاپ كەتكەن، تۈكۈرۈپ تاشلىۋەتكەن ئادەمگە ئەگەشتىمغۇ، شېرىن گەپلىرىگە ئېرىپ كەتتىمغۇ... مەن خورلانمىدىممۇ، مېنىڭ بىساتىمدا ئۆز - ئۆزۈمگە ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش تۇيغۇسى يوقمۇ... قېنى مەندىكى نومۇس، ۋىجدان، ئىنساپ؟...»

گۈلسىنەمنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ گېلىغا ئەلەملىك ئاغرىق تىقىلىۋالغاندەك قىسىلاتتى، كۆز ئالدى بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ، ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتاتتى.

ئۇ كەينىگە ئاستا بۇرۇلۇپ، كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يېشىنمەيلا ياتتى. ئەمما كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇخلاپ قالسام بولاتتى، دېگەنىمۇ ئويلىمىدى، ئۇياق - بۇياققىمۇ ئۆرۈلمىدى، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، قېتىپ قالغاندەك ياتتى. ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، تاڭ يورۇشقىمۇ ئاز قالدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئويغاق. چۈنكى ئۇنىڭ تاپىنىدىن تارتىپ تا بېشىغىچە ئېچىنىش، خورلۇق تۇيغۇلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

3

قاسىمجان گۈلسىنەم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تاشكەنتكە پات - پات كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كەلسە گۈلسىنەم بىلەن ئۇچراشمىغۇچە كەتمەيتتى.

قاسىمجاننىڭ بۇ قېتىم تاشكەنتكە كېلىشى ئۆزىنى نەچچە ۋاقىتتىن قىيناپ كەلگەن ئوي - خىيالىنى گۈلسىنەمگە ئېيتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ناۋائىي كوچىسىدا ئۇچرىشىپ قالدى. گۈلسىنەم قاسىمجاننىڭ كۆزىگە ھەر قېتىمقىدىنمۇ چىرايلىق، ياش كۆرۈندى. بۇرۇنقى قىياپەتلىرىنى ئېسىگە سېلىپ ئۇ بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇچىسىدا مەيدىسى يېرىم ئوچۇق كۆڭلەك، كۆكسى ھېلىقى چاغدىكىدەك يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— چېچىڭىزنى نېمىشقا بويىۋالدىڭىز، قاسىمجان؟ — دېدى گۈلسىنەم يىدالىق تۇستە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، —

ئاقىرىپ تۇرۇشى ئۆزىڭىزگە قالتىس يارىشىپتىكەن.

— باشقىلارنى دوراپ باقتىم، — قاسىمجان ئوڭايسىزلىنىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالماي قالدى.

— بولماپتۇ، يارىشىملىق نەرسىلەرنى دورسا بولىدۇ، قاسىمجانغا ئوخشىماي قاپسىز؟

— سىزگە مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — كەچتە خالىيراق بىر يەردە ئۇچراشساق؟

— ھازىر دەۋېرىڭ، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىم دەخلى قىلاتتى؟

— ھازىر دېسەممۇ بولىدۇ، — قاسىمجاننىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ تىترىشى، ئوڭايسىزلىنىشىدىن گۈلسىنەم بىر قىسما روھىي ھالەتنى سەزدى.

— بۇرۇنمۇ تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈلسىز ئىدى، — دېدى قاسىمجان قىسقا جىملىقتىن كېيىن تەسلىكتە، — مېنىڭمۇ شۇنداق، ھېس قىلىشىمچە، ھازىرمۇ تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئەمەس، مېنىڭمۇ شۇنداق. ئۆتكەندە مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، مېنى كەچۈرۈڭ، ئەمدى تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن باشلىساق، قالغان ئۆمرىمىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك، دەيمەن. بەختىمىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن.

گۈلسىنەم كۈلدى. قاسىمجان ئۇ قىياس قىلغان گەپلەرنى دېگەنىدى. شۇڭا سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ:

— مەن ھازىرمۇ ئارتىس، بۇ كەسپىمنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە قىلماقچىمەن، قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

— ئەمدى مەيلى... بۇرۇنقى ئاداشلىقىمىزغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن.

— پۇشايماننى مەن قىلسام بولىدۇ، مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەن ئادەمگە كۆڭۈل بەرگەن ئىكەنمەن. تالاي يىللارنى ئازابلىنىپ سىزگە كۆڭۈل بەرگەنلىكىمنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ھېسلىرىم ئەمدى ئۆلدى، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

گۈلسىنەم شۇنداق دەۋاتسىمۇ، يۈزىدە يىللىق تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلار يەنىلا چاقناپ تۇراتتى.

— ئازابىنى سىزلا ئەمەس، مەنمۇ تارتتىم، بەلكى ئېغىرراق تارتتىم. ياشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ئەمدى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىزغۇ؟ — قاسىمجاننىڭ كۆزلىرى يېنىپ، بەدەنلىرىنى بىر خىل لەززەتلىك سېزىم قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپكۈندۈزدە، ئوچۇقچىلىقتا، كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

— مەن ياشلىقىمىزنىڭ سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى، لەززىتى چەكسىز بولغان مىنۇتلىرىنى قەدىرلەيمەن. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەبەدىي ئۇنتۇلماس چاغلار. بىراق ئەمدى شۇ كۈنلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللىق ھەمراھىمنى، ھەمراھىمنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئىككى بالامنى ئۇنتۇلۇپ قالسام بولاماس، قاسىمجان؟

— ئادەم ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنى ئويلىشى كېرەك.

— ئۇنداقتا، ئۆزىنى دەپ قەدىنا-

www.uyghurkitap.com

سىنى، بالىلىرىنى خارلىسا بولىدىكەن - دە، سىز شۇنداق ئويلاپسىزكەن - دە؟

— ئەمدى، مۇھەببەت شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ قېرىمايدىكەن!...

— قويۇڭ مۇنداق گەپلەرنى، — گۈلسىنەم بىرئاز تاتاردى، كۆزلىرىدىكى يېقىملىق نۇرلارمۇ ئۆچتى، — مەندە تۇنجى مۇھەببەت ئويغاتقان ئادەم، دەپ سىزنى ھۆرمەت قىلسام، ئاشۇ چاغلارنىڭ قەدرىنى قىلسام، مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قاپسىز - دە... مۇھەببەت قېرىمايدىكەن، دەيسىزا، سىز مۇنداق سۆزنى قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس، سىزدىكى ھازىرقى ھېسسىيات مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى شەھۋانىي ھەۋەس! بىز خاتا قەدەم باستۇق قاسىمجان، ئاددىيسى ئىنساپ قىلىشىمىز كېرەك ئىدى...

— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس... مەن قايتا يانغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار...

— قاسىمجان، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — بىز كىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمىز، قاراپ بېقىڭا؟

قاسىمجان بۇ سۆزگە دەسلەپ ھەيران بولدى، كېيىن ئەتراپىغا ھەم ئېگىزگە قاراپ، ناۋائىينىڭ ھەيكىلىگە — ئۇلۇغ زاتنىڭ سىماسىغا كۆزى چۈشتى.

— ناۋائىينىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمىز، — دېدى ئۇ گۈلسىنەمنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي.

— شۇنداق، ئۇلۇغ زاتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمىز، — دېدى ئۇ دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك دانىمۇ دانە سۆزلەپ، — ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ۋاپا، ئىنساپ، مۇھەببەتنى كۈيلەشكە سەرپ قىلغان. سىزمۇ شائىرسىزغۇ، مۇشۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ روھىنى قورۇندۇرماڭ، مۇشۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ھۆرمىتىنى بولسىمۇ قىلىڭ.

قاسىمجان بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، كېكەچلەپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان، مېنىڭچە، شائىر دېگەن ئۆزىنىڭ يازغىنىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىشى كېرەك. يازغىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان شائىردىن خەلق مەڭگۈ يىرگىنىدۇ، مەن سىزدىن يىرگەندىم!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

* *

گۈلسىنەمنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى قاسىمجاننىڭ يۈرىكىگە تەگدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى بوشىشىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى ۋە ھەيكەلگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ ھالدا قانچىلىك ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر چاغدا كۆزىنى ئاستا ئاچتى، ئادەملەر خىيالىي گەۋدىلەردەك كۆرۈندى. يۈز - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاران سەزدى. ئۇ شۇنچىلىك بوشىشىپ كەتكەنىدىكى، گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

ئەتىسى ئۇ ئايروپىلان بىلەن ئالمۇتىغا قايتتى. بىراق ھالى ئۇسال ئىدى، تۈنۈگۈندىن تارتىپ كېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. يول بويى ئالمۇ-

www.uyghurkitap.com

تىلىق ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ دورا ئىچكۈزۈپ كەلگەنىدى. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار قاسىمجاننى كىرا ماشىنىسىغا سېلىپ قويىدى.

قاسىمجان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىرا ماشىنىسىدىن تولىمۇ تەستە چۈشتى-دە، دەرۋازىدىن كىرىپلا «كۈپ» لا قىلىپ يىقىلدى. ھويلىدا باراڭ ئاستىدا تاماق يېيىشىۋاتقان ئايالى، بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— دادا، نېمە بولدۇڭ، دادا؟

— لەۋلىرىڭ گەز باغلاپ كېتىپتىغۇ، ئۇسسۇزلۇق ئىچ، دادا...

قاسىمجان كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ياق دەپ بېشىنى چايقىدى.

— داداڭلارنىڭ پات-پات بېشى ئاغرىپ قالىدىغان، — دېدى ئايالى ئالاقزادە بولۇپ، — دورىسىنى ئەكېلىڭلار.

قاسىمجان يەنە بېشىنى چايقىدى.

— دائىم بېشىڭىز ئاغرىسا، شۇ دورىنى ئىچىپ ئوڭشىلىپ قالاتتىڭىز-غۇ؟

— ياق، — دېدى قاسىمجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ، — ئۇ دورىلار مېنى ساقايتالمايدۇ... قوي ئۇ دورىنى...

قاسىمجاننىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئانىسى، بالىلارمۇ ھەيران بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىمجان ئىسمايىل

(بېشى 104 - بەتتە)

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ئەمدى...

جامالىدىن دورىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئوڭ كۆزىگە ئىككى تېمىم، سول كۆزىگە بىر تېمىم تېمىتىپ، بېشىنى يۆركەپ كەچكىچە ياتتى. ئاخشىمى ياتاردا يەنە تېمىتىپ تاڭ ئاتقۇچە تازا قېنىپ ئۇخلىدى. ئەتىسى ئەينەك ئالدىغا كېلىپ قارىۋىدى، قىزىرىپ كەتكەن كۆزى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. دورىنىڭ تېخى يېرىمىمۇ تۈگىمىگەنىدى. ئاتايىن ئۆزۈم پۇل خەجلەپ ئالغان دورىنى بىكاردىن-بىكار ئىسراپ قىلىۋەتكۈچە، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — تايىنلىق تۈگىگىچە ئىشلىتىۋېتەي. ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇ باھانە بىلەن كۆزۈمدىكى قىزىرىپ قېلىش كېسىلىنىڭ يىلتىزى تۈپ نېگىزىدىن قۇرۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس...

شۇنداق قىلىپ ئۇ دورىنى تۈگىگىچە ئىشلەتتى. كۆزىدىغۇ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، لېكىن ھەممە نەرسە سۇس تۇمان ئىچىدە لەيلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. قېرىشقاندەك بۈگۈنىمۇ يەكشەنبە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەردلىك قىلىپ چىشىنى چىشلەپ، ئېگىز-پەس دەسسەپ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا باردى ۋە داڭلىق كۆز دوختۇرغا كۆرۈندى.

— دورىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىشلىتىۋېتىپسىز، — دېدى دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ، — كۆزىڭىز يەنە قىزىرىپ قالمىسىلا پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن يەنە قىزىرىدىغان بولسىزە، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز!...

جامالىدىن قورقۇپ كەتتى ۋە يول چېتىدە ئاۋايلاپ قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ: ئەي خۇدا، كۆزۈمنىڭ يەنە قىزىرىپ قېلىشىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! بولمىسا تىرىك تۇرۇپ قارىغۇ گۆرگە مەھكۇم قىلىنىدىكەنمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر. كامىل تۇرسۇن

مۇھەممەت ئىمىن

# خەتەرلىك كېسەل

(ھېكايە)

جامالىدىن ئەينەككە قاراپ گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، ئۆز كۆزىنىڭ قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تۈنۈگۈنگۈ قورقىنچقا تېگىپ كەتكۈدەك بىر نەرسە يېمىۋىدىم، — دېدى ئۆزىچە پىچىرلاپ، — ناھايىتى ئۇزۇن يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشىم جالالىدىن ئاخىرقى قېتىم ئالغان 50 زىخ كاۋاپنىمۇ بىكاردىن-بىكار ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قورسىقىمنىڭ چىڭقىلىپ كەتكەنىگە قارىماي، زورلاپ يەۋەتكەنىدىم. يەنە ئازراق ھاراق ئىچتىم شۇ. ئەسلىدىنمۇ ئىچمىسەمغۇ بولاتتى، لېكىن جالالىدىن مېجىق جېنىدا ھالىغا باقماي باشقارما باشلىقى بولۇۋاپتۇ ئەمەسمۇ!؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىم چۇچۇتۇلگەن قىزىق ياغ چېچىلغانىدەك ۋاژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. كۆزۈمگە قىزىللىق قاپلانغانىدەك بولدى. مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان چاغلىرىدا كېپىنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايدىغان، ئايىغىدا ئۇمـ



ـلەپ يۈرىدىغان بىر نېمىنىڭ مەندىن ئېشىپ كەتكىنى نېمىسى؟ بۇنىڭغا كىمنىڭمۇ قورسىقى كۆپمىسۇن؟! غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. شۇ تاپتا بۇ مېجىقنى ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان يۇمشاق كاۋاپنى چاينىماي يۇتقاندەك ھاپىدە يۇتۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ھەربىر رومكىنى ئاغزىمغا ئاتقاندا يەنىلا چاندۇرماي: قېنى، خۇشە، خوش، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن، دەپ تۇرىمەن. ئىشقىلىپ ئاچچىقىمغا پايلىماي ئارقا-ئارقىدىن ئىچىۋېرىپتىمەن. ئۇمۇ كۆڭلۈمنى ئاياپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ رومكىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇردى، شۇنداق قىلىپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىچىپتىمىز. ئەجەبالىمەنەرلىكى،

www.uyghurkitap.com

شۇنچە ئىچىسەكمۇ، تۆگمىدەك بويىمىز بى-
لەن ئاران بىر بوتۇلكا ئىاق ھاراقنى
قۇرۇقداپتۇق، قارىسام، يېنىمدىكى شىرە-
دىن ئورۇن ئالغان بىرسى قۇشقاچتەك
چېنىغا باقماي ئىككى بوتۇلكىنى ئۆزى
يالغۇز قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن
مېنىڭ نەرىم كەم ئىدى دەپ ئويلاپ،
جاالىدىننىڭ بىقىنىغا نوقۇپ ئىشارەت
قىلىۋېدىم، ئۇ يەنە بىرنى ئەكەلدى، ئۇ-
نىڭ كېيىن ئەكەلگىنىنى بەكىرەك تەگ-
شىلىپ قاپتۇق، بولىدىلا، پىيەنچۇك
بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرمەيلى، دەپ، يې-
رىملاشتۇرۇپلا بولدى قىلدۇق. مانا ئېشىپ
قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراق تومپۇچكا
ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ھاراقنىڭ كۆپرەكىنى
غۇ مەن ئىچتىم، لېكىن ھاراق ھېچقاچان
ئىسسىق كەلمەيدۇ - دە، توۋا!

جاالىدىننىڭ كىرلىشىپ كەتكەن
ياقىسىغا كۆزى چۈشۈۋىدى، نېمە ئۈچۈن-
دۇر كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇ
ئۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى قويۇۋەت-
كەن خوتۇنى تىللاقىزنى يادىغا ئېلىپ،
ئېغىر خورسىنىپ قويدى. تىللاقىز شۇن-
داق كۆيۈمچان، شۇنداق ئۇدۇلۇق خوتۇن
ئىدىكى، ئۇنىڭغا جاالىدىننىڭ ئۆزىمۇ
ئىچ - ئىچىدىن قايىل ئىدى.

— سەن ئالدىنقى خوتۇنۇمدىن ئاس-
مان - زېمىن پەرق قىلىدىكەنسەن، — دې-
گەنىدى ئۇ بىر قېتىم تىللاقىزنىڭ
ئۆتۈندەك قويۇق ۋە قاپقارا چاچلىرىنى
مۇلايىملىق بىلەن سىلاۋېتىپ، — زەينەپ
دېگەن ئۇ ھازازۇل شۇنداق ئەسكى بىر
نېمە ئىدىكى، كاچىتىغا بىرنى سالا - سالا
مايلا ياقامغا ئېسىلىپ ئالەمنى - ماالەم
قىلاتتى. ساڭا ئوخشاش ئېغىر بېسىقلىق
بىلەن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ جىم تۇرۇۋېرىش-
نى بىلمەيتتى. ھېلىمۇ يادىمدىمۇ، ئۆتى-
كەن يىلى ئاچچىقىمغا پايلىماي ئاچ
بىقىنىڭغا قاتتىق دەسسەپ بىر تال قو-
ۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇۋېتىپتىمەن، ئاغرىققا
چىدىيالماي كالامىسغا تاش تەگكەن
يىلاندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتىڭ،
لېكىن يا «ئاق»، يا «كۆك» دېمىدىڭ،
ھەتتا «ۋايجان!» دەپ تۇۋلاپمۇ قويمى-
دىڭ. ئەتىسى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم،
ئىككى ھەپتە يېتىپ ئاران ساقايدىڭ،
بۇ جەرياندا ئىككى بالىنى باقالماي كۆر-
مىگەن كۈننى كۆردۈم. شۇ چاغدا سې-
نىڭ قەدرىڭگە تېخىمۇ يەتتىم. نانغا دەسسەپ
قەسەم قىلمەنكى، ئۆلسەممۇ سەندىن ھەرگىز
ئايرىلمايمەن، ئامرىقىم!

تىللاقىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇلاق-
تەك سۈزۈك شەھلا كۆزلىرىگە لىققىدە
ياش ئالغانىدى. ئۆزىنىڭمۇ جاالى-
دىن بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋەدە بەر-
گەن ۋە بۇندىن كېيىن بۇنداق قاتتىق
ئۇرماسلىقنى ئۆتۈنۈپ، يالۋۇرۇپ بىرھازا
كۆز يېشى قىلغانىدى. تىللاقىزغۇ
بەرگەن ۋەدىسىدىن يانمىدى. ئەپسۇسكى،
جاالىدىن نانغا دەسسەپ تۇرۇپ قىل-
غان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمىدى. ئالدىن-
قى خوتۇنى زەينەپنى ئىككى بالىسى
بىلەن يېزىدىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قوغ-
لىۋەتكىنىگە ئوخشاش تىللاقىزنىمۇ
ئىككى بالىسى بىلەن ئۆيىدىن ھەيدەپ
چىقاردى. كېيىن تونۇشلىرى ئارقىلىق
ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، چۆرى-
سىگە قارا سىزىق چۈشۈرۈلگەن قەغەزنى
كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يال-

ۋۇرۇۋاتقان تىللاقىزنىڭ قولىغا تۇتقۇ-
زۇپ قويۇپ، ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ
قالدى. بۇلارنى پۈتۈنلەي جاھالىتىدىن
كۆرسەك، ئۇ زادىلا قايىل بولمايدۇ،
ئەلۋەتتە. چۈنكى جاھالىتىنىڭمۇ
ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار - دە!
ئۇ ئالدىنقى خوتۇنى زەينەپنىمۇ، كېيىن-
كى خوتۇنى تىللاقىزنىمۇ بىكاردىن-
بىكار، سەۋەبسىزلا قويۇۋەتمە-
دى. زەينەپنى «ئىشچى، دېھقان، ئەس-
كەر، ئوقۇغۇچى» قاتارىدا ئالىي مەكتەپ-
كە چىقىۋېلىش ئۈچۈن قويۇۋەتتى. نا-
ۋادا شۇ چاغدا «ئۆي - ئوچاقلىق كىشى-
لەر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمايدۇ»
دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان بولسا،
جاھالىدىن قاراپ تۇرۇپ خوتۇن-
نى قويۇۋېتىدىغانىغا سارالڭ بولۇپ قاپ-
تىمۇ؟! ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەق-
لى دۆمبىسىگە چىقىپ قالمىغان - دە!
ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ بىلەن بالىلە
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى چالا - پۇلا
پۈتتۈرگەن مەخمۇت ئالىي مەكتەپكە چى-
قالايدىكەنۇ، جاھالىدىن نېمىشقا چىقالماي-
دىكەن؟! سەل بالدۇرراق ئۆي - ئوچاق-
لىق بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ گۇناھىمى-
كەن؟! ئۇنداقتا ئۇ بۇنداق «ئۆي -
ئوچاق» نىڭ كۇكۇم - تالقىنىنى چىقى-
رىۋېتەلەيدۇ! ئانىسى ئۇنىمۇ ئوغۇل بالا
دەپ تۇغقان، ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن
كېيىن قالمايدۇ!

ئەمدى ئۇنىڭ تىللاقىزدەك شۇنداق
ئوبدان خوتۇنىنى قويۇۋېتىشىگە نېمە
سەۋەبچى بولدى؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق
جاۋابكارلىقنى مەخسۇت ئۆز ئۇستىگە
ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ھېچ ئىش قو-
لىدىن كەلمەيدىغان بىر نېمە، بوي
دېسە بويى، چىراي دېسە چىرايى يوق
بىلىم ۋە قابىلىيەت دېگەنلەردىن ئېغىز
ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ئۇ،
جاھالىدىن قولىنىڭ ئۇچىدىمۇ قاتۇرۇپ
يېزىۋېتەلەيدىغان ئادەتتىكى گېزىت خە-
ۋەرلىرىنىمۇ يازالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇق-
لۇق ئۇ، چوڭ شەھەرگە پۈتۈن ئائىلىسى
بىلەن يۆتكىلىپ كېتەلەيدىكەنۇ، جاھالى-
دىن نېمىشقا يۆتكىلىپ كېتەلمەيدىكەن؟!
ئۇنىڭ قايسى شەرتى توشماي قاپتۇ؟
جاھالىدىنىنىڭ خوتۇنى مەخسۇتنىڭ خو-
تۇنىدەك چىرايلىق ئەمەسمىكەن يا؟
ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان
تىللاقىزنىمۇ قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ
چىرايلىق خوتۇن ئالالايدۇ. مەخسۇتتەك-
لەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەلەيدۇ
ئۇ ئىشنى يۆتكىلىشتىن باشلىماقچى بول-
دى، ئەپسۇسكى، يۆتكىلىش ئۇ ئويلىغان-
دەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىكەن. يەنە
ئاللىقانداق شورى قۇرغۇر بەلگىلىمىلەر-
نىڭ چىقىرىلغىنى ئىشنى بۇزىدىكەن
ئەمەسمۇ! تۇۋا، قېرىشقاندەك چوڭ شەھەر-
گە يېڭى نوپۇسى قوبۇل قىلىنمايدىغىنى
نېمىسىدۇ؟! بولمىسا جاھالىدىن ئاۋۋال
بالا - چاقىسى بىلەنلا يۆتكىلىۋالاتتى - دە،
مەخسۇتنىڭ خوتۇنىدىنمۇ چىرايلىق خو-
تۇن تېپىپ بولغۇچە تىللاقىز بىلەن
ئۆي تۇتۇپ تۇراتتى. يەنە تويلۇق
ئالىمەن دەپ بىرمۇنچە پۇلنىمۇ ئىسراپ
قىلىپ يۈرمەيتتى. ئالاقىلىشىش ئىشارقىلىق
ئۇ چوڭ شەھەردىكى بىر ئىدارىگە بىر
ئادەم ئالىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ
بالا - ۋاقىسىنى يۆتكەپ بېرەلمەيدىغان-
لىقىنى بىلدى - دە، ۋاقىتنى قولدىن

www.uyghurkitap.com

پەرمەي شۇ ئىدارىگە تېزرەك يۆتكىلىۋېلىش ئۈچۈن چاقماق تېزلىكىدە ئايالى بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋالدى. بىراق دۇنيادا ئۆزىنى ھەممىدىن چاقچان دەپ ساناپ يۈرگەن جامالىدىنىمۇ چاقچاقلار ئاز بولمىسا كېرەك، ئۇ يالغۇز كىشىلىك نوپۇس كىنىشكىسى بىلەن ئالاقىلىشىش رەسمىيىتىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئىدارىگە بارغاندا، ئۇقۇشۇپ قويغان ئورنىغا باشقا ئادەم سەپلىنىپ بولغانىدى. جامالىدىن كېيىندە تۇرمايدىغان بۇ ۋىجدانسىزلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ باقتى، ھەتتا ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ، ھەيۋە قىلىپمۇ باقتى. لېكىن بۇ ئامالىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئاقمىدى. يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئىدارىسىدە ئىشلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تالاقىنى ئالدىراپ قويۇۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ يارىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارىغا ئادەم قويدى. ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ تالاقىنىڭ: «جامالىدىن ئۆزى بىۋاستە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن» دېگەن تەلىپىنى يەتكۈزدى. جامالىدىن ئۈمىدلىنىپ بېرىۋىدى، تالاقىز ئۇنىڭ تەمبۇر دەستىسىدەك سوزۇنچاق ۋە يىرىك ساقال بېسىپ كەتكەن قارامتۇل يۈزىگە تۈكۈرۈپ، كەلگىنىگە تويغۇزدى.

— سىز باشقىلارنى دائىم ۋىجدانسىز دەپ تىللاشنى ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ! — دېدى ئۇ جامالىدىنىڭ يۇڭلۇق قاشلىرى ئاستىدا پىلىلداپ تۇرغان ئورا كۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، — ئەمدى بىلدىمكى، دۇنيادا سىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ۋىجدانسىز ئادەم يوق ئىكەن. تىللىسىڭىز ئىندىمىدىم، ئۇرسىڭىز جىم تۇردۇم، ھەتتا ئۇن - تۇزنى ساندۇققا سېلىۋېلىپ قۇلۇپلاپ، ھەر كۈنى سەرلەپ بەرسىڭىزمۇ غىڭ - پىڭ دېمىدىم، بالىلىرىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھەممىگە بەرداشلىق بەردىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ چوڭ شەھەرگە يۆتكىلىۋېلىشنى كۆزلەپلا قارا قىشتا ئانا - بالا ئۈچىمىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ۋىجدانىڭىز چىدىدى، كىچىك بالىلىرىڭىزغىمۇ بولسا ئىچىڭىز ئاغرىمىدى. تۆگىدەك بويىڭىز بولغان بىلەن تېرىقچىلىك ۋىجدانىڭىز يوق ئادەمكەنسىز، يوقىلىڭ كۆزۈمدىن!...

جامالىدىنغا زەھەردىن ئاچچىق بۇ سۆزلەر تولىمۇ ھار كەلدى. ئۇ بازغاندەك مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ تالاقىنى ئۇرماقچى بولدى - يۇ، شۇ ھامان يەنە ئۇنىڭ ئالىماقچان ئۆز ئەمرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ئاچچىقىنى، دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. شۇندىن بۇيان ئۇ بويتاق ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا ياكى دۆۋىلىشىپ كەتكەن قاسماق كىيىملىرىگە كۆزى چۈشكەندە ئىختىيارسىز تالاقىنى ئەسلەپ قالىدۇ، ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقايدۇ، ھېلىقى چوڭ شەھەرگە تېخىچە يۆتكىلىپ بولالمىغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. مەخسۇت دېگەن بىر نېمە شۇ تاپتا ئەينەكتەك پارقىراق، پاكىز، ئازادە كوچىلاردا گىدىيىپ مېڭىپ يۈرگەندۇ ھەقىچان، دەپ ئويلاپ، يۈرىكىنىڭ ئالىقانداق بىر يېرى قاتتىق ئېچىشىدۇ. ئامەت نېمىشقا باشقىلارغىلا كېلىپ ماڭا كەلمەيدىغاندۇ؟

دەپ غودۇڭشىيدۇ. ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى، ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرغانلارنى ئېزىقىدا چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى كېلىدۇ. راست ئەمەسمۇ، جامالىدىن دېگەن جامالىدىن - دە! ئۇ بوشاڭ، ئىقتىدارسىز ئادەم ئەمەس، ئۆزىنى ئۇنداق - مۇنداق كىشىلەر بىلەن تەڭ قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ شۇنچە قابىلىيەتلىك تۇرۇپ تا ھازىرغىچە چوڭراق ئورۇنغا قويۇلمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ، ئۆكۈنىدۇ. قابىلىيىتىنىڭ بۇ كىچىك شەھەردە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، توغرىراقى كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىچى پۇشىدۇ. قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى بايقىيالايدىغان كۆزى ئۆتكۈر ئاقىللارنىڭ بەكمۇ ئازلىقىدىن، گەپنىڭ ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا، شۇنداق كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ. چوڭ شەھەردىمۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلەلمەيدىغان، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دۆت - كالۋالار كۆپ بولسا كېرەك. بولمىسا نېمە ئۈچۈن جامالىدىندەك قابىلىيەتلىك ئادەمنى دەرھال يۆتكىۋېلىپ، چوڭ ئەمەلگە قويمايدۇ؟ جامالىدىن ئۇ يەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن نى - نى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، داڭقى چىقىرىدۇ، شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. «پالانى شەھەردىن مۇنداق كاتتا ئەرباب چىقىپتۇ!» دېيىلسە، بۇ، شۇ شەھەرنىڭ پەخرى ۋە شەرىپى ئەمەسمۇ! ئۇلار شۇنچىلىك ئاددىي ئىشنى نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ جامالىدىننىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ يېقىندا ئىشخانا مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن خىزمەتدىشى مەتقاۋۇلنىڭ قابى-

لىيىتىگە ئىچىدە قول قويسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىدىن قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىگە تەن بەرگۈسى كەلمىدى. مېنىڭ ئۇنى كۆرەلمەيۋاتقان يېرىم يوق، — دەيدۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر، ئۆزىگە ئارتۇقچە تەمەننا قويىدىغان بىر نېمە، دەسمايىسى تايىنلىق. مەن تۇرغان يەردە ئاشۇنداق بىر نېمىنى مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈپ قويسا ھەقىقەتەن قاملاشمايدۇ - دە! باشلىق دېگەن بىر نېمىلەرنىڭمۇ كۆزى كورمىكىن تاڭ؟ ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك مېنى ئاران مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئۇنى مۇدىر قىلىپ ئۆستۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ - يا، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس - تە، نومۇس! ئۇ كىم، مەن كىم؟ ئۇ دېگەن ناھايەت بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دۆت كالا! مەن دېگەن چاپچىپ تۇرغان شاش ئارغىماق، ياق، ئۇچقۇر دۇلدۇلمەن! شۇنداق ئىكەن، بەيگە دېگەنگە ئۇچقۇر دۇلدۇلنى سالماي، كالامپاي كالىنى سالغان نەدە بار؟! بۇ خۇددى كاتتا تۇۋرۇككە يارايدىغان يارامىلىق ياغاچنى چوكا ئورنىدا ئىشلەتكەندەك، نى - نى مەزمۇت ئىستىھكاملارنى كۆمپەيكۇم قىلىۋېتەلەيدىغان چوڭ زەمبىرەك بىلەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە روچۇننى ئاتقاندەك كۈلكىلىك بىر ئىش - تە! قېنى، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، زادى كىمنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى كېيىنچە كۆرىمىزغۇ، تېخى!

ئەمەلىيەت بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەن. دائىم مەتقاۋۇلنىڭ جامالىدىندىن قابى-

لىيەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ جامالىدىننىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويدى. سەن ئىپلاسنى بىر ئوڭدا قويمىسام زادى بولمىدى، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، — خۇدۇكىنى بىلمەيۋاتىسەن، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ساڭا ئوبدان بىر تونۇتۇپ قوياي. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەتقاۋۇلنىڭ پېيىگە چۈشتى. خېلى ئۇزۇنغىچە پايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ تۇتامىغا چىققۇدەك بىر نەرسە تاپالماي ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى. كېيىن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆزى يۆتكەلمەكچى بولغان ھېلىقى چوڭ شەھەردىكى كىچىكرەك بىر ئىدارىدا ئىشلەيدىغان ئاتاۋۇللادىن مەتقاۋۇلغا كەلگەن بىر پارچە خەتنى قولىغا چۈشۈرۈۋالدى-دە، ھېچ بولمىسا بۇنىڭ ئىچىدىنمۇ دەماللىققا قولغا چىققۇدەك بىرەر ساپاق چىقىپ قالار، دەپ ئويلاپ، خەتنى ھېچكىم كۆرمەستە غىپپىدە يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىگە جۆندى. يۈرىكىنى بىرئاز توختاتقاندىن كېيىن كونۋېرتنى بىرىستىمۋادا پەم بىلەن ئاچتى. ئىلگىرىنىڭ ئۇ باشقىلارنىڭ خېتىنى ئوغرىلىقچە ئېچىپ كۆرگۈچىلەر قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ، دېگەندەك بىر گەپلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن بۇ خەتتىن مەتقاۋۇلنى ئوڭدا قويغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىش تەقەززالىقى ئۇنى ھەرقانداق خەۋپ-خەتەرگە قارىماي دادىل ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇنىڭغا يارىشا خەتتىن مۇستاپا دېگەن بىرىنىڭ يېغىرى كوچىلانغان مەزمۇنلار چىقىپ قالدى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق مۇستاپانىڭ خېلى ھوقۇقلۇق بىر ئورگاندا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئاتاۋۇللا بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. مانا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! بۇ خەتنى مۇستاپاغا ئەۋەتىپ بەرسە، بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ساداقىتىنى بىلدۈرگىلى ھەمدە قولىدا ھوقۇقى بار مۇستاپاغا تايىنىش ئارقىلىق چوڭ شەھەرگە يۆتكىلىۋېلىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىغۇدەك چوڭ ئەمەلگە ئېرىشىش، مەخسۇتنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش مەقسىتىگە يەتكىلى؛ ئىككىنچىدىن، مەتقاۋۇلنىڭ ئاشۇنداق «ئەخلاقسىز» خەتلەرنى يازىدىغان ئاتاۋۇللادەك ئادەم بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ ھەمدە ئۇنىڭمۇ ئاشۇنداق خەتلەرنى ئاتاۋۇللاغا يازماي قالمايدىغانلىقىنى قىياسەن جاكارلاپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگىلى، ئابرويىنى يەرگە ئۇرغىلى بولىدۇ-دە! جامالىدىن چوڭقۇر ئويلىنىشتىن كېيىن بۇ خەتنى دەرھال مۇستاپاغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، چوڭ شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشىغا ياردەم بېرىش، شۇنداقلا بۇ خەتنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىك توغرىسىدا قايتا-قايتا تاپىلاشنى ئۇنۇتمىدى. لېكىن مۇستاپا جامالىدىننىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ياخشىلىقنى بىلىدىغان مەردلەردىن بولمىسا كېرەك، ئۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئاتاۋۇللانىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش، ئۆز

ئابرويىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ھېلىقى
خەتنى ۋە جامالىدىنىنىڭ خېتىنى كۆپەيـ
تىپ باستۇرۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى تونۇشـ
بىلىشلىرىگە تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ
بىلەن جامالىدىنىنىڭ نامىمۇ پۈتۈن شەـ
ھەرگە پۇر كەتتى. بۇرۇن جامالىدىننى
يۆتكەشكە ئاساسەن ماقۇل بولۇپ قالغان
يەنە بىر ئىدارە باشلىقى بۇ ئەھۋالدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «ھېلىمۇ ئالـ
دىراپ يۆتكەپ ئەكەلمىۋالماپتۇق،
خۇدا بىر ساقلاپتۇ!...» دەپ، بەرگەن
ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. مۇستاپامۇ ئۇنىڭ
ئۆزىگە بولغان «ساداقىتى» ۋە «كۆرـ
سەتكەن خىزمىتى» نى ئۇنتۇپ قالغانـ
دەكلا ئۇنى يۆتكەپ قويۇش توغرىسىدا
ھېچكىمگە ئېغىز ئېچىپ قويمىدى. شۇنـ
داق قىلىپ ئۇنىڭ يۆتكىلىش يولىدا
كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئەكسىچە
نەتىجە بېرىش بىلەن ئاياغلاشتى.
دەسلەپىدە مۇستاپانى «تۇزـ
كور!» دەپ تىللىدى. كېيىنچە
سەۋەنلىكىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىدىن ئۆتـ
كەنلىكىنى چۈشىنىپ جىم بولۇپ قالدى.
خۇدايا شۈكرى، — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىگە
ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — ھېلىمۇ ئاتاـ
ۋۇللا خېلى كەڭ قورساق بىر نېمىكەن،
خېتىمنى ئوغرىلىدى دەپ ئۈستۈمدىن
ئەرز قىلىپ يۈرمىدى، بولمىسا نېمە كۈنـ
لەرنى كۆرەتتىمكىن تاڭ؟! جامالىدىن بۇ
ئىشلارنى ئويلىغاندا يۈزى ئانچە قىزارـ
مىسىمۇ، ھەر ھالدا چىمىلدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى. تۈنۈگۈن ھاراق ئىچكەچ
جالالىدىن بىلەن مۇڭداشقاندا، ئۇنىڭغا
ئۆلگۈدەك ئۆچلىكى كېلىپ تۇرغىنىغا
قارىماي، ئىچىدىكى بارلىق دەردىنى
تۆكۈۋەتتى. جالالىدىنغۇ ئۇنى ئانچە
ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى، ناھايەت «بۇ ئىشنى
راستىنلا ئانچە ياخشى قىلماپسەن،
ئاداش!» دەپ قويۇپلا جىم بولۇۋالدى.
بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىغاندۇ. ئۇ
ئىچىنى ئوبدان بوشىتىۋالغاچقىمۇ، بۈگۈن
ئەتىگەن خېلى كەيپى چاغ قوپقانىدى.
يەكشەنبىنى باغچىدا رەڭگا رەڭ كىيىنـ
گەن چىرايلىق قىز - چوكانلارغا قاراپ
كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ئۆزىنى
ياساۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن ئوڭ
كۆزىنىڭ قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتـ
كەنلىكىنى كۆردى. ئەس باستى دېگەن
شۇ - دە! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن
تاماكا ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن ئات
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ھەسەتخور،
ئىچى تار ئادەملەرنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ،
دەپ ئاڭلايدىغان، مەن يا ھەسەتخور،
ئىچىم تار ئادەم بولمىسام، زادى قانـ
داق ئىشتۇ بۇ؟ مۇشۇ پېتىمچە كوچىغا
چىقىدىغان بولسام، كىشىلەرگە تېخىمۇ
سۆز - چۆچەك بولۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭدىن
بېشىمنى چۈمكەپ ئۇخلايچۇ! ئۇ كاسـ
تۇمىنى سېلىۋېتىپ ئويلاپ قالدى: كۆز
دېگەن نازۇك نېمە، ۋاقتىدا داۋالاتمىسام
چاتاق بولمىسۇن يەنە! ئەستاغپۇرۇللاھ،
بۈگۈن دېگەن يەكشەنبە، ئىدارىنىڭ
شىپاخانىسىنى ئاچمايدۇ. بولمىسا دورا
دېگەننى بىكارغا ئېلىۋېرەتتىم. دوختۇرـ
خانىغا باراي دېسەم نومۇر ئېلىش
ئۈچۈن بىر قېتىم پۇل تۆلەيمەن، ئارقىـ
دىن دورىغا يەنە پۇل خەجلىمىسەم بولـ
مايدۇ. بۇنى ئىدارە ئاتىچوت قىلىپ بەرـ
مەيدۇ. بىكاردىن - بىكار بىرمۇنچە ئىسـ
راپچىلىق! زادى قانداق قىلسام بولار؟
ئۇيان ئويلا - بۇيان ئويلا، ئاخىرى ئۇ،
چىقىمىغا چىداپ دۇكاندىن بىر قۇتا كۆز
دورىسى ئېلىش قارارىغا كەلدى - دە،
قارا كۆز ئەينىكىنى تاقاپ، دورىخانىغا

www.uyghurkitap.com

باردى. پەشتاختىدا ئالدىدا ياش بىر قىز ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

— قانداق دورا ئالىسىز؟ — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— ھى... ھى... ھى... ئايدەك، ياق، پەرىشتىدەك، ئەجەبمۇ چىرايلىق قىزكىنا بۇ! — جامالىدىن لېۋىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزدەك چىرايلىق قىزدىن ئالغان دورا ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ - دە!

— قانداق لاۋزا ئادەم ماۋۇ، ئۇھۇش! — دورا ساتقۇچى قىزنىڭ چىرايى نومۇس ۋە ئەلەمدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئارقىدىن تاتىرىپ، گىلاستەك قىزىل ۋە نېپىز لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — بۇ يەرگە دورا ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ ياكى ئادەم باھالىغىلى؟ يەنە ئاشۇنداق گەپ قىلغىلى تۇرسىڭىز ساقچى چاقىرىمەن جۇمۇ!

— بولدى، بولدى، خاپا بولماڭ! — جامالىدىن «ساقچى چاقىرىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ پەسكويىغا چۈشتى، — چىرايىڭىزغا مەستلىكىم كېلىپ شۇنداق دەپ ساپتىمەن ئەمدى! ھەممىمىز ئادەم ئەمەسمۇ، ئادەم دېگەن شۇنداق ھېسسىياتلىق كېلىدىكەن، قاراڭ! قانداق قىلىمىز، ئەمدى شۇ....

— تولا بىلجىرلىماي ئالىدىغان دورىڭىزنى دەڭ!

— نېمە ئۈچۈندۇر كۆزۈم قىزىرىپ قاپتۇ، قاراڭ! — دېدى جامالىدىن قاش-كۆزلىرىنى ئۇۋۇنۇپ، — كۆز دورىسى ئالاي مىكىن دەپ كېلىۋىدىم.

— كۆز قىزىرىش دېگەننىڭ ھەر خىل سەۋەبلىرى بولىدۇ، — دېدى دورا ساتقۇچى قىز باياتىنقى كۆڭۈلسىزلىكنى بىردەمدىلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ئاندىن دورا ئالغىنىڭىز ياخشى!

— ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ بەرگەن دورىڭىزدا جەزمەن چاتاق يوق! — جامالىدىن كۆز ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، قىزىرىپ قالغان ئوڭ كۆزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى بېگىز بارمىقى بىلەن تۆۋەنگە ئازراق بېسىپ تۇرۇپ قىزغا كۆرسەتتى، — بولدى، ئۆزىڭىز بىلىپ بېرىۋېرىڭ، قاچان دوختۇرخانىغا بېرىپ يۈرىمەن!

— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال بۇ دورىنى ئىشلىتىپ كۆرۈڭ! — دېدى قىز كۆككۈش رەڭلىك سۈزۈك چاق بىر قۇتىنى چىقىرىپ، — ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم تېمىتىسىز، ھەر قېتىمدا بىر - ئىككى تېمىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ، كۆزىڭىزنىڭ قىزدالىقى يوقالغاندىن كېيىن ئىشلىتىشنى توختىتىڭ!

— قانچە پۇل؟

— بىرمو يەتتە پۇڭ.

— خۇدايا شۈكرى، ياخشى ئانچە قىممەت ئەمەسكەن.

— نېمە دېدىڭىز؟

— دورىڭىزنى ئەرزانكەن دەۋاتىمەن.

— ئۇنىڭدىن قىممەت بولسا ئالمامتىڭىز؟

— ئەمدى... — جامالىدىن ئىچىدىكى گەپنى ئالدىراپ تېشىغا چىقىرىپ تاشلىغىنىغا سەل خىجىل بولغاندەك دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، — ئەمدى بىرمو يەتتە پۇڭمۇ، قاراڭ، ئاز بولسىمۇ پۇل - دە! ئىشقىلىپ، دورىغىمۇ ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ يۈرۈش ئارتۇقچە بىر ئىش دەڭا!

— توۋا، پۇلنى ئۆز جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغانلاردىن ئىكەنسىز - دە.

(ئاخىرى 96 - بەتتە)

ئۆمەر مەھەممەتئىمىن

# شېئىرلار

## ئېتىقادسىزلىق كۆلەڭگىسى

ئۇ بىر ماكىنىت كۈچىدىن قالغان،
دەم تارتىشنى ئويلايدۇ، ئەمما،
زېمىندىكى جېمى تاغلارنى.
ئۇ بىر بۈركۈت تۇزغان قانىتى
باغلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا
خىيالىدا ئاتىدۇ چەنلەپ
چىمەنلەرگە ئۇۋا سالغان زاغلارنى.

ئۇ بىر كۆل،
قىش پەسلىدە ئۇخلايدۇ،
ياز پەسلىدە شارقىراشنى ئۇقمايدۇ

## ئانا خاتىرىسى

يۈرىكىمدە پىشقان مەرۋايىت
تۇرۇكلىدى كۆزۈمدىن، ئانا.
پېشانەمدە قالدى ئۇۋۇلاپ
ئارمانلىرىڭ ياسىغان ئۆندەش
ئۇچۇپ چىقىپ سۆزۈمدىن ئانا.

قەرز سېيلەپ كەلگەندە مازار
تىلەپ قالدىڭ بەختىمنى يەنە
دۇئا قىلىپ ئاخىرقى ئاخشام.
يىغلىغانچە بېرىپ يورۇقلۇق،
چىراقپايدا ئېرىپ كەتتى شام.

ئۆندەشلەرنى يوقاتقان سوئال
كۆپ چېكىتكە قالدى كۆمۈلۈپ.
يوللار — شېئىر ئاخىرلاشمىغان،
يارالغاندىن تارتىپ تېخىچە
باقمىغان بىر شائىرنى كۆرۈپ.

ئۆگىنىپ سەن تە - تە مېڭىشنى
سىڭىپ كەتتىڭ ئۇپۇققا كۈندەك.
چۆچەكلىرىڭ قىلىپ ئىشارەت،
دۆڭ كەينىدە كۆتۈردى چېچەك...
ئەگىپ يۈردۈم يوللارنى، يولمۇ
ئەگىپ يۈردى مېنى تۈتۈندەك.
يولغۇ ئەسلى پۇتنىڭ ئاستىدا،
ئاۋارىدۇر ئىنسانلار، ئەمما
ئالالماي —
دەسسەپ تۇرغان يولدىن دېرەك؟!

تەۋرىتىدۇ مېنى ئارمانلار
چۈشلىرىمنى كەزگەندە پاتقاق.
يۇيۇندۇ قېنىم
مونچىسىدا قېنىمنىڭ ھەر ۋاق.
بېسىپ كەلگەن قارنى يۇيۇپ

www.uyghurkitap.com

كۆكرىكىمدە سىنىڭ يۈرىكىڭ
چېلىپ تۇرار تاڭغا قوڭغۇراق.

ئارمىنىڭنىڭ كۆز يېشى — جۈپ مەڭ
توختاپ قالدى مەڭزىڭدە، ئانا.
كۆرۈپ قالدىم ئىستەكلىرىڭنى
دېڭىزلارنىڭ شاۋقۇنلىشىدا.
بەلكىم كۆردى ئۆزىنى دېڭىز
ئىسەدىگەن ھېسلىرىم ئارا.
ئارمىنىڭنى كۆرمىگەن ئانا،
مېنى ئارمان ئۇپۇقى سانا.

## چوغ كۆتۈرگەن بالا

چالا ئۇيقۇلۇق سەھەرنى تۈرتۈپ
چىقىپ كېلەر چىملىدىقىدىن،
چوغ كۆتۈرگەن بالا.
قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ،
قاراپ قالار ئۇپۇق
تاغلارنىڭ كەينىدىن چوغقا تىكىلىپ.

ئەگەشتۈرۈپ سەھەرنى
كىرىپ كېتەر يەنە ئۆڭكۈرگە
چوغ كۆتۈرگەن بالا.
ئاڭا قاراپ
قاناپ كېتەر تاغلار بىر ھازا،
قان چايقايدۇ دەريامۇ بىر پەس.

قېرىماس، هارماس چوغ كۆتۈرگەن بالا،
مۇساپىسى سوزۇلغان
سەھەردىن ئاخشامغا ...

## كۆيۈك مەڭگۈ تېشى

1

قوياشقا ئوت كەتكەن ئاشۇ ئاخشىمى
چاچراپ كەتكەن ئايغا بىر تال چوغ،
يوقالمىدى تېخى تاتۇقى ...

ئوت باغرىدىن ئېلىپ قۇياشنى
كۆل ئىچىگە كۆمدى قېقىنۇس ...
چوغ بۆشۈكى — كۆل،
كۆيۈك — ئۆلمەسلىكنىڭ قەبرە
بەلگىسى،
تىرىك دېمە كۆيۈكسىز روھنى.
كۆل — ھەر كېچە ئۇچقۇندىغان تۈن
كۆيۈپ كەتكەن كۆيۈك ھەيكىلى ...

2

يىرتىلغان ئوچىقىڭنى كوچىلاپ
كۆللىرىڭنى دۆۋىلىدىڭ كۆپ.
چوغلار بارمۇ سىنىڭ كۆلۈڭدە؟

3

بوز كۆزۈڭگە ئاق يالقۇننى قوندۇرۇپ
ئېلىپ ماڭدىڭ قەيەرگە تورغاي؟
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا
بۇلبۇللىنىڭ دەردىگە تىزغان چاڭگاڭنى
قومۇشلۇقتا يۆتكىگىنى كىم؟
جەزىرە — كۆيگەن ئورداك
جەننەت ئوغرىسى تۆلىگەن پالاس ...
چۆل-چۆل بولغان چوغ سىنىڭ كۆيۈك،
ئوت تۇتاشماس قومۇشقا نېچۈك؟

4

رىسالەڭنى قاچىلاپ قويدۇق
قومۇش چوغىغا.
چوغ ھېسابلانماس قومۇشنىڭ چوغى.
بېدىلەرنى كۆيدۈرۈپ بولماس
قىشنىڭ ئۆچكەن جۇتلىرى بىلەن،
باھاردا چېچەكلەر ئۇنىڭ چوغلىرى.

## مەي مېۋىسى

1

يۇلتۇزلار — قۇياشنىڭ سەرگەردان يېشى،
چاچرىغان تاڭلارغا يۈرگەن ئاق باغلاپ.

شائىرنىڭ يارىدار يۈرىكى — قۇياش،
ئەزىملىرى — شەپەق،
تاڭ ۋە كەچ
ساقايماس دۇنياغا تىكىلگەن قاناپ.

2

كۈن تۇغۇلار ھەر سەھەر يېڭى،
جان ئۈزگەن كۈنلەردىن تىرىكلىك ئىزدەپ.
قىزىل مەيكاسىسىدىن سوزار كۆككە بوي،
يەنە قىزىل مەيگە يىقىلار لەيلەپ.
ئۆتىڭى مەي بولغاچ، قارارگاھى ھەم،
قۇياش مەست، تاڭلار مەست، مەست
بۇندا ھەممە...

3

تۈنلەرنى مەست قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ،
ئۇستەل چىرىغى ناۋات چېيىدا
ھەپىلىشەر مەستلىكىم بىلەن.
ئۆزۈم ياسىۋالغان كېسەللەر ئارا
ھېلىغىچە مەۋجۇت بىر مەستمەن،
قەددىمنى بازاردا كۆرسەتمەك بولۇپ
مەست قەلبىمنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن...

## يۈكۈر، شېئىرىم

1

ئۆتكۈرگە خىيانەت قىلغان چوققىلار،
ئۆزىنى تاڭلارنىڭ خەۋەرچىسى، دەپ.
شۇڭا ساقايمىدى قۇياش يارىسى.
ھەر سۇبھى
تۈنلەرنىڭ كۆزىدىن ئازاد بولغان نۇر
قىيپاش پېتى كىرەر قىنىغا.
كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا يۈگۈر، شېئىرىم،
ئاپىرىپ بەر قۇياشقا مەلھەم،
يۆلەپ قويغىن يىقىلغان نۇرنى.

2

باھار قوللىرىدا ھىجايغان گۈللەر
كۈلكىسىنى يوشۇردى كۆزدىن
يىلتىزىغا قويۇپ ئامانەت.
ئوت ئىچىدە قالغان ياپراقلىرىدا
ئېرىپ كەتكەن بۇلبۇل يۈرىكى
غېرىبسىندى تاڭ يېشى ئارا.
كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا يۈگۈر، شېئىرىم،
سۈرتۈۋەتكىن ياپراق يېشىنى،
بۇلبۇلنىڭ يۈرىكىنى سېلىپ قوي جايىغا
يىغلىمىسىپ بەر شەبنەمگە بىردەم.

3

قېتىۋالدى سۇيۇق دەريامۇ
كۆرۈپ مەست باغلارنىڭ قەي قىلغىنىنى.
دەرەخنىڭ شۇ تاپتا ھېچنېمىسى يوق.
باھارنى ئەركىلەتكەن شۇ ئىدى ئەسلى،
ياپراقلار ئۇنىڭ ئىدى، سايىلەر ئۇنىڭ،
شىۋىرغانغا قالدى كۆمۈلۈپ.
كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا يۈگۈر، شېئىرىم،
بولۇپ بەرگىن ئۇنىڭغا تام مەش.
قوي باھار كۆرپىسىدە ئۇنى زاكىلاپ،
بىللە ئۆتكۈزۈشۈپ بەرگىن بۇ قىشنى.

ئابلەكىم تۇردى

# بىر كۇبلېتلىق شېئىرلار

## چاكىنا ئادەم

كۆزى ئاچ، قىتىغۇر، چاكىنا ئادەم
يىتتۈرسە «مىسقال» نى تۇتىدۇ ماتەم،
ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا تېرىيدۇ،
ئاغزىدا دېسىمۇ مەندۇرمەن — ھاتەم.

www.uyghurkitap.com

## خۇشتار مەن

(ئۆمۈردىن سادا)

داشقىلى ئەمەسمەن پولات ـ تۆمۈرنىڭ،
ئىسسىقى ئەمەسمەن ئوتتۇن ـ كۆمۈرنىڭ؛
خۇشتارمەن ئوت ـ چوغىنىڭ چىن خىسلە-
تىدگە،
ھۆل بېرىش راھىتى جۇشقۇن ئۆمۈرنىڭ.

## تاپمايسەن كامال

كۆرگەنگە تېرىكمە بۇرادەر جالال،
گاھ چاقچاق قىپ قويسام بولما ھەم مالال.
چاقچاقتا، ئەخمەققە ئۇپراتساڭ جاننى،
ئىجادىي ئەمگەكتە تاپمايسەن كامال.

## ئۈمىدۋار غايىلەر

ئۈمىدنىڭ دۈشمىنى ئۈمىدسىزلىكتۇر،
ئۈمىدۋار غايىلار قۇت، ئاپتاپ، يامغۇر؛
ئۈمىدسىز باغلارغا دارىماس بۇلبۇل
ئۈمىدلىك تاشتىنمۇ تۆكۈلىدۇ نۇر.

## كېسەلمەگەن پالتىدا

يورغىلىدىڭ پۇل ـ دۇنيانىڭ ئالدىدا،
قالدى لېكىن روھ ـ ۋىجدانىڭ دالدىدا؛
رەقىب مەيدە ئىرادەڭنى ئېرىتتى،
بىر چاغدا ئۇ كېسەلمىگەن پالتىدا.

## سۆيۈپ تۇرۇپمۇ

(بىر قىتىغۇرغا)

چىش غۇچۇرلىتىسەن كۈلۈپ تۇرۇپمۇ،
ھىجىيىپ قويىسەن ئۆلۈپ تۇرۇپمۇ،
يامانۇ ـ يامان، دەپ زارلانغىڭ مەندىن،
يامانىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپمۇ!

جۇرئەت ئەمەت

## يېشىل ھايات پەرىسى

سۆيسە مېنى قۇچاقلاپ يېشىل ھايات پەرىسى،
جۇش ئۇرىدۇ ھېسلىرىم ئوخشاپ گويا دېڭىزغا.
ئارزۇلىرىم بىخ يېرىپ باھاردىكى كۆچەتتەك،
نۇردەك چاقناپ كېتىدۇ خىرىس قىلىپ يۇلتۇزغا.

كېڭىيىدۇ يوللىرىم شوللىلارغا تويۇنغان،
قىن ـ قىنىمغا سىغماستىن گۈل قىسمەن چېكەمگە.
كۆزلىرىمدىن ئۆچمەيدۇ بەرگ بەرگەن كۈلكىلەر،
تۈگىمەيدۇ مەدھىيەم ھايات بەرگەن ئېكەمگە.

زارلانمىدىم ھاياتتىن بولمىدىم دەپ مالالىك،
قول ئۇزارتىپ يورمىدىم مەندىن يىراق ئاسمانغا.
چۈشۈمدىكى سۈرەتنى شېئىر قىلىپ يازمىدىم،
مۆھەببەتىم بولمىغاچ داندىن بەزگەن سامانغا.

مانا شۇنداق تۇيغۇلار ماكان قىلغاچ يۈرەكنى،
زېمىستانغا تەلمۈرۈپ ئىسسىقلىق بەر دېمىدىم.
چۈنكى بوۋام تىز پۈكمە، دېگەن ئىدى دۇشكۈلگە،
تىز پۈكمىدىم، ھالسىراپ تالاي قېتىم يىقىلدىم.

سېنى ئىزدەپ ياشايمەن يېشىل ھايات پەرىسى،
مەسخىرە قىپ قىسمەتلەر تەگسىمۇ گەر چىشىمغا.
ئاستا - ئاستا ئۆرلىگەن دولقۇنلارنىڭ قايىنىمى،
قۇدرەت بولۇپ سىڭگەچكە مېنىڭ ھەر بىر ئىشىمغا.

ياشىسامۇ بىر مىنۇت ئۈمىد بىلەن ياشايمەن،
چۈنكى ئۈمىد مەن ئۈچۈن ھاياتىمنىڭمۇ قىممەتلىك.
ئۈمىدىمدىن سۇ ئىچىپ ئۈچۈم بولغان لاچىنلار،
ياقار ھامان كۆكسىنى ئۇپۇقلارغا يۈرەكلىك.

كۈرەشجان ھۈسەيىن

# ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
ئادەملەرگە يەتكۈزۈڭلار لەۋزىمنى.
ئىشەنچ — سۆيگۈ (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
قۇلاق سېلىپ ئىشىتسۇن بىر ئەرزىمنى.

يەتكۈزۈڭلار ھۆرمىتىمنى ئالەمچە،
سۆز تاپالماي باستى مېنى خىجىللىق.
سۆيۈشكەنتۇق ھەر كىم بىلەن ئادەمچە،
قىممەت ئىدى بىزگە ھەردەم ئىجىللىق.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار قۇياشقا.
ئۇ بولغاچقا مەندىن قالدى كۆپ ئىزلار —
ئوخشاپ قالدى ياشاش ئازراق ياشاشقا.

ئۇ كۆزۈمگە، يۈرىكىمگە نۇر بەرگەن،
بەخش ئەتكەن سېخىيلىقتا ھاتەملىك.
قەبرىلىكنى ئايىغىمدا چەيلەتكەن
ۋۇجۇدۇمغا ئاتا قىلىپ ئادەملىك.

ئۇ بولغاچقا ھەر قەدەمدە مۇدىرمەي،
باسقانىدىم مەنزىللەرنى غەيرەتتە.
(ناخشا ئېيتىش جىم تۇرغاندىن مۆرىمەي،
مىڭ ياخشىغۇ قالسا جاھان ھەيرەتتە؟)

ئۇنى سۆيدۈم (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ئوخشىسۇن دەپ ياشىشىمنى ياشاشقا.
ئۆگىتىڭلار تەبىئەتكە يۇلتۇزلار،
بېشىن ئېگىپ سەجدە قىلسۇن قۇياشقا.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار ئۇپۇققا.
ئۇنى سۆيەي (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ئۇ زېمىننى نۇرايدىغۇ يورۇققا.

قىزارغاندا ئۇپۇق چوغ رەڭ—گۈل رەڭدە،
نۇر ئېمىدۇ جىسمىم ئۇنىڭ جىسمىدىن.
باققىنىمدا رەزىللەرگە گۈل رەڭدە —
تاتىرىدۇ قورقۇپ جىسمىم سېھرىدىن.

ئۇ بولغاچقا باردۇر يارقىن يالتىراش،
يۈز ئاچىدۇ شۇنچە روشەن سەت، ئۇزلار.
يۈز ئاچىدۇ يۈكسەك، تۆۋەن ھەم، ئاراش،
يۈز ئاچىدۇ خرۇستالدەك كۆك مۇزلار.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار ئۇيۇققا.
ئۇ سۆيۈلسۇن، (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ئۇ بار دېمەك چۆمەر زېمىن يورۇققا.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار تاغلارغا.
ئۇنى سۆيدۇم (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ئۇ ياۋاننى ئايلاندۇرغان باغلارغا.

قەددى يۈكسەك، بورانلارغا قالقاندۇر،
قوينى تىلسىم جاۋاھىرات دۇنياسى.
ئىنسان ئۇندىن قانىتىنى ئالغاندۇر،
ئىشقا ئېشىپ پەرۋاز قىلىش قىياسى.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار سۇلارغا.
سۆيگەنىدىم (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ھايات:«رەھمەت، رەھمەت» دېسۇن ئۇلارغا.

سۇلار باركى باردۇر سايراش يۈكسىلىش،
ھاياتلىققا سۇلار مەڭگۈ كاپالەت.
خورلانسا ئۇ، ئۆلۈم بولار تۆرىلىش—
يارىلىدۇ قىيامەتكە تاپاۋەت.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار زېمىنگە.
ئۇ سۆيۈلسۇن (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ئۇ تىللاردا ئايلانسۇن شوخ كېمىنگە.

بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئۇنىڭسىز—
يارىلامدۇ بىر تال گىياھ مەۋجۇتمۇ؟
گۈزەللىكنىڭ يۇلتۇزلىرى ئۇنىڭسىز—
چاراقلامدۇ ھەتتاكى بىر مىنۇتمۇ؟

ئۇ بېرىدۇ، بەرگەن، بېرەر ئىنسانغا،
بەرگەنغۇ ئۇ ھەممىمىزگە ئەزىز جان.
ئۇ كەلتۈرگەن ھەممىمىزنى ئىمانغا،
ئۇنىڭغۇ - ھە، تومۇردىكى قىزىل قان؟

قايسى ئىلاھ يارالمىغان زېمىندىن،
قايسى ۋۇجۇد نۇر ئالمىغان زېمىندىن،
قايسى شەۋكەت تارالمىغان زېمىندىن،
قايسى ناخشا باشلانمىغان زېمىندىن؟

قايسى ئۇلۇغ سەلتەنەتنى شۇ زېمىن،
كۆتۈرمىگەن قۇچىقىدا پەپىلەپ؟
كىم تاپمىغان زېمىن ئارا خوپ ئىمىن،
يۆرەلىگەن كىم ئۇنىڭسىز ئەركىلەپ؟

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار زېمىنگە.
ئۇ سۆيۈلەر (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
بارچە ئىنسان قايتا تۇرسۇن سەجدىگە.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار ئىنسانغا.
ئۇنى سۆيدۇم (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
نەپەسلىرى جان بېرىدۇ جاھانغا.

ئىلاھ دېسە، دېسە بولۇر ئىنساننى،
ئۇ ياراتقان بارلىق ئۇچۇن ھاياتلىق.
ئۇ ئايرىغان شەيتان بىلەن غىلماننى،
كەلگەنىدىمۇ بوغۇزىغا ماماتلىق.

ئۇ ياراتقان سەلتەنەتلەر شەۋكەتلىك،
ئۇ ياراتقان مۇساپىلەر خەيرلىك.
ئۇ ياراتقان مۆجىزىلەر ھەيۋەتلىك،
(بوپقالسمۇ ۋە بەزىدە غەيرىلىك).

ئۇ ياراتقان يېمىرىلمەس ئابىدە،
ھاياتلىقا ئاتا قىلىپ شاپائەت.
ئۆز جېنىدىن كۆلپەتلەرگە سەدىقە -
بېرىپ كەلگەچ تاپتى بۆگۈن كامالەت.

ئۇ ياراتقان كائىناتقا ئىستىقبال،
ئىزلىرىدىن يارىتىلغان چىمەنلىك.
ھەر ناباتات ئۇنتۇمىغىن بىلىۋال:
ئىنسان بىلەن كېلەر ساڭا ئېسەنلىك.

ئەگەر تاڭغا يېتەلمىسەم يۇلتۇزلار،
سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار ئىنسانغا.
ئۇ سۆيۈلسۇن (سۆيۈلىدۇ ئەزىزلەر)
ھەممە نەرسە كەلسۇن كامىل ئىمانغا.

سۆيۈپ بارچە، قارىتىلسۇن ئېتىقاد،
مەۋجۇدلۇقنىڭ تەڭرىسىگە — ئىنسانغا.
بار مەۋجۇدات ۋۇجۇدىغا قاتمۇقات،
سۆيگۈ تولسۇن ۋە ئايلانسۇن قىيانغا.

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە:

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانىلار ۋە ئەدەبىي تەرجىمە خادىملىرىنىڭ سەمىمىي دوستى. ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەر ھەم چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جايلاردىكى پوچتىخانىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرى ئۈچۈن مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشتىرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 51، ئايلىق باھاسى: 1·30 يۈەن.

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

زوردۇن سابىر

# چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك

(ئەدەبىي خاتىرە)

شۇنداق بىر تاسادىپىي خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئادەملەر ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپ، چاڭ - توزان تۆزىتىپ كېتىپ بارغان ماشىنىنى، ئۇنىڭ شوپۇرىنى، چاڭ - توزاننىڭ ئۆزىنى تىللاشماقتا، ماشىنا كۆل رەڭ چاڭ توزىنىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى، تىل ئاھانەت داۋاملاشتى:

— ھاۋانى بۇلغاپ بولدى!

— دۇنيادا ئەڭ پاسكىنا نەرسە مۇشۇ سېمونت!

— ۋۈي بۇنى ئويلاپ تاپقاننىڭ ئانىسىغا جىن تەگسۇن!

پاكىز سۈپۈرۈلگەن، سالقىن سېمونت يوللار، چىرايلىق بېزەلگەن مېھمانخانا، يىغىن زاللىرى، شەھەرنىڭ زىننىتى ھېسابلانغان گۈزەل بىنالار؛ بىزگە راھەت بەخش ئېتىدىغان ئۆيلىرىمىزنىڭ ئاشۇ «پاسكىنا» سېمونت بىلەن گۈزەللەشكىنىنى ئويلىمساق كېرەك. بىز سېمونت ئىچىدە ياشايمىز، سېمونتتىن راھەتلىنىمىز، سېمونت گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمىز، لېكىن سېمونتنى ماختاشقا تىلىمىز بارمايدۇ، سېمونتچىلارنى ئەسلەپ قويۇش خىيالىمىزغىمۇ كەلمەيدۇ. بۇ بىر ئادالەتسىزلىك. بۇ ئىنسانلارنىڭ ستېخىيىلىك نەپرەت سېزىمىنىڭ تېخىچىلا ئۆزگەرمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ سېمونت زاۋۇتىدىكى گۈزەل نەرسىلەرنى خەلققە كۆرسىتەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم - دە، سېمونت زاۋۇتىنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدىم.

## سالام، زاۋۇت رايونى

زاۋۇتلارنىڭ كىچىك شەھەر ياكى بازار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ يەرمۇ شۇنداقكەن. زاۋۇتقا بارىدىغان كوچىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ دەرۋازىسى، كۆكتات، مېۋە - چېۋە بازىرى ۋە ئاشخانىلار بولۇپ، گويا بىر ناھىيە بازىرىغىلا ئوخشايتتى. ئون ئۈچ مىللەت، ئوتتۇز بەش ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدىن قۇرۇلغان بۇ ئول-

تۇراق رايونىدا 1196 ئائىلە، 4531 جان ياشايدىكەن. مانا بۇلار سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، گۈللەندۈرگۈچىلىرى. 1989 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۈننىڭ 21 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى بىلەن ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 6 -، 7 -، 8 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سايلام ئۇسۇلى بىلەن سېمونت زاۋۇتى ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ مەخسۇس ئىش بېجىرگۈچى بىر مۇدىرى، ئىككى مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىككى خادىمى سايلاپ چىقىلغان. بۇ ئاۋات كوچا، بەش ئۇلتۇراق رايونىدىكى ئىشلارغا ئەنە شۇ كومىتېت رەھبەرلىك قىلىدىكەن. بىر كىلومېتىر كېلىدىغان كوچىدا زاۋۇت دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، چاڭ - توزان ئىچىدىكى بىرىنچى گۈزەللىك مانا مۇشۇ قۇرغۇچىلار، ياراتقۇچىلار ۋە كەلگۈسىگە قاراپ ئۈمىد بىلەن شادلانغۇچىلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئىكەن دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە بازارلار بىلەن بىرلە 500 ئوقۇغۇچىسى بار مەكتەپ، مېھمانخانا، دوختۇرخانا، يەسلى، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى، باغلار، گۈللۈكلەر، كۈلۈبلارمۇ بار. بۇ يەرلەردە چاڭ - توزاندىن نالە قىلغۇچىلار يوق، بەلكى مۇشۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دەۋردىن رازى، خۇشال - خۇرام چىرايلار بار ئىكەن. كۈلۈپ تۇرغان ئادەملەرگە سالام بەرمەي بولامتىمىز؟ مەن خەلققە، خەلقنىڭ قان - تەرىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى گۈزەللىككە سالام بەردىم.

## مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل

مېنىڭ زاۋۇتقا كىرىپ تۇنجى كۆرۈشكەن ئادىمىمۇ، مېنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈۋالغان ئادەممۇ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بولدى. ئۇ تىپىك ئۇيغۇر چىراي، كاپكازچە بۇرۇت قويغان، قىرىقتىن ئاشقان قىران يىگىت. ئۇ خەنزۇ تىلىنى تولىمۇ چىرايلىق ۋە سەنئەتلىك سۆزلەيدىكەن. ئۇ مېنى چىڭ فامىلىلىك زاۋۇت باشلىقىغا ۋە پارتكوم شۇجىسىغا ئاشۇ چىرايلىق خەنزۇچە سۆزلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. زاۋۇت رەھبەرلىرى ماڭا زاۋۇتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇردى.

شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ھازىر ھەر يىلى 400 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىكەن. 1992 - يىلى پۈتىدىغان 4 - نومۇرلۇق زامانىۋى خۇمدان ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى بىر مىليون بىر يۈز مىڭ توننىغا يېتىدىكەن. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلغان ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى تۇنجى قېتىم ئىجرا قىلغان زاۋۇتلارنىڭ بىرى مۇشۇ زاۋۇتكەن. بۇ زاۋۇت 1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى ئىلغار كارخانا نامىغا ۋە دۆلەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش ئىدارىسىنىڭ 6 - بەش يىللىق پىلان تېخنىكا ئىلغارلىقىدا ھەممىدە ئەۋزەل كارخانا مۇكاپاتىغا، 1987 -، 1989 - يىللىرى ئىككى

قېتىم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە نەمۇنىچى كارخانا بولۇش شەرىپىگە ئېگە بولغاندىن كېيىن، 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى دەرىجىلىك كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشىپتۇ.

— ياخشىكەن، — دېدىم مەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىلنىڭ پەخىرلىنىپ ئېيتىپ بەرگەن يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، — مەن سېمونت توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، پۇل بىلەن ھېسابلاپ كۆرسەتسىڭىز خېلى ياخشى چۈشىنىمەن. بىر توننا سېمونت نەچچە پۇل زادى؟

ئىسمايىل كۈلۈپ كەتتى. ئۇ چاقچاق ئارىلاش:

— سېمونت بۇغدايغا ئوخشىمايدۇ. بىزدە «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئالتە خىل سېمونت ئىشلىنىدۇ. سېمونتنىڭ سورتى ئوخشىمىغاچقا، باھالىرىمۇ ھەر خىل، ئەڭ قىممىتى G·API دەرىجىلىك قارشىلىقى يۇقىرى سېمونت (نېفىت قۇدۇقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ). ئۇنىڭ بىر توننىسى 340 يۈەن، خالتىلىقى 380 يۈەن. ھازىر ئىشلەۋاتقىنىمىز قارشىلىقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سورتى. ئۇنىڭ پارچىسى 320 يۈەن، خالتىلىقى 360 يۈەن. 325 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سېمونتنىڭ باھاسى 162 يۈەن، 190 يۈەن، «ئوتتۇرا G» نومۇرلۇقىنىڭ 271 — 243 يۈەن.

— بىر كۈنلۈك مەھسۇلاتىڭلار قانچە ئىدى؟

— ئوخشاش ئەمەس، مانا قاراڭ ماۋۇ گرافىكقا، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 1439 توننا ئىشلىگەن. 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 560 توننا ئىشلىگەن. ئالتە سېمونت تۈگمىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمىمۇ بىر خىل ئەمەس. ھەر ئايدا 35 مىڭ توننا سېمونت، 30 مىڭ 500 توننا پىششىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش كېرەك. بۇ سانمۇ مۇقىم ئەمەس. ئەمما بىر يىلدا 400 مىڭ توننىدىن كەم ئىشلەپچىقىرىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ناۋادا تەپسىلىي سانلار بىلەن تونۇشاي دېسىڭىز مانا مۇنۇ ماتېرىياللار بىلەن تونۇشسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ماڭا «شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېمونت زاۋۇتىنىڭ يەر ئىسىملىرى ئەھۋالى»، «سېمونت ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماتېرىياللارنى بەردى. مەن بۇ ماتېرىياللارغا تولىمۇ قىزىقتىم. بۇ ماتېرىياللاردا گەرچە نۇرغۇن تەپسىلىي سانلىق رەقەملەر ۋە خەرىتە، گرافىكلار بار بولسىمۇ، مەن بۇ باسما ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللاردىن بۇ زاۋۇتنىڭ 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، قول تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان، ئارانلا 145 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇتتىن ھازىرقى زامانىۋى ئۈسكۈنە، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن زاۋۇتقا ئايلىنىش تارىخىنى كۆردۈم. ئۈچ ئەۋلاد ئەمگەك ئەھلىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ھازىر بۇ ساڭفاڭگو جىلغىسىدىكى 490809 كۋادراتمېتىر يەردە مۇقىم مەبلىغى 10 مىليارد 820 مىليون 990 مىڭ يۈەن، دۆلەتكە بېرىدىغان نەق پايدىسى ھەر يىلى 3 مىليون يۈەندىن كۆپ، ئون بىر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 1812 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار (بۇلاردىن

كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرى 324 كىشى، باشقۇرۇش خادىملىرى 314 كىشى)، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە تېخنىكا - ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە R525 ۋە R425 ماركىلىق مەھسۇلاتلىرى 1988 - يىلى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ماددا مىقدار سەۋىيىسى خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە ۋە ئادەتتىكى سەۋىيىگە ئېرىشەلىگەن؛ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 687 مىليون 880 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 10 مىليارد 59 مىليون 950 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان بىر مۆجىزە مەيدانى، بايلىق مەيدانى ۋە ئىنسان ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى پەيدا بولغان. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل مېنى خۇمدان، تۈگمەن ۋە باشقا سېخلارنى كۆرۈپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

## ئايلانمىلار ئارىسىدا ئايلىنىش

خۇمدانلار، تۈگمەنلەر ئايلانماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوت - يالقۇن ئايلانماقتا. دىئامېتىرى ئۈچ - ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان پولات باكلار ئايلانماقتا، پولات تاسمىلار يۈگۈرمەكتە، ھەممىلا تەرەپ گۈركىرىمەكتە.

مانا بۇ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدىكى ھايات. ئادەملەر مانا مۇشۇنداق تېنىمسىز گۈركىرەش ئىچىدە، ئوت - يالقۇن ئەتراپىدا يۈرۈپ كۈنىگە مىڭ توننىدىن كۆپ سېمونت ئىشلەپ ئۆز كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

— ئادەملىرىمىز ۋاڭ - چۇڭغا كۆنۈك، — دېدى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل مېنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ بەرگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — كونترول قىلىش بۆلۈمىدە ھەر خىل سترېلكىلار، رەقەملەر بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدىغان تولىمۇ زور كونترول قىلىش ئەسۋابى ئورۇنلاشقان. ئۇ يەردە بىر تېخنىك خادىم خۇمدانلاردىكى ئوتنىڭ تېمپېراتۇرىسى، خام ماتېرىياللارنىڭ ئارىلىشىش، ئۆۋۈلۈش ئەھۋاللىرىنى شۇ سترېلكا ۋە رەقەملەردىن بىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ زامانىۋى ئەسۋاب ئىكەن.

— بۇ يەردىن كېچە - كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل ئەسۋابنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئەسۋاب زاۋۇتنىڭ بىخەتەرلىكى، خۇمدان، تۈگمەنلەرنىڭ نورمال ئىشلىشى، مەھسۇلات سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىدۇ.

سۈپەت — مەھسۇلاتنىڭ جېنى، يولى، ئابرويى، ئىناۋىتى دېمەكتۇر. سۈپەتسىز مەھسۇلات يوققا تەڭ. شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقاچقا، مەھسۇلات سۈپىتى 27 يىل تەلەپكە لايىق بولۇپ، زاۋۇتتىن چىققان سېمونت 100% لاياقەتلىك بولۇش شەرىپىنى ساقلاپ كەلگەن. «تەڭرىتاغ» ماركىلىق سېمونتنىڭ 6 خىلى 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. جۇڭگو سېمونت سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، سىناپ كۆرۈش مەركىزى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت نازارەت قىلىش، سىناپ كۆرۈش مەركىزى ھەر يىلى 24 قېتىمدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈپ، بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى باشتىن - ئاخىر لاياقەتلىك

www.uyghurkitap.com

دەپ بېكىتىپ كەلگەن. مەملىكەت بويىچە 54 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىسىلارنىڭ سوۋېت مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن.

— بىزنىڭ لابورا تورىيىمىز ھەر كۈنى ئىككى قېتىم خام، پىششىق ماتېرىياللارنىڭ سوپەت ئانالىز دوكلاتىنى تەييارلايدۇ. سوپەتتە ئازراقمۇ مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە كېپىل لىك قىلىش ھازىر بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇ بىر ئاددىي تېخنىك يىگىتنىڭ گېپى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ زاۋۇت 1979 - يىلى 11 - ئايدىن 1991 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان 11 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە 25 قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلىگەن.

زاۋۇتقا بۇ شان - شەرەپنى كەلتۈرگۈچىلەر مۇشۇ ئوت - يالقۇن، ئايلانما خۇمدان، تۈگمەنلەر ئارىسىدا يۈرگەن، سالپاڭ قۇلاق شەپكە كىيىشكەن ئىشچىلار ۋە تېخنىكلار. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئايلىنىۋاتقان پولات باكلار، ئۇلار نېمىگە ئالدىرىشىدۇ؟ بۇ سوئالغا تەسىرلىك تىل بىلەن جاۋاب بېرىدىغانلار بۇ يەردە يوق. ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىمۇ ئۆز - لىرىدەك ئاددىي:

— بۇ دېگەن ئىش!

## ۋاقىت ۋە ئادەم

ئىش ۋاقىت بىلەن پۈتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشىمىز تېخىچە ياخشى - لانمىدى، بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا شۇنداق. خۇشىي كونا جۇڭگودا ئۈچ زىياندىش بار ئىدى، دېگەن سۆزگە تۈزىتىش بېرىپ، تۆت زىيانداش بار، يەنە بىرسى ماجاڭ ئويناش، دەپ يازغان. ئۇ ماجاڭنىڭ زىيىنىنى ۋاقىت ئىسراپ - چىلىقى بىلەن كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «ھازىر ھەر كۈنى بىر مىليون جوزا ماجاڭ ئوينىلىدۇ. ھەر جوزىنى سەككىز قېتىم ھېسابلىغاندىمۇ تۆت مىليون سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ دېمەك 167 مىڭ كۈن يۇرۇقلۇقتىن مەھرۇم بولغانلىق... بىز دۇنيانى ئايلىنىپ چىقساق روناق تاپقان مىللەت، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا مۇنداق ۋاقىت خورلۇقىنى كۆرمەيمىز».

خۇشىي ئەپەندىنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ قالدى. ئادەممۇ ۋاقىت بىلەن چوڭ بولىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. ئۆز بەخت پېشانىسىنى تەقدىرگە تاپ - شۇرۇپ ۋاقىتنى خىيال، ئارام ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئادەملەرمۇ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ قالدى. بولۇپمۇ تاۋار قارىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ ۋاقىت بىلەن ھېسابلىشىش ئېڭى ئۆسۈشكە باشلىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ئادەملەر ھېلىھەم خېلى كۆپ.

ئەمما بۇ زاۋۇتتا ۋاقىت قانۇن، ۋاقىت ماددىي بايلىق دەيدىغان ئادەت خېلى ئومۇملاشقان. زاۋۇت يولىدا ئەتىگەنلىكى سائەت يەتتە يېرىم، چۈشلۈكى ئون بىر يېرىم،

كەچلىكى بەش يېرىملاردا يول تېپىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. ۋېلسىپىت، پىيادە، ھەتتا موتسىكلىت بىلەن ئىشقا كېتىۋاتقان ئادەملەر كەپ قىلىشقىنىمۇ، تىنچلىق سورىشىشقىنىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. چۈنكى زاۋۇت بىر مىنۇت، يېرىم مىنۇت كېچىكىشكىنىمۇ چەك قويىدىغان تۈزۈملەرنى بېكىتكەن. مۇشۇنداق قىلمىسا، ھازىر دۇنيا سېمونت ئىشلەش سەنئىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئىگىلەش نىشانىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ زاۋۇت-نىڭ ئىستىقبالى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

بۇ يەردە دوكلات قىلىش، سۆھبەتلىشىش، ئىش بېجىرىش، مەجلىس ئېچىش، گرافىك ۋە ماتېرىيال تەييارلاشلار ۋاقىت چەكلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. ھەر-قايسى سېخلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەتىجە ئېلان قىلىش يىغىنلىرىدا سۆزلىنىدىغان سۆزلەر تولىمۇ قىسقا، رەقەملەر، تەدبىرلەر، ئىشلار تۈرىمۇ ئېكراندا قىسقا ۋە ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. باھالىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىمۇ، بېرىلىدىغان جاۋابىمۇ بىر-ئىككى جۈملە، ئېنىق بولىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى يىن خۇگرېن مەن بىلەن ئىككى مىنۇتلا سۆزلەشتى:

— زاۋۇتىمىزدا 1986-يىلدىن 1990-يىلغىچە بىرىنچى قېتىملىق زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدۇق. ھازىر بىرىنچى ئايلىنىش ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى ئايلىنىش 1990-يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1992-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئالدىنقى ئايلىنىشتا لاۋشى (شى كىپىك) زاۋۇت باشلىقى، بىز بىرنەچچەيلەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىدۇق. ھازىر مەن زاۋۇت باشلىقى، ئىسمايىل قاتارلىق يولداشلار مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، قىلغان ئىشلار مۇنۇ دوكلات، مۇنۇ گرافىكلارغا يېزىقلىق، كۆپرەك تەنقىد بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

زاۋۇت باشلىقىنىڭ قىلغان سۆزى مانا مۇشۇنچىلىك. ئۇ ھازىر ھەممە خىزمەتلەرگە مەسئۇل، ئۇنىڭ تەستىقى، يوليورۇقىسىز بۇ يەردە ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئالدىراش، جىددىي ئىشلەيدىكەن، ئۇنى ئىشخانىسىدىن تېپىش تەس ئىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بىر كۈنى ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## كادىرلار ۋە زاۋۇت

بۇ زاۋۇت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زاۋۇتتا ئىشچى بولغانىكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ھازىرقى زاۋۇتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىشچى بولۇشقا قىزىقىدىغىنى. مەن ئون نەچچە نەپەر ھەر مىللەت كادىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسلا سېخلاردىن چىققان. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنى تۈگەتكەن، ئىلمىي ئۇنۋانى بار ئادەملەر بولسىمۇ، ھەممىسلا زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ بىرقانچە يىل ئىشلىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نائىل مۇشۇ زاۋۇتتا 10 يىل مانتيورلۇق قىلغان (ئالىي مەكتەپنىڭ ئېلېكتر تېخنىكىسى كەسپىنى تۈگەتكەن بولسىمۇ). ھازىر-

قى زاۋۇت باشلىقى يىن خوگرېن ئۇزۇن يىللىق ئىشچى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرى-
دىن ئىسمايىل (ماشىنىسازلىق بويىچە ئالىي ئىنژېنېر)، ياۋشىمىن (ئالىي دەرىجىلىك ئېلېكتر
ئىنژېنېرى)، چېن شېپىڭ (ئالىي بوغالتىر) لارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز كەسىپلىرى بويىچە
بىرقانچە يىل ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھوقۇق، مەنسەپ مەستانىلىقى بىلەن كېرىلىپ
يۈرۈدىغان بىر قىسىم كادىرلارغا (رەھبىري كادىرلارغا) مۇشۇ زاۋۇتقا كېلىپ ئاز كۈن
تۇرۇپ كېتىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىشچى بولۇش بىلەن كادىر (باشلىق) بولۇشتا پەقەتلا
ئېھتىياج، خىزمەت، ئىش ئايرىمىسىلا مەۋجۇت بولۇپ، مەنپەئەت، روھىي ئۇستۇنلۈك
ئايرىمىسى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قويۇشىنى تەكلىپ قىلغان بولاتتىم.

— ئىسلام داۋۇت شۇجى، سىز ئارىلىقتا رەھبىري ئورۇنىدىن چۈشۈپ ئىشچى
بوپسىز. بۇ چاغدا روھىڭىز چۈشمىگەندۇ؟

— تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم. روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالغان دەڭا، پارتكوم شۇجىسى
بولۇش بىلەن مانتېيور بولۇشنىڭ قانچىلىك پەرقى بار دەيسىز؟

— توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ھامان تېخنىكا ئەس-
قاتىدىغان گەپ، — دېدى ئىسمايىل بۇ ھەققە سوئال سورىسام كۈلۈپ قويۇپ، — تەكلىپ
قىلسا، زاۋۇت باشلىقى بولىمەن، تەكلىپ قىلمىسا، ئالىي ئىنژېنېرلىقىمنى قىلىۋېرىمەن.
بۇنداق قىلىش ھەممە تەرەپتىن پايدىلىق.

ھازىرقى ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت باقى ئاكا تېخىمۇ ئوبرازلىق-
راق جاۋاب بەردى:

— مەن رەئىس، قىلىدىغان ئىشىم چاچتىن تولا، بازار باشقۇرۇش، ئۆي بۆلۈش،
ماجىرا سوراش، پاراۋانلىق، پېشقەدەملەر، ئىش كۈتۈۋاتقان ياشلار، خىزمەت قىلىش شىر-
كىتى، ئەلچىلىك، ئۆلۈم ئۇزىتىش، ۋايىۋۇي، بىردە رەئىسلەر سەھنىسىدە ئولتۇرىمەن،
بىردە قارىسىڭىز ئۆلۈكنىڭ ئېڭىكىنى چاتىمەن، توي سېلىقىنى ئاڭلايمەن... ياغاچچىلىق
ھۈنىرىنىمۇ كادىرلىقتىن تۆۋەن چۈشۈپ ئۆگىنىۋالغانىمەن. مەنسەپ، خىزمەت ھەممىسى
بىر گەپ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بولسۇن؟

— مەن 60 ياشقا يېقىنلاشتىم، — دېدى ھازىرقى ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى تىلىۋالدى ئاكا ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىنى ئەسلەپ، — مەن
1951 - يىلى ئىشقا كىرگەن تۇنجى ئۇيغۇر سېمونت ئىشچىلىرى بولغان 11 يىگىت-
نىڭ بىرى. تۇدۇگخابا، ليۇخۇاگگولاردا تاش ئىزدىدۇق، تاش چاقتۇق، ئۇ چاغدا
تاماق، كىيىم - كېچەك بېرەتتى. ئارانلا بەش موچەندىن پۇل بېرەتتى. تۆت يىل
تاش چاقتۇق، زادى داتلىمىدۇق، ئۇچكە بىلەن تاش تېشىپ، دورا قويۇپ، قول بىلەن
پىلىك بېكىتىپ تاش پارتلاتتۇق. 1957 - يىلى بېيجىڭ ليۇلىخې سېمونت زاۋۇتىغا
بېرىپ بىر يىل ئۆگىنىپ كېلىپ خۇمدانىنىڭ ئوتىنى كۆرىدىغان ئىشچى بولدۇم.
1983 - يىلى سېخ باشلىقى بولدۇم. 200 مىڭ تونىنا سېمونتنىڭ خام ماتېرىيالىنى تەييارلاش
ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا تىرىشتىم. كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى بولدۇم. ئۇ يەردىن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چۈشۈرۈلدۈم. ھازىرمۇ

ئەمگەك - ئىش ھەقىقى بولۇشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمەن. مېنىڭ كاللامدا ئەزەلدىن ۋەزىپە ئورۇنداشلا بولۇپ كەلگەن. نېملا ئىش قىلسام ئويلايدىغىنىم ۋەزىپە ئورۇنداش، ئورنۇمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىدىم. مەن بۇنىڭغا ئادەتلەنمىدىم، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كەچكۈرستا ئوقۇپ يۇرۇپ ئارانلا تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتسەم، ھازىر ئەمدى ئالىي مەلۇماتنىڭ بازىرى چىققىلى تۇردى، بىلىم جەھەتتە مەن يەنىلا تۆۋەندە. بىلىم، ئىقتىداردا ئۆسەلمىدىم، مۇشۇ پېتى پېنسيىگە چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم.

مەنسەپ — دەرىجە ئېڭى بىلەن مەنپەئەت—ھوقۇق تالىشىش ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان تونۇش - بىلىشلىرىم مېنىڭ خىيالىمدا پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ماختىنىش، كېرىلىش، تەكەببۇرلۇقلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ نە ئالاھىدە قابىلىيەت، نە ئالاھىدە بىلىمى يوق، باز دېيىلسە پەقەت يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاش، راھەت - پاراغەتكە تويمايدىغان بىر خىل تاما - ئىشتىھاسىلا بار. پارتىيىمىز، دۆلىتىمىزگە خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقان ئادەملەرگە، بۇ پەزىلەت قاتىلىمىغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەرھۇم لىيۇشاۋچىنىڭ 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1951 - يىلى 4 - ئايغىچە ئوتتۇرىغا چىققان 8966 پارچە ئەنزە ئىچىدىن 8277 پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە 8 - قۇرۇلتاي 2 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ قويغۇم كېلىدۇ: «تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن قول سېلىش كېرەك، بىرىنچى، ئامما نازارەت قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم بېكىتىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ رەھبىرىي ئورۇنلىرىمىز ۋە رەھبەرلىرىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلىشىدى. غان بولسۇن؛ ئىككىنچى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھوقۇقى مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېقىن بولۇشى لازىم. تولىمۇ ئالاھىدە بولۇپ كەتمىسۇن؛ تۆتىنچى، بۇرژۇئازىيىنىڭ بەزى تۈزۈملىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىشقا بولىدۇ» يولداش لىيۇشاۋچى بۇنىڭغا تۆت مىسال كەلتۈرگەن. بۇلار: 1. شۋېتسىيە ئىچكى كابىنېت باش مىنىستىرى دائىم ئاپتوبۇس بىلەن ئىشقا بارىدىكەن. مەخسۇس ماشىنا ئىشلەتمىگەنىكەن. 2. ۋاشىنگتون سەككىز يىل زۇڭتۇڭ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاددىي پۇقرا بولغان. 3. ئېيزېنخائۇئېر باش قوماندان، زۇڭتۇڭ بولغان، كېيىن كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 4. مارشالل دۆلەت كاتىپى بولغاندىن كېيىن قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. بىز بۇلاردىن پايدىلانساق بولامدۇ - يوق؟

شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىدا زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن باشقا يەنە ھازىر كان سېخى، خام ماتېرىياللار سېخى، كۆيدۈرۈش سېخى، سېمونت سېخى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنە رېمونت قىلىش سېخى، ئېنېرگىيە سېخى، ئاپتوموبىل كالوننىسى، قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىق سېخ - ئورۇنلىرىنىڭ 100 نەپەردەك رەھبىرىي كادىرى بار ئىكەن. زاۋۇت كادىرلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانى بارلاردىن 27 كىشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانى بارلاردىن 69

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشى بار ئىكەن. بۇ كادىرلار ۋە ئىلمىي خادىملار ئېھتىياجىغا قاراپ ھەم رەھبەر، ھەم ئىشچى بولالايدىكەن. رەھبەر بولغاندىمۇ، ئىشچى بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ رولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىكەن. ھەر ئىككىلا ئورۇندا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىكەن.

پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن ئادەملەر مۇشۇنداق بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە تېز بولماسمىدى؟!

## زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى

بەزى كىشىلەر زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى توغرىسىدا گەپ بولسىلا، زاۋۇت باشلىقىنىڭ زوراۋانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىشىدۇ. بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك جەمئىيىتىمىزدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ھەر خىل ناچار رەھبەرلىك ئىستىللىرىنىڭ كىشىلەرگە ئازار بېرىشىدىن كېلىپ چىققان، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى نېمىلەرگە مەسئۇل بولىدىكەن، دېگەن سوئال ئۇزۇندىن بېرى مېنىڭمۇ قىزىقىشىمنى قوزغاپ كەلگەنىدى. چۈنكى مەن ئىسلاھاتقا قىزىقىمەن. ھەممىيەتچىلىك، ئەمەلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەندە «رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ئىسلاھ قىلىنسا ئىكەن» دېگەن ئارزۇنى پەيدا قىلغان. ئىسلاھات قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئۇ ئىشلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىدا ئۆز مەزمۇنى بىلەن ئىپادە كۆرسىتىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

مەن بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلدىم. بۇ كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نۇرغۇن ئىسلاھات مەزمۇنلىرىنى پەيدا قىلغان. بۇ ئىسلاھاتلار زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالىشىدا ئۇنىڭغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر ھېسابلانغان. بۇ ئىسلاھاتلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە كۆرۈلگەن. بىرىنچىدىن، ئادەم باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كادىرلارنىڭ «ئۆمۈر بويى ئىشلەش» تۈزۈمى بۇزۇلغان، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىكى كادىرلارنى «بەلگىلەش»نى «تەكلىپ قىلىش»قا ئۆزگەرتكەن. ئاساسىي رەھبەرنى سايلاشتا كىشىلەر رايىنى سىناش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق يېشى 45 تىن تۆۋەن، ئالىي ياكى مەخسۇس تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار ئىنژېنېرلاردىن ئىككىيلەننى پارتكوم شۇجىسى، زاۋۇت باشلىقى قىلىپ بېكىتكەن. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرى بىلەن ئۈچ باش ئىنژېنېرنى زاۋۇت باشلىقى ئىسىم كۆرسىتىش، پارتىيە ئورگىنى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەر بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىش، يۇقىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى دىپلوم ھەم سەۋىيىسىگە قاراش، مۇھىمى، سەۋىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن زاۋۇت باشلىقى ئۆزى كۆرسىتىپ تەكلىپ قىلالايدىكەن، زاۋۇت باشلىقى ھەرقايسى بۆلۈم، سېخ باشلىقلىرىنى ئۆزى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيدىكەن. بۇ سېخ، بۆلۈملەرنىڭ مۇئاۋىنلىرىنى

سېخ - بۆلۈم باشلىقلىرى كۆرسىتىپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيدىكەن.

ھازىرقى رەھبەرسىي كادىرلارنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپىنى تەشكىل قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 45 تىن تۆۋەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت بىر تۇتاش تەشكىللىگەن زاۋۇت، كان باشلىقلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئاپتۇ. ھازىرقى شۇجى، زاۋۇت باشلىقى، ئۈچ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، كۆپچىلىكنىڭ ھېمايىسىگە ئىگە، ئىشچانلىقى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن ئىناۋەت-ھۆرمەت تاپقان، ھەم ئەمگەكچى، ھەم رەھبەرلەردىن ئىكەن. ئىككىنچىدىن، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى ئۆزگەرتكەن. ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن رەسمىيەتلەرنى ئازايتىپ ئەمگەك، ئىش ھەققى، كادىرلار ئىدارىسىنى كادىرلار ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، كادىرلار بىلەن ئىشچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان، كارخانا باشقۇرۇش ئىشخانىسىنى سۈپەت باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىپ، قوشۇمچە يەنە باش تەكشۈرگۈچى ۋە ئاپتوماتىك ھېسابلاش ئىشخانىلىرىنى قۇرۇپ، زاۋۇت باشلىقى مۇشۇ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇنلارنى قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەت باسقۇچلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. زاۋۇت باشلىقى سەككىز - توققۇزلا ئادەمنى، يەنى ئۈچ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، ئۈچ باش ئىنژېنېر، سۈپەت مۇدىرى، باشلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرىنىلا تۇتقان. بۇ سەككىز - توققۇز ئادەم ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن مەسئۇلىيەت كۈچىيىتىلگەن. رەسمىيەت ئازايغان، ئىش ئۈنۈمى ئۆسكەن. ئۈچىنچىدىن، تەقسىمات ۋە مۇكاپات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان. بۇ زاۋۇت 1983 - يىلدىن باشلاپ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، زاۋۇتنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە باپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى پايدىغا قاراپ ھەق ئېلىش تۈزۈمىنى؛ ئىككىنچى، ھالك تاش كانلىرى مۇكاپات، مائاشنى كۆتۈرە ئېلىش تۈزۈمىنى؛ ئۈچىنچى، سېمونت قاچىلاش ئىشچىلىرى قىلىغان ئىشنىڭ سانىغا قاراپ مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى؛ تۆتىنچى، ۋەزىپە ئاتقۇرغۇچى بۆلۈم، ئىشخانىلار قائىدىن، نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشتا خىزمەت ئۈنۈمىنى، خىزمەتنى باھالاشتا سۈپەت ئۈنۈمىنى ئاساس قىلغان. بۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى دۆلەت، كارخانا، شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە كېپىللىك قىلالىغان.

— زاۋۇتنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت كىيىملىرى بۇ، — دېدى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بىر قۇر كىيىم، كۆڭلەك، شىبلىتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر خادىمنى ماڭا كۆرسىتىپ، — ماۋىدىن تىكتۈرۈپ بەردۇق، قارىماققا ئىشچى كىيىمىدەك قىلغىنى بىلەن ئىشتان - چاپىنىلا 180 يۈەنلىك، كۆڭلەك، شىبلىتلىرىنى قوشقاندا بىر يەرگە بارىدۇ. ئىككى مىڭ ئۈچيۈز ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەممىسىگە تىكتۈرۈپ بەردۇق.

— زاۋۇت باشلىقىنىڭ مائاشى نەچچە پۇل؟ — دەپ سورىدىم قىزىقىپ.

www.uyghurkitap.com

— يېقىندا ھېسابلىساق، زاۋۇت باشلىقىنىڭ مائاشى 750 يۈەندىن، بىزنىڭ ئاللە يۈز يۈەندىن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار (بۆلۈم باشلىقلىرى)نىڭ 400 نەچچە يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ يېقىندا يەنە 70 – 80 مىڭ يۈەن مۇكاپات تارقىتىمىز.

زاۋۇت باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسەن كۆپچىلىككە مەسئۇل بولۇش، مۇھىمى دۆلەتنىڭ، زاۋۇتنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولۇشتا ئىكەن. زاۋۇت باشلىقى: — ئوتتۇرا ھېساب تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاش، تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش، كارخانا يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئېچىش، زامانىۋى باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىستېمال قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش، زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر مائاش ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى قەدىمىنى تاشلىدۇق، قابىلىيىتىگە، ئىش ئۈنۈمىگە، مەھسۇلات سۈپىتىگە قاراپ ھەق بېرىشنى ھەر بىر سېخ، ھەر بىر شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرمەكچىمىز.

تۆتىنچىدىن، بۇ كارخانا تەدبىر بېكىتىش تۈزۈمىنى ئورناتقان. تەدبىرنى زاۋۇت باشلىقى بەلگىلەيدىكەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمى زۆرۈركەن. زاۋۇتنىڭ ستراتېگىيىلىك، تاكتىكىلىق تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشتە بۇ زاۋۇت ئوخشاش بولمىغان تەرتىپ - تۈزۈملەرنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، «زاۋۇت باشلىقىنىڭ خىزمەت تەرتىپلىرى»گە ئاساسەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىش تۈزۈمى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلگەن:

بىرىنچى، ھەر ئايدا بىر قېتىم باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش؛

ئىككىنچى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم زاۋۇت خىزمىتى يىغىنى ئېچىش؛

ئۈچىنچى، ھەر يىلدا بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىش؛

تۆتىنچى، ھەر پەسىلدە زاۋۇت باشلىقى پارتكوم بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش؛

بەشىنچى، ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى سۈپەت باشقۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش؛

ئالتىنچى، ھەر ھەپتىنىڭ 2-كۈنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەش يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛

يەتتىنچى، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئىقتىسادىي پائالىيەت ئانالىزى يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛

سەككىزىنچى، ھەر ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇسكۈنە ۋە بىخەتەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛

توققۇزىنچى، ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى كان خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛

ئىشلەپچىقىرىش مەركەز قىلىنغان بۇ يىغىنلار چوقۇم ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يېكىر ساندۇقى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ قوبۇل قىلىش كۈنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئىش ئورگىنىدا ئادەم بولۇش تۈزۈمى قاتارلىقلار بېكىتىلدىكەن. يۇقىرىقىلار ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقىنىڭ يادرولۇق، پارتكومنىڭ نازارەتچىلىك رولى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش رولى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەممە جەھەتتىن زاۋۇت باشلىقىنى قوللاش،

رىغبەتلەندۈرۈش يولىغا قويۇلغان.

— زاۋۇت باشلىقىنىڭ ھوقۇقى چوڭ، — دېدى پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى، — پىچىقى كېسىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك.

زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ كۈچ قۇدرىتى.

لابوراتورىيىنىڭ مەسئۇلى لاۋ چېن ماڭا تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ بۇنچىلىك ئىنچىكە، بۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇشىنى دېمىگەن بولسا، مەن سېمونت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى زادىلا بىلمىگەن بولاتتىم. خىمىيىلىك ئانالىز، ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، ئالاھىدە سورتىنى تەكشۈرۈش دەپ ئاتىلىدىغان تۆت گۇرۇپپا ئوخشاش ماتېرىيالنى تۆت خىل نۇقتىدىن، تۆت خىل مەقسەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە (مەسىلەن، خۇمدانغا كىرگەن ماتېرىيالنى) خىمىيىلىك، فىزىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ھاك تاش، مايلىق سىلانىتس، گېپىس، تۆمۈر رودا پاراشوكى بۇ يەردە ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن 700 - 800 مىڭ يۈەنلىك زامانىۋى ئەسۋاب ئارقىلىق ئاق خالات كىيگەن ياش خادىملارنىڭ ئەقلى بىلەن تەھلىل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىدلارنىڭ نىسبىتى، سۈپىتى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلانسا، پىششىق ماتېرىياللارنىڭ زىچلىقى، تۇراقلىقلىقى، ھەرىكەتچانلىقى، ئېگىلىشكە، بېسىمغا چىداملىقى قاتارلىق تەرەپلىرى فىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ماتېرىياللارنىڭ خۇمدان ۋە ئوچاقلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشتا دائىر ئۆزگىرىشلىرى كونترول گۇرۇپپىسىنىڭ ئانالىزى ئارقىلىق ۋاقتىدا مەلۇم بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئىككى قەۋەتلىك كۆرۈمسىز ئۆي ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىرنەچچە يۈز (ياكى مىڭ نەچچە يۈز) توننا سېمونتنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇ كارخانىنىڭ زامانىۋىلاشقان، يېڭىچە سېمونت ئىشلەش ئۇسۇللىرىغا دادىللىق بىلەن يۈرۈش قىلالىغان 3 - نومۇرلۇق خۇمدانى ئىشقا چۈشكەندە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200 دىن كۆپ مۇتەخەسسىس، ئالىم، رەھبەر، تېخنىك خادىملار يىغىلىپ، بۇ خۇمداننىڭ خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكىسىنى سىناق قىلغانلىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بۇ يېڭىچە تېخنىكىنى 70 - يىللاردىكى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەنلىك، مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنلىك دەپ بېكىتكەن.

— «خەلق گېزىتى»، «ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» بىرىنچى بەتلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايلىرىغا شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 3 - نومۇرلۇق خۇمداننىڭ بۇ يېڭىلىقىنى تونۇشتۇرۇپ مۇھىم ماقالىلەر ئېلان قىلغان. بۇ خەۋەرلەردىن «بۇ 6 - بەش يىللىق پىلاندا بېكىتىلگەن 38 نۇقتىلىق تېخنىكىدىن بىرىنىڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى»، «بۇ دۆلىتىمىز سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق تەجرىبىلەر يارىتىپ بەردى» دەپ يېزىلغان. «ئىقتىساد گېزىتى» 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «سانائەتنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە «شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 3 - نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ يېڭىچە تېخنىكىدا غەلىبە قىلىنغانلىقى بىر خۇشاللىنارلىق خەۋەر... سېمونت ئىشلەپچىقىرىشتا خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى سېمونت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر مۇھىم تېخنىكا سىياسەت بولۇشقا تېگىشلىك، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى بىرىنچى بولۇپ گۇۋۇيۈەنىنىڭ چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ياخشى باشلامچى بولدى» دەپ يازغان. شۇ گېزىت ئوبزورچىسى يەنە: «بولۇپمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش جەريانىدا ئويلاشقا، ئىشلەشكە، تىك چوققىلارغا ئۆرلەشكە جۈرئەت قىلالىغان، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىككى خىل ئۇسۇل بار، بىر خىلى، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدە توختاپ قېلىش، يەنە بىرى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىدەك قىيىنچىلىقتىن، خېيىم - خەتەردىن قورقماي، قەتئىيلىك بىلەن ئىلغارلارغا تەڭشىلىش، ئۆزىنى يېڭى تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش». ئوبزورچى تەكىتلەپ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكا سىنىقى سانائەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېمونت زاۋۇتىدا نەتىجە قازاندى.»

پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان 3 - نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ ئىشقا چۈشۈشى بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 400 مىڭ توننىغا يەتكەن. شىنجاڭ سېمونت سانائىتىدە بىر سەكرەش پەيدا قىلالىغان. شىنجاڭ بىر سەكرەپلا مەملىكەت بويىچە بۇ ساھەنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىگەن. زاۋۇت دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «6 - 5» پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نەتىجە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، باش ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشىڭ دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ياش - ئوتتۇرا ياش، پەن - تېخنىكا ئالىمى دېگەن نامغا ۋە مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ يىل ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 4 - نومۇرلۇق خۇمدان پەن - تېخنىكا ساھەسىدە تاشلانغان تېخىمۇ چوڭ بىر قەدەم ئىكەن.

1985 - يىلى رەسمىي تەستىق قىلىنغان كېڭەيتىپ قۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھازىرقى مەسئۇلى ئاتاقلىق ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشىڭ 4 - نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: «4 - نومۇرلۇق خۇمدان بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. بۇ خۇمدانىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلاتى 2000 توننا، خۇمدان سىرتىغا پارچىلايدىغان يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان. 80 - يىللارنىڭ دۇنياۋى ئىلغار تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتكەن. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر ئامېرىكا، گېرمانىيىلەردىن كىرگۈزۈلگەن. بۇ خۇمدان ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىر مىليون 120000 توننىغا يېتىدۇ. بۇ خۇمدانغا دۆلەت

ئىككى مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان. بۇ خۇمدانىنىڭ خام ئەشيا بازىسى بولغان ئىبۇدرغول ھاك تاش كېنىغاسىپلىنىغان80 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ھېسابلىغاندا، دۆلەتنىڭ ئاجراتقان مەبلىغى قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»

ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن زاۋۇت بىنالىرى، پولات تۇرۇبىلارمۇئاشۇ قەدىمىي دېھقان يېرىدە. ئۇ يەرلەردە مال بېقىپ، كۆكتات - زىرائەت تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان دېھقانلارنىڭ سېرىق توپىدىن ياسالغان ئۆيلىرى ھېلىمۇ يەنە شۇ قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن. لېكىن ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئاجايىپ تۆمۈر ئۆيلەر، ئاجايىپ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، شاۋقۇنلۇق ئاۋازلارنىڭ ۋەھىمىسىدە قالغان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا باشقا بىر دۇنيا، بىر مۆجىزە يارالغان. بۇ ئىلىم - پەن دۇنياسى، ئىلىم - پەن مۆجىزاتلىرى. يەر شارىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار قامۇسىنىڭ ۋەكىللىرى، ئىنسان غۇرۇرىنىڭ ئۈلگىلىرى، پەزىلەت، پاراسەت، قابىلىيەت قاتلىمىنىڭ گۈل تاجلىرى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىپ ھاياتنى، تەبىئەتنى، يەر شارىنى ۋە پۈتۈن كائىناتنى ئۆزگەرتمەكتە. مۇشۇنداق تىنىمسىزلارنىڭ بىرى بولغان ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

— ئۇ نەدە؟

— جاپالىق يەردە.

— جاپا نەدە؟

— راھەت - پاراغەت يارالغۇسى يەردە.

## جاپالىق ئەمگەك بىلەن راھەتلىنىش

كىشىلەر مەشھۇر ئادەملەر توغرىسىدا پاراڭ بولسىلا، ھامان ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن-لىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئادەتلىنەتگەن. لېكىن قانداق ئېرىشكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىدى-غانلار كۆپ ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى، ئېرىشىش جاپالىق ئەمگەك بىلەن بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

شۇنداق قىلىپ مەن جاپالىق جايلاردىمۇ ۋاڭ زەيشىڭنى تاپالىدىم. ئاخىرى ئۇلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلەندىم.

سانائەت تېخنىكا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش جەريانىدا ۋاڭ زەيشىڭ، يۇ فېڭسىڭ، چېن ۋېنجېن قاتارلىق تېخنىك خادىملار ھەر كۈنى نەق مەيداندا يۈگۈرۈشۈپ يۈردى. قەيەردىن چاتاق چىقسا ئۇلار شۇ يەردە تەق تۇردى. چاڭ - توزان سۈپۈرگۈچتىن چاتاق چىققاندا مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرىدىن خۇاڭ فاڭشيەن، جاڭ زاۋ، ئېلېكتىر سايمانلار ئىنژېنېرى چېڭ لەيشيەن قاتارلىق يولداشلار خىيىم - خەتەرگە قارىماي يوغان چاڭ - توزان يىغىش ئىسكىلاتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چاتاقنى ئېنىقلاپ، ئىشنى

www.uyghurkitap.com

تۈزەپ چىقتى...

زاۋۇت باشلىقى يولداش سوڭ يىگىۋ يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى سىناق قىلغان كۈنلەردە تاماقنىمۇ ئىش ئورنىدا يەپ، ئىشخانىسىدا يېتىپ قوپۇپ، ھەر كۈنى چاڭ-توزان ۋە تەرگە مىلىنىپ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قۇرۇلۇش بىللە كېتىۋاتقاندا سۈپەت باشقۇرۇشتىن مەسىلە چىقىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى، زاۋۇت تېخنىكا بۆلۈم باشلىقى شوشيوخۇا لابوراتورىيىدىكى بارلىق خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، يۇمۇلماس كۆزدەك سۈپەت ئىزىغا زەن قويۇپ ئىشلىگەچكە، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق سېمونتنىڭ ئالتە خىل مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلات كۈمۈش مېدالىغا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 100% سۈپەت سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز شان-شەرىپىنى ساقلاپ كەلدى...

مەن ئىزدىگەن بۇ ئادەم ھەرقاچان مانا شۇ خىل چاڭ-توزان، ئاچچىق تەر ئىچىدە. 1977-يىلىدىن 1978-يىلغىچە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر گرافىكى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئون يىلنىڭ سەككىزىدە ۋاڭ زەيشىڭ دېگەن ئىسىم كۆزۈمگە چېلىقتى. كىتابلاردا، گېزىتلەردە ۋە تىللاردا نامى تەكرارلىنىدىغان بۇ ئادەم مەن بىر ئاي زىيارەت قىلغان شۇ كۈنلەردە ماڭا يولۇقمىدى.

— ئۇ نەدە؟

— جاپالىق جايلاردا.

شان-شەرەپ ئۇنى قوغلايدۇ، ئۇ بولسا جاپا-مۇشاققەتنى قوغلايدۇ.

بۇنداق ئادەملەردىن بۇ زاۋۇتتا يالغۇز ۋاڭ زەيشىڭلا ئەمەس، بۇ خىل شان-شەرەپ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، جاپالىق ئەمگەك بىلەنلا كۆنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر بۇ يەردە تولىمۇ كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن.

شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرىنى ياتقىمغا باشلاپ كىردىم. بۇ ئادەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن بىرى مۆمىن راخمان.

— مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىلنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپسىز، نەچچە قېتىم تېلېفون بەرسەم نېمىشقا ئالمايسىز؟

— باشلىققا كەلگەن تېلېفوننى مەن قانداق ئالاي!

مەنمۇ كۈلدۈم، ئۇمۇ كۈلدى ۋە قىزاردى. ئۇ قىزارغاندا مەن كۆرگەن رەڭلىك ژۇرنالدىكى رەسىمگە تازا ئوخشىدى. يېشى 50 تىن ئاشقان بولسىمۇ چاچ-ساقىلىغا ئاق كىرمىگەن، خۇددى ئەمدىلا ھايات بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بالىدەك ساددا، يۇمشاق تىل بۇ ئادەم مەندە قىزىقىش قوزغىدى. بۇ قىزىقىش ھاياتتىن گۈزەللىك ئىزدىگۈچىنىڭ گۈزەللىك نۇرى چاقناتقۇچىغا بولغان قىزىقىشى.

— بىر ئۆمۈر ئېكسكاۋاتور بىلەن تاش قاچىلىدىڭىز دەڭ، — دېدىم مەن بۇ تەمەسىز، نومۇسچان ئادەمگە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن قاراپ قويۇپ، — زادىلا نارازىلىق قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ، — ئويلاپ باقسام «ياق» دېمەپتىمەن، زادىلا دېگۈم كەلمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالدىم. جاپالىق ئەمگەك بىلەن يېرىم ئەسىرنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، ئارقا سەپكە يۆتكىلىشنى خالىماستىن شاگىرتى شاۋلىزى بىلەن ھازىرمۇ كۈنىگە ئون - ئون ئىككى سائەتتىن ئىشلەپ 100 — 120 ماشىنىغا تاش قاچىلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم بىلەن قىلغان سۆھبىتىمدىن جامائەتكە ئۇچۇر بېرىشنى پايدىلىق ھېسابلايمەن.

— مەن 1958 - يىلىدىن باشلاپ تاش بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. شۇ يىلى يوپۇرغىدىن كېلىپ 7 - ئايلاردا ئىشقا چۈشتۈم. بىز 91 بالا ئىشچى ئىدۇق. كېيىن جىتون قويدۇم، قوم تاسقىدىم، باشقىلار چىدىماي كېتىپ قالدى. لېكىن مەن چاڭ - تۇزان، ئاچچىق تەر ئىچىدە ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى بولدۇم. ئىتتىپاق ئەزاسى بولغاندىكىن ۋەزىپەم ئېنىق. قىل دېگەننى قىلىش، تۆھپە يارىتىش، دۆلەتنى باي قىلىش دەپ ئويلىدىم. بىر يىل سېمونت قاچىلىدىم. يامالىق تېغىدا بىر يىل تاش قاچىلىدىم. 60 -، 61 - يىللىرى تۇرمۇش قىيىنلاشتى. ئىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. قاچقانلار كۆپەيدى. ئەمما مەن قاچمىدىم. 64 - يىلى تاش قاچىلاش ماشىنىسى كەلتۈرۈلدى. قول بىلەن تاش قاچىلاشتىن قۇتۇلۇپ جۇ ئۇستامغا شاگىرت بولدۇم. ئۇ سوۋېتنىڭ ماشىنىسى ئىكەن، بىرى ئوڭ، بىرى سول ئايلىنىدىكەن. ئۇستام «چەتئەلنى ئەكەل» دېسە كۇلۇچنى بىلمەي، باشقا نەرسىنى ئەكىلىپ تىل ئاڭلىغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇستام ھەممە جابدۇققا نومۇر قويۇپ نومۇرنى كۆرسىتىدىغان بولدى، نومۇرغا قاراپ دېگىنىنى ئەكىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۆگەندۇق. ھازىرقى ياڭ شۇجى ئىككىمىز بىللە شاگىرت بولغان. كېيىن ئېكسكاۋاتورغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. تاش قاچىلاش كۆڭۈللۈك بىلىنىدىغان بولدى.

— 3 - خۇمداننى قۇراشتۇرۇشتا سىز ھۇل كولاپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق، ئاۋۋال توك ئۈچكىسى بىلەن تەشتۇق، ئاندىن 14 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىدۇق. ھازىر تۇپىنى تۆپىدە تۇرۇپ تارتىدۇ، ئۇ چاغدا تېگىگە چۈشەتتۇق. تۆت يىل تېگىگە چۈشۈپ ئىشلىدۇق، قىشتا تۆمۈر قاتتىق مۇزلايدۇ، تومۇزدا ھاۋا ئىسسىق، شامال دېگەن يوق، ۋەزىپە سەككىز سائەت ئىچىدە 40 ماشىنىنى 30 قېتىمدىن تولدۇرۇش.

— دېمەك سەككىز سائەتتە 120 ماشىنىغا توپا قاچىلاش كېرەككەن - دە؟

— شۇنداق، ئەمما بىز سەككىز سائەتتە 200 ماشىنا توپا چىقىراتتۇق. شاگىرتىم بىلەن كۈنىگە 12 سائەتلەپ ئىشلىدۇق. توپا كولاش ماشىنىسىنىڭ نورمىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1050 توننا توپا قاچىلاش، لېكىن بىز كۈنىگە 400 — 500 تونىدىن قاچىلىدۇق.

— ئېيىغا 15000 توننىدىن توپا چىقىرىپسىلەر-دە. ئورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىپسىلەر. مۇكاپاتىنىمۇ جىق ئالغانسىلەر.

— ياق، بىز تەلەپ قىلمىدۇق، بۇ سانىنىمۇ مەلۇم قىلمىدۇق.

— ئورغۇن تەرىڭلار بىكارغا كېتىپتۇ-غۇ؟ — مەن سىناق نەزەرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— نېمىشقا بىكار كېتىدۇ، ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى. دېمىسىمۇ، مەن ئىشتا كىرىشسەم ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتىن باشقىنى ئويلىمايمەن.

مۆمىن راخماننىڭ تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، ئۆيىگە كەلمەي ئىش ئورنىدا — تاشلىقتا يېتىپ - قوپقانلىقى، ليۇشىگودىن هاك تاش توشۇيدىغان ماشىنىلار-نىڭ كۈنىگە 4 قېتىمدىن قاتناپ ۋەزىپە ئورۇندىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گىياهسىز تاشلىقتا يازدا 30 نەچچە گرادۇسلۇق ئىسسىقتا، قىشتا 20 نەچچە گرادۇسلۇق سوغۇقتا پىسەنت قىلماي كۈنىگە، سائەتكە قارىماي ئىشلەپ، نە شان-شەرەپ، نە مۇكاپات پۇلى تەلەپ قىلماستىن ئۆز تۆهپىسىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئاڭلىغان گەپلىرىم خېلى كۆپ.

1992 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بىلەن ليۇشىگو هاك تاش كانىغا باردىم. توپا بېتىنى قايرىۋېتىپ يەر تېگىدىن هاك كولايدىغان گەپ ئىكەن. چوڭقۇرلۇقى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان تولىمۇ چوڭ كۆل، قايرىۋېتىلگەن توپىدىن پەيدا بولغان سۈنئىي تاغ، توختىماس شامال، توپا - چاڭ، شاۋقۇنلار ماڭا مۆمىن راخماندەك ئەزىمەتلەرنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان ئىشىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

— ئۆز ۋاقتىدا هاك تاشنى قول بىلەن تۆشۈك تېشىپ پارتلاتقان. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يەر تېگىدىن يىلىغا 30 تۆمەندىن هاك تاش كولىنىۋالغان. هازىر 130 دەك ئىشچىمىز بار، يىلىغا 60 تۆمەن توننىدىن هاك تاش ئالىمىز. هاك تاشنى مەشەددىلا ئاۋۇ زاۋۇتتا ئۇۋۇتۇپ (مۇشتۇمچىلىك يوغانلىقتا) ئىسكىلاتقا بىراقلا يوللايمىز. قاراڭ، هازىر چاڭ - توزان يوق، هاك تاش توزانلىرىنى ماشىنىدا يىغىۋالىمىز. توزاننىڭ توننىسىنى 40 نەچچە يۈەنگە ساتىمىز، — بۇ ليۇشىگو پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لاۋۇۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى.

ئىشچىلارنىڭ مىننەتسىز ئەمگىكى، باهاسىز تەرى، مۆلچەرلىگۈسىز غەيرىتى، شجائىتى بولمىغان بولسا، كىشىلەرگە راهەت، گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى سېمونت پەيدا بولمىغان بولاتتى. سېمونت ئىشلەش ئەمگىكىنىڭ جاپاسى جانباز ئەزىمەتلەرنى راهەتلەندۈرىدۇ، ۋەهالەنكى ئۇلارنىڭ ئەمگەك تەرىدىن پۈتكەن سېمونت بىلەن ياسالغان چىرايلىق ئۆيلەر، باغلار، كوچىلار، مېهمانخانا، مەجلىسخانىلاردىن بىز راهەتلىنىمىز. بىزگە راهەت - پاراغەت بەخش ئەتكۈچىلەرنى بىز كەمدىن - كەم ئەسلەيمىز ياكى پۈتۈنلەي ئەسلەپ قويمايمىز.

چاڭ - توزان پاسكىنا نەرسە، لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە گۈزەللىك يوشۇرۇنغان.

## باياشاتچىلىق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش

زاۋۇتتىن چىقىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارغۇچە قەۋەت - قەۋەت بىنالار، ماگىزىنلار، ئاشخانىلار، قايناق كەچكى بازار، تانسىغا كېتىۋاتقان يىشلار، كۈلۈشۈپ هاراق ئىچىشىۋاتقان پېنسىيىگە چىققان قېرىلار، ئائىلە خۇشاللىقى ئۈچۈن يېمەكلىك ئېلىشىۋاتقان ئىشچان ئاياللار ۋە ئويۇنغا ئامراق باللار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ تولىسى مېنى تونۇۋالدى. مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق.

— بىزنىڭكىگە كىرسىلە، — دەيدۇ پېشقەدەم ئىشچى خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، — مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار تازا ياخشى بىر رومان بولىدۇ.

— رومان ئوقۇپمۇ تۇرامسىز؟

— تازا جىق ئوقۇيدىغىنى بىز دەڭا، ياشلار دېسكو، تانسا، كىنوغا ئامراق، بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز رومان ئوقۇيمىز. رومان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدۇ. رومان ئوقۇماستا ھەممىنى بىلىمەن دەيتتىم، ئوقۇغاندىن بېرى ئۆزۈمنى ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمەن، دەپ ئەيىبلەيدىغان بولدۇم.

— روزاخۇن ئۇستام، سىز ئىشتىن چۈشۈپ نېمە قىلىسىز؟

— مەنمۇ؟ — دېدى ئاشپەز يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، — ئايالىم بىلەن كىتاب ئوقۇيمىز.

— باشقا ئۇستاملارچۇ؟

— هاراق ئىچىدۇ، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — بۇلارغا هاراق بولسىلا بولىدى.

كىتاب ئوقۇشمۇ، هاراق ئىچىشمۇ كىشىگە زوق - خۇشاللىق بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەۋەسلىرى ھەر خىل بولىدۇ.

بۇ يەردە ھەممىلا خۇشاللىققا ئورۇن بار. باياشاتچىلىق خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى، ناخشىمۇ، كۈلكىمۇ، ھەۋەسمۇ تۇرمۇش خاتىرجەملىكىنىڭ مەھسۇلى. خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى باياشاتچىلىق.

5 - 6 قەۋەت قىلىپ سېلىنغان 396 ئېغىز ئۆيلۈك 40 - 50 كورپۇس يېڭى بىنا كۆزگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئىككى مىڭ نەچچە يۈز ئىشچى - خىزمەتچىگە ماۋدى رەختتىن تىكتۈرۈپ بېرىلگەن بىر قۇر كىيىم، چىرايلىق گالىستۇك، كۆڭلەك، شىبلىت كىمنى خۇشال قىلمىدى؟ يېقىندا بىر كىشىگە نەچچە 100 يۈەندىن تارقىتىلغان مۇكاپات پۇلىچۇ؟ بۇ يەردە گاز، توك، سۇ ئەلۋەك ۋە ئەرزان. مانا بۇلار باياشاتچىلىقنىڭ بەلگىلىرى.

— يازدا غىپلا قىلىپ ئۇلانباي قارىياغاچلىقىغا چىقىپ كېتىمىز - دە، تازا قانغۇچە ئوينىۋالىمىز، — دېدى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت باقى ئاكا مېنىڭ «ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويامسىز؟» دېگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭ-

سىز خۇش بولغىلى بولامدۇ؟ ئاندا - ساندا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا مەست بولۇپ چاقچاقلىشىش، تىللىشىش، ناخشا ئېيتىپ - ئۇسسۇل ئويناش تولىمۇ كۆڭۈللۈك.

مەن ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىغا قاتناشتىم. بۇ ئولتۇرۇش مېنى ئۇزۇتىش ئۈچۈن بېرىلگەن زىياپەت ئىدى. ئولتۇرۇش راستىنلا ئەخمەت باقى ئاكا ئېيتقاندەك كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

خىلمۇ خىل كەسىپلەر بويىچە ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىغان كەچ كۇرسلار ياشلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىكەن. بىر قېتىم ئاشپەز يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ نەق مەيدان ئەھۋالىنى كۆردۈم. تەربىيە كۆرگەن ئۇستا ئاشپەزلەر ياش ئاشپەزلەرگە خىلمۇ خىل قورۇما، مايدا پىشۇرۇلىدىغان تائاملارنى نەق مەيداندىلا «ئاز گەپ، كۆپ مەشغۇلات» ئۇسۇلى بىلەن كۆرسەتتى ۋە ئۆزلەشتۈردى. ياش ئاشپەز روزاخۇن «جۇڭگو تائام تەخسىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ كىتابتا يېزىلغانلارنى ھەرقايسىلىرىنىڭ تاماق جوزىسىغا تولۇق قويۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، — دېدى.

سېمونت زاۋۇت ياشلىرى قارىماققا تولىمۇ ئاددىي، ھەتتا بەڭباش، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا زەن قويسىڭىز ئۇلارنىڭ غايىلىك، ئىرادىلىك، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

بولقا بىلەن تاش چېقىۋاتقان ياشلارنىڭ تاپا - تەنىلىك گەپلىرى كۆپرەك.

— بىز تاش چېقىشقا، سېمونتقا مىلىنىشكە يارالغان ئوخشايمىز. زاۋۇتتىكى 874 ئۇسكۈنىنىڭ يېنىدا بىز خەقتىن بىرىمۇ يوق.

— تېخنىكا ئۆگەنمەيسەن، پاسكىنا بولسىمۇ پۇلى جىقلا بولسا بولىدى دەپ مۇشۇنداق ئىشلارغا يۈگۈرەيسەن، ئەمدى بۇنى كىمدىن كۆردىتىڭ؟

— باشقىلار قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز!

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭ، مەن سېنى تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىپ قويىمەن. كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ چىقساڭلا ماشىنا، ئۇسكۈنە يېنىدىن ئورۇن بېرىمەن، قانداق؟

— ئۇنامدۇ بۇ؟ ھازىر مۇشۇ پاسكىنا ئىشنى قىلىپ ئايدا 400 كويدەك پۇل تاپىمدۇ، تېخنىكا كۇرسىغا بارسا ئالالايتتىمۇ؟

قارا ئىشنىڭ ئاشۇ ئىككى خىلىدىن نەپ ئېلىۋاتقان ياش ئىشچىلار بىلەن زاۋۇت باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قىسقا غەيرىي رەسمىي سۆھبەتتىن بىر قىسىم (ئاز ساندىكى) ياشلارنىڭ زىددىيەتلىك تۇرمۇشىنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەندەك بولدۇم: ئۇلار ھەم پۇل تېپىشقا، ھەم تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ تۆھپە يارىتىشقا ھەۋەسكار. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمۇ زىددىيەتلىك. ئىلىم - پەن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان، تاۋار ئىدىيىسى تەرەققىي قىلىپ پۇل ئۆز ئابرويىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر كىشىلەردە زىددىيەتلىك ئارزۇلارنى پەيدا قىلدى، بۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدۇ. بۇھال تەرەققىياتنىڭ، تۇرمۇش باياشاتچىلىقىنىڭ

ئالامىتى. چۈنكى قانچە باياشاتچىلىق بولسا، تۇرمۇش شۇنچە مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولىدۇ. مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك تۇرمۇش قىزىقارلىق، تەملىك بولىدۇ.

— مەن پاراۋانلىقتا مەسئۇل، — دېدى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت باقى ئاكا مېنىڭ پاراۋانلىق توغرىسىدىكى سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — زاۋۇت ھەر يىلى قوتقۇزۇش پۇلى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن، ساياھەت ئۈچۈن 45 مىڭ يۈەن، جاپالىق ئورۇندا ئىشلەيدىغانلارنى 7 - ئايدا 10 كۈن دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن بېرىدۇ. بارمۇ دەمسىز؟ ھەئە، داۋاملىق قوتقۇزىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارغا ھەر ئايدا 45 يۈەن بېرىمىز، باشقىلارغا ئادەتتە 20 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە قوتقۇزۇش بېرىمىز. ئومۇمەن بىزگە ئۈچ خىل پۇل بېرىلىدۇ. ئۇلار قوتقۇزۇش، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، پاراۋانلىق پۇللىرى. شۇنداق، ئۇي تەقسىم قىلىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقىمۇ مەن. زاۋۇت باشلىقىغا 2 - 3 يۈرۈش ئۆينى بىۋاسىتە تەقسىم قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. بىزدە ئۆي تەقسىماتىدا خىزمەت تارىخىغا ئېتىبار بېرىش چوڭ پرىنسىپ، ئەر - ئايال دېمەيمىز، شۇڭا يولدىشى سىرتتا ئىشلەيدىغان ئاياللار - نىڭمۇ ئۆيى بىزدە.

ئەخمەت باقى ئاكا يەنە بازار باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ، تازىلىق ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئىكەن. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى، باياشاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاقىت - زېھنىنى سەرپ قىلىپ كۆڭۈللىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

— ماڭا كۆڭۈل خۇشى مۇشۇ ئىشلاردىن كېلىدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ.

## ئۈچىنچى كەسىپنىڭ كەلگۈسى پارلاق

زاۋۇتتا ھەر يىلى پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئىشسىز ياشلار ۋە 55 - 60 ياشلاردا پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىكارچىلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان ماھارەتلىك ئىشچىلار ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى. ھازىر زاۋۇتتا ھاك زاۋۇتى، كىچىك سېمونت زاۋۇتى بار. بۇ زاۋۇتلار ئەنە شۇلار ئۈچۈن قۇرۇلغان. بۇ زاۋۇتلار بىلەن ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ - دە، مېيىپلارمۇ، ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئىشلەيمىز دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇلار ئۈچۈن زاۋۇت 20 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتقان. بۇ پۇل بىلەن قۇرۇلغان رەسىمخانا، ساتىراچخانا، ئويۇنخانا، ھاجەتخانا ۋە رېمونتخانىلار 40 پىرسەنت مېيىپلار، 60 پىرسەنت ساقلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش ئورنى. ئۇلار ئىكارچىلىقتىن قۇتۇلغان. گەرچە ھازىرچە ئايلىق ئىش ھەققى 150 يۈەن ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدىن رازى. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا مۇھەببەت باغلىغان. ھاياتتىن ئالىدىغان لەززىتى، ھاياتقا قويىدىغان تەلىپى ئاشۇ ئورۇندىن قانائەت تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ.

— بۇ خىل ئورۇنلار كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىكەن، بىز بۇلارنى تېخىمۇ كۆ-

پەيتىدىغان ئوخشايمىز، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىرى 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى تىلغا ئالدى، بىز ئەمدى ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىدە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈم ئالىمىز.

— بۇ كىمنىڭ گېپى؟

— زاۋۇتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ.

## ھاللىق سەۋىيە ھەققىدە مۇلاھىزە

ئىسمايىل ھاياتقا، كىشىلەرگە، ئۆز ئىشىغا، يېڭىلىققا قىزغىن مۇئامىلىدە بولىدىغان ياش كادىر. ئۇ زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆزى ئالىي مەلۇماتلىق بولسىمۇ، ھاكاۋۇرلۇق، كېرىلىش، بىلىمدانلىق قىلىشتەك ھازىرقى كۈندە نۇرغۇن ياش رەھبەرلەردە ئاسانلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىللەتلەردىن خالى. ئۇ، يېڭىلىق، ئىستىقبال، بەخت - سائادەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلىشىشكە ئامراق.

— ھاللىق سەۋىيە — تۇرمۇشنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىسى، — دېدى ئۇ زاۋۇت تۇرمۇشى توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەپ كېلىپ، — كېلەر ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بىز بىر ئوتتۇراھال سەۋىيىگە ئېرىشەلەيدىكەن. نېمىشقا كېلەر ئەسىرنىڭ 10 - 20 - يىللىرىدا ئېرىشەلمەيمىز؟ قىرىق ياشقا كىرگەن ئادەم ئۇ چاغدا 58 ياكى 68 ياشقا كىرىدىكەن. تۇرمۇش لەززىتىنى كۆرەلەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئوبدان بىلىۋالاي، ھاللىق سەۋىيە توغرىسىدا يېزىۋالغانلىرىڭىز بارمۇ، ئاكا؟

مەن دەپتىرىمنى ۋاراقلىدىم.

— بىرىنچى ئۆلچىمى پۇل ئىكەن، — دېدىم مەن يېزىۋالغىنىمنى ئوقۇشقا باشلاپ، — كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 800 دوللاردىن ئاشقان بولۇش كېرەككەن.

— بىزنىڭ پۇلىمىزغا 4800 يۈەن دېگەن سۆز. بىز ھازىر خېلى يىراق تېخى. ئىككىنچىسىچۇ؟

— دېھقانچىلىق قىممىتىنىڭ نىسبىتى تۆتتىن بىر بولۇشى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى ئۈچتىن بىر بولۇشى كېرەككەن.

— ھازىر بىزدە دېھقانچىلىقنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى تولىمۇ زور. نوپۇسنىڭ 85 پىرسەنتى، ئومۇمىي قىممەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپىغۇ دەيمەن، تېخى خېلى بار ئىكەن.

— ئۈچىنچىسىدە ئوچۇقراق دېيىلگەن، — دېدىم ئۇنىڭ تەقەززا بولۇپ تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، — دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى 50 پىرسەنت بولۇشى كېرەككەن. دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىۋاسىتە ۋە مۇتلەق تۆۋەنلە-

شىشى زامانىۋىلىشىشىنىڭ بىر بەلگىسى ئىكەن.

— 50 پىرسەنت بولسا ئاران ئوتتۇراھال سەۋىيە بولىدىكەن. يۇقىرى سەۋىيەچۇ؟

— 5 - 6، ھەتتا 2 - 3 پىرسەنت.

— تۆتىنچى شەرتىچۇ؟

— ئورتاق بېيىش. بۇ تەقسىماتتىكى ئوتتۇرىچە ھېساب مەسىلىسى ئەمەسكەن. كىرىم تەقسىماتى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا تۇرمۇش سەۋىيىسىدە پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ كەتمىسۇن، دېگەنلىك ئىكەن.

— 800 دوللار، دېھقانچىلىق تۆتتىن بىر، ئۈچىنچى كەسىپ ئۈچتىن بىر، دېھقانچىلىق ئەمگەككۈچى 50 پىرسەنت، تۇرمۇش سەۋىيىسىدە پەرق چوڭ بولماسلىق...— ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى.

— قانداق، سىلەرنىڭ زاۋۇت يېقىنلاشقاندەكمۇ؟

— ئاز قاپتىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — بەزى جەھەتلەردە يېتىشىپمۇ قاپتىمىز تېخى.

— ئايدا بىر كوي بەش موچەن ھەق ئېلىپ، كۈنىگە 10 - 12 سائەتلەپ تاش چېقىپ ياشلىقىنى ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر ئىشچىلار ھازىر پېنسىيىگە چىققان. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشسەك توغرا جاۋابقا ئىگە بولالايمىز، — دېدىم چاقچاق ئارىلاش، — تارىخ ھەقىقەت تارازىسى، ئۆتكەن كۈنلەر بىلەن كېلىدىغان كۈنلەرنى سېلىشتۇرالايدىغان ھەقىقىي دانالىقمۇ ئاشۇ «تارىخ» ئىسىملىك «كىشى» گە مەنسۇپ.

— سىز ياۋروپانى، نېفىت بىلەن بېيىغان ئاسىيا دۆلەتلىرىنى كۆردىڭىز، بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن، — دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، مەزكۇر زاۋۇتتا 10 يىل مائىنىيورلۇق قىلغان سابىق خادىم نائىل خەلق تۇرمۇشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بۇ تېمىغا قىزىقىپ، — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەقسىتى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ تەرەققىيات ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز خەلقىمىزنى پاراۋان، شاد - خۇرام قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز. ئېيتىڭا، ياۋروپادا ياكى بېيىغان ئاسىيا دۆلەتلىرىدە خەلق بېيىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇ دۆلەتلەر بازار تالىشىش، پايدا تېپىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؟

— ھەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ - دە، بېيىش، تەرەققىياتمۇ شۇنداق. ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۈچ زامانىۋى دۆلەت. لېكىن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتمۇ نىسپىي، شۇڭا ئۇلار ئەندىشە، غەم ئىچىدە. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردىن رەت تەرتىپىدە 100 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرغان بىرەر دۆلەتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ جاھان مارافونچە يۈگۈرۈش ئۈستىدە. پەللىگە كىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ بېرىشىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايدۇ.

لېكىن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى، مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى، تۇرمۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلىشىشى بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن بىر ئارزۇ. گەرچە ياۋروپادا بەزى ئادەملەر زامانىۋى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ، قەدىمىي ئىنسانلارچە تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، سىمونت زاۋۇتتىكى زامانىۋى ھاياتقا قىزىققۇچىلار مېنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىم بولۇپ قالدى. «زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى» ناملىق بىر ماقالە قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. سىمونت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىدا چوڭ قەدەملەپ ئىلگىرىلەۋاتقان دوستلىرىم بۇ ئۆلچەملەرگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن.

— بىز ھازىرقى سەۋىيىدىن ئۆتۈپ زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلەيمىز. قېنى، توققۇز ماددىگىزنى ئوقۇڭ ئەمىسە!

بۇ بىر قىزغىن يىگىتنىڭ ئىلمىي بولمىغان تەلىپى. مەن ماقالىدىكى توققۇز ماددىنى ئوقۇپ بەردىم.

— بىرىنچى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3000 دوللاردىن ئاشقان بولۇشى كېرەك.

— ۋاي كاساپەت، بۇ ھازىرقى سەۋىيىدىن 2200 دوللار ئارتۇق دېگەن سۆز-ھە!

— ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە 45 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇش.

— پاھ، بىزدە نۆل پۈتۈن ئوندىن بىر، ھەتتا يۈزدىن بىر ...

— ئۈچىنچىسىچۇ؟

— ئۈچىنچى، دېھقانچىلىققا ئائىت بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ ئوندىن يەتتىسىدىن كۆپ بولۇش.

— دېمەك 70 پىرسەنت.

— ياق، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئەمەس، ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ. ھە قېنى، تۆتىنچىسىچۇ؟

— تۆتىنچى، ئاساسىي مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئېرىشكەنلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئوندىن سەككىزىدىن كۆپ بولۇش.

— ئاساسىي مەدەنىيەت دېگىنى تولۇقسىز ئوتتۇرىمۇ، تولۇق ئوتتۇرىمۇ؟

— تولۇق ئوتتۇرىنى دەيمەن.

— بەشىنچى، يېشى تولغانلار ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر 15 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش.

— چۈشىنىشلىك.

— ئالتىنچى، شەھەر ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى بولۇش.

— بىزدە قانچىلىكتۇر؟

— ئاھالە قانچىلىكلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما شەھەرلەرنىڭ سانىنى بىلىمەن. تاھىيىدىن يۇقىرى شەھەرلەردىن 3126 سى، يېزا ـ بازارلاردىن 56497 سى بار، يېزا ـ بازار قوشۇلغاندا چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردىن 59623 ى بار.

قىلىنىش يەتتىنچى، ھەربىر دوختۇرنىڭ كېسەللەرگە خىزمەت قىلىش سانى تەخمىنەن

100 دىن كۆپ بولۇش.

— چۈشىنىكسىز گەپقۇ بۇ؟

— بىر دوختۇرغا 100 دىن كۆپ كېسەل توغرا كېلىش لازىم، دېگەن سۆز.

— سەككىزىنچى، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70 ياش ئەتراپىدا بولۇش.

— توققۇزىنچى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇش.

— خېلى ئىلمىي ئىكەن!

— ئەتراپلىق ئىكەن.

— قىلالىغىلى بولغۇدەك ـ ھە؟

— قىلالايمىز.

## چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك

ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن جەنۇبقا قارىسام توتەك، چاڭ ـ توزان كۆرۈنىدۇ. ناۋادا ئۇلانبايغا كېلىپ جەنۇبقا قارىغان بولسىڭىز يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىس، چاڭ ـ توزاننى كۆرىسىز. بۇ ئىس ۋە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپ ساڭفاڭگو جىلغىسى. بۇ جىلغىدا ھازىر سېمونت زاۋۇتى، ئىستىلىق توز زاۋۇتى ۋە يەنە بىرقانچە زاۋۇت بار. مەن بىرىنچى قېتىم بۇ جىلغا نامى بىلەن تونۇلغان يەرگە كەلگەندە دەرھال ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قالىدىغاندەك ئېغىز ـ بۇرنۇمنى ئېتىۋالغانىدىم. لېكىن كېيىن مېنىڭ ئىنسان، تۇرمۇش ۋە گۈزەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئادەتلەنگەن مىجەزىم چاڭ ـ توزاننى تېزلا يادىمدىن چىقىرىۋەتتى ـ دە، مېنىڭ روھىمدا بۇ يەردىكى ھاياتتىن قانائەت تېپىپ ئۆز بەختىنى مۇشۇ يەردىن ئىزدىگۈچىلەرگە ھۆرمەت، مۇھەببەت ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

بۇ ھېس ـ مۇھەببەت ساختا ئەمەسكەن. سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ. مەن سېمونت ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا بەخت ئاتا قىلغان بۇ ماكاندا مۆلچەرىمدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ھاكتاش، مايلىق سىلانتىس، گېپىس، تۆمۈر رۇدا پاراشوكىنى تىنىمسىز چايناپ يۇتۇپ تۇرىدىغان ئايلانما خۇمدانلار، 1200 ـ 1500 گرادۇسلۇق ئوت يالقۇنى ۋە بۇلاردىن پەيدا بولىدىغان كۈل رەڭ پاراشوك سېمونتقا ھۆرمەت ـ مۇھەببەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— 1992 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي ساھەدىكى تەرتىپكە سېلىش ئۈنۈم بەرگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشقان بىر يىل، شۇنداقلا 8 ـ بەش يىللىق پىلان يەنىمۇ ئەمەلىيلىشىدىغان ھەل قىلغۇچ بىر يىل. زاۋۇتىمىزنى 2 ـ قېتىملىق كۆتۈرە ئالغىنىمىزنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى، شۇڭا بۇ يىل بىزدىن تېخىمۇ روھلىنىپ، قابىلىيەت ۋە پاراستىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، بوران ـ چاپقۇن، مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، ئىككىنچى قېتىملىق كۆتۈرە ئېلىش ۋەزىپىمىزنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي، ئەڭ شانلىق بىر تارىخ بېتى يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ سۆز زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي بوغالتىر يولداش چىنڭ شىيېنگشاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ 12 - قۇرۇلتاي 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئېلىنغان ...

بۇ ئۈزۈندىدە چوڭ گەپ يوق. مەن دوكلاتلاردا ئېيتىلغان يالغان ۋە چوڭ گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. مېنىڭ نېرۋىلىرىم باشقىلارغا ئوخشاش يالغان گەپلەردىن تەسەللىي تېپىشقا خېلى ئادەتلەنگەن. لېكىن دىڭ شياۋپىڭ ئاتىمىز بۇ قېتىم جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا قىلغان سۆزلىرىدە «قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن مۇھىم پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مەن «تەسەللىي تېپىش» ھېسسىياتىنىڭ پاسسىپ نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ خىجىللىق ھېس قىلدىم.

— بۇ يىل يارىتىدىغان پايدائىلار قانچىلىك؟

— 12 مىليون يۈەن.

— دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان پايدائىلارچۇ؟

— ئۈچ مىليون ئالتە يۈز يەتمىش بەش مىڭ يۈەن.

ئون مىليارد سەككىز يۈز ئىككى مىليون توققۇز يۈز توقسەن مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مەبلەغ، 1812 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە زاۋۇتنىڭ خەلققە، دۆلەتكە بېرىدىغان پايدىسى ئاشۇنچىلىك. بۇ ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان پايدا. بۇ پايدا بولغاچقا بۇ زاۋۇتتا خەلق پاراۋان، ھايات كۆڭۈللۈك، بۇ پايدا ئاشۇ يىراقتىن قارىسىڭىز چاڭ - توزان بولۇپ كۆرۈنىدىغان يەردە يارىتىلماقتا.

بۇ يەرلەر بۇرۇن كۆكتات تېرىلىدىغان، مال بېقىلىدىغان خىلۋەت بىر غول ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ يەردىن بىرنەچچىلا دېھقان نەپ ئالاتتى. ھازىر ئۇ يەردىن دۆلەت، مىڭلىغان ئادەملەر پايدا ئالماقتا. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. مەندە بۇ يەرگە قايتا كېلىپ چوڭراق ئەسەر يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى.

1992 - يىلى 6 - ئاي.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۇەر ئابدۇرېھىم

مۇختار بۇغرا

# ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە...

## ئاخشامقى لەرزىكا

تۇرنىلارنى يىپسىزمۇ دېمە،
بۇلۇتلارنى قاناتسىز.
مەن ئۆزۈمنى چۈشەنمىگەچكە،
سەنمۇ ھەم
ئىككىلىمىز ئۇياتسىز.

تۇغۇلۇشىم تىرىلگەن ماتەم،
سۈننەت تويۇم يەتتە كەتمەن
ئارىلاشما توپا،
بار ھېلىقى يىپ.

ئىككىمىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان
تونۇشمىغان كۈندۈزى.
كارۋان بولدى ئىتلار قاتارى
ھۆرىيدۇ كارۋان.
بۇ كوچىدىن ئۆتكەن مەن قانچىنچىسى؟
سوراق قىلار تىرەكلىرىڭ،
مەلىداشىمىز.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
يەر شارى سەرسان.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆڭلى غەش
چېچىلدى ھەر يان.
قىپيالىڭاچ سۇدا تۇرار ئاي،
يۆگۈنۈپ ئاپتۇ قۇياش سېرىق جۇۋىغا.
ئاق پەلىيىم پۇتۇمغا پايپاق بولدى،
ئاي يېپىنچىسى قىزغۇچ ياپراق بولدى،
كۈنگە باقتىم.

ھويلامدىكى ئۈجمىدىن
راۋاب ياساپ نەلەردە چالاي؟
ماراپ تۇرسا پىلە قۇرتى
يىپەك بولغان قۇملارغا پاياندازى.
بۇ مەلىدىن ئۇ مەلىگە ئەلچىدۇر تۆگە.
يۆتكەپ كەلدىم خانىكەنى
ماتىمىم ئۈچۈن،
چېلىپ راۋاب.

بۇرۇتۇم خەت تارتىپ قالسا
كۆكرىكىمگە كەپتەر ئەمەس
خەت چېكىپ قويدۇڭ
ئەمەسكەنمىز ئۇياتسىز،
مەن ئىكەنمەن ساۋاتسىز،
يېتىپ كەلدىڭ كەپتەرلەردەك بۇقۇلداپ.

خەتلىرىڭنى ئوقۇپ بەرگىلى.
تەلەتىڭدىن تونۇيالمىدىم
ئاساسىم يوق ئۆزۈمنى ئىسپاتلىغۇدەك.
بۇرۇتۇم يوغان سۈپۈرگىدەك.

مۇھەببەت ئورىۋاپتۇ نامازشامنى،
ئاشنالىرى نۇرغۇن ئىكەن ھىلال ئاينىڭ
مەنمۇ بىرى
كوچىدىكى قەلەندەرنىڭ.
تىلەپ كەلگەن ئىدىم پەقەت
قىزغۇچ ياپراق.
قىزىق قان،
سوغۇق تەلەت
ۋۇجۇدۇمغا سىلىپ قويدۇڭ
پەرداز بۇيۇمىڭنى،
مەلەڭدىن،
كوچاڭدىن،
ھويلاڭدىن،
ئاخشامدىن،
شۇلار بولدى ئىرىشكىنىم.

مەن بويالماي تۇغۇلغان ئىدىم،
ئاق پىتىچە تۇرنا بولدۇم،
ئۇچمىلىك ھويلاڭغا كۆنۈپ قالدىم.
باغلاندىم يەرگە
چاچلىرىڭنىڭ لىنتىسى بىلەن.
بۇلۇتلارنىڭ قانىتىغا ئاق كىرىپتۇ،
مېنىڭ يوغان بۇرۇتۇمغىمۇ،
بار ھىلىقى يىپ.

ئۇنتۇلمىدى تىخىچە
ئاخشامقى شىرىن ئۇيات‌سىزلىق،
سۇدىكى ئاي تۇتۇشمىغانىكەن
ئۇن بەشكىمۇ.

مەنمۇ ئاشنا بولۇپ قالدىم تولۇنىڭغە.
بۈگۈن ئاخشام سۆيۈشەرمىز
بەلكىم قانغۇچە
ياكى بولمىسا
سۈننەت تويۇمدا.

## كۆڭۈلسىز ساياھەت

ئايلاندۇردۇڭ ۋېلىسىپىتىڭدە
ئايلانسامتىم يەنە بىر مەرتەم.
ئايلاندى زېمىن،
ئايلاندى بېشىم
تورمۇزىدا پەرۋازىم قالدى.

تېرىۋالدى يېزا يولىدىن
كامېرى شەھەرنىڭ ئەينەكلىرىنى.
قوڭغۇرىقىدىن
مۇزلىدى دەرەخ،
مۇزلىدى قۇشلار،
ئۈركىدى قىچىر.
قوڭغۇرىقىدىن
سۇپىدا ئولتۇرغان سۆزمەن ئاياللار
يىپىۋالدى ئىتەكلىرىنى.

ئايلاندۇردۇڭ ۋېلىسىپىتىڭدە
ئايلانسامتىم يەنە بىر مەرتەم.
چىچىلغان،
سوئال بەلگىدەك
ئەگىم چىغىر يول.
قىچىر دېگەن ھاڭرىيالامدۇ؟
قىچىر دېگەن كىشنىيەلەمدۇ؟
مۇزلىغان دەرەختەك نۇر قايتۇرىدۇ.
ۋېلىسىپىتنىڭ پارقىراق سىمى.
ئايلاندۇردۇڭ ۋېلىسىپىتىڭدە،
ئايلانسامتىنم يەنە بىر مەرتەم،
ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن مەرتەم دېگەنلىنە

ئايلانسامتىم يەنە بىر مەرتەم.
ماڭغۇم يوق ئىدى ئەزەلدىن يایاق،
كۆرسەم ئىدىم ئۆزۈم تالىنىڭ
مۇزلىغىنىنى.
قوڭغۇراق ئۈنى خىچىرغا يەتسە
ئايلاندۇرارمۇ بىزنى مىندۇرۇپ؟
ۋىلىسىپىتنىڭ ياش تۆكسە ئۆزۈم تالىدەك.
ھاڭراپ كېتەرمۇ،
كىشنەپ كېتەرمۇ؟!
سېنى ھەمدە مېنى كۇادۇرۇپ.

## ئاق سۆڭەك ئويۇنى

سېلىشىڭ بىھاجە تىتۇر،
تاتىلاۋەر،
قانلار ئاقسۇن تېنىمدىن.
ئايدىڭدا سۆڭىكىمنى يۇتۇۋالدى ئاختاما
سەن مېنى تاپالمىدىڭ، تاپالمىدىڭ.
سايىلەر تۆكۈلسىمۇ چىرىغىڭدىن.

ئاق سۆڭەك ئويۇنى ئوينىغاندا،
ئاختۇراتتىڭ چاملار ئارىسىنى،
لېكىن ئېتىز سامان تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.
بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قېرى جىگدە
زوڭزىيىپ ئولتۇرغانچە كېلەچەكتىن،
رىۋايەت چۆچىكىنى باشلىۋاپتۇ.
قىرلاردا ئاق يانتاقمۇ كۆرۈنمەيدۇ،
ئاختامىدا ئاق سۆڭەكمۇ كۆرۈنمەيدۇ،
سەن مېنى تاپالمىدىڭ، تاپالمىدىڭ.

ئوينىمايمەن - چوينىمايمەن ئۇنداق ئويۇن
ئوينىسام
تىكەن ئۇنسۇن سۆڭىكىمدىن.

## تاش كۆڭۈل

تەنلىرىم تاش
كۆڭلۈم تاش
كۆتۈرەلمەس كۆلچىكىنىڭ،
كېچەيمەيدۇ چەمبەر شەكلىدە
قەلبىڭدىكى مەبۇدە.
پايانسىز سايلىرىڭدا پايانسىز تورغاي،
سايراشلىرى ئۇپۇقىچە كېچەيگەن.
پايانسىز كۆڭۈلگە سىڭەر ئىكەن پايانسىز
زېمىن
تاشلاپ قوي تورغايلارنىڭ يېنىغا مېنى
تاشتەك كۆڭلۈمنى.

كۆتۈرىدۇ تاش
بۇلۇتلارنىڭ رەڭسىز يېشىنى،
قېرى قۇياشنىڭ تاشلىۋەتكەن تونۇرلىرىنى،
يۇلغۇن قىزارتتى چوغ رەڭگىنى،
چىقتى تورغايلارنىڭ
قەيسەر خائىنى،
كاۋاپ بولغىنى
تاتىراڭغۇ يۇلغۇندا.
كۆڭۈل كۆتۈرەر
تورغايلارنىڭ ئىڭراشلىرىنى،
شىۋاقلارنىڭ قېيداشلىرىنى،
كۆلچىكىڭنىڭ ئاستىدىكى
سايىدەك كۆڭۈلنىڭ
ئېغىر - ئېغىر تاشلىرىنى.

ئابلىز ھەسەن

# قەلب ئاسمىنىدىن تامچىلار

## ئەتىگە

قۇربانلار يول ئاچتى ئەتىمىزنى دەپ،
ئۇلارنىڭ ئەتىسى بولدى دەل بۈگۈن.
كۆپ جاپا تارتتى گۈل بەختىمىزنى دەپ،
ئەجرىدە يېشىلدى بىھېساپ تۈگۈن.

غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى بىزدە،
قۇربانلار قېنىدەك رەڭ ئالدى زېمىن.
ئۇلار تۇغ تىكلىدى ھەرىكەتتە، سۆزدە،
ئالەمنى بىر ئالدى قۇدرەتلىك كېمىن.

ئۇلار ئۆز ئۆمرىنى ئەتىگە ئاتاپ،
دىلداشلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى.
مەنىلىك ياشىدى ناخشىدەك ياڭراپ،
ئۇلارنىڭ ئەتىسى بىزلەرگە قالدى.

ئۇلار جەڭ قىلغاندا بىز سەبىي ئىدۇق،
بىزمۇ چوڭ ئىش قىلدۇق ئەتىنى كۆزلەپ.
ياش تۇرۇپ ئەتىنىڭ غېمىنى يېدۇق،
يول ئاچتۇق تاغ-ئېدىر، دۆڭلەرنى تۈزلەپ.

كەتسەك ياش ئەۋلادقا قالىدۇ بىزدىن
تۈگىمەس ئەتىنىڭ غايىسى كۆلدەك.
ئۇلارمۇ قالدۇرار بىز باسقان ئىزدىن
شەرەپلىك تۆھپىلەر نۇر چاچقان كۈندەك.

تۈگىمەس ئەتىسى ئىنسانىيەتنىڭ
ئەتىنىڭ ئەتىسى پارلاق تېخىمۇ.
ئېگىسى خەلق مەڭگۈ ھەققانىيەتنىڭ
يۈرىكى ئەتىگە قايناق تېخىمۇ.

## قەلبىمدە جۇشقۇن ئېقىنلار

شوخلۇقىم تۇتىدۇ چىقسام ئېگىزگە،
ئاسمىندا شىۋىرلار ياپراقلىق تېرەك.
ئېگىزدە چىمەننى كۆرۈپ قۇۋۋەتكە
تولغاندەك جۇش ئۇرار ئىلھاملىق يۈرەك.
سۆيىدۇ يۈزۈمنى جەنۇب شامىلى،
ئېتىزلار كىلەمدەك يېيىلغان قاتار.
يەلپۈنەر، زېمىننىڭ يېشىل رومىلى،
چىرايلىق قىزدەك يەر زوقۇمنى تارتار.
تېخىمۇ ئېگىزگە چىقسام گۈل دىيار،
كۆرۈنەر نەقەدەر كۆركەم يېشىللىق،
تاڭ سەھەر قۇياشى دىل سۆيگەن نىگار
مەڭزىدەك بېرىدۇ يەرگە قىزىللىق.
ئىلھامغا چۆمۈلۈپ چۈشسەم راۋاقتىن
مەي تۇتتى مەيخانە ئىچرە يېقىنلار.
كەيپىم خۇش ئالدىم كۈچ ئاشۇ ھاراقتىن،
قەلبىمدە تېخىمۇ جۇشقۇن ئېقىنلار.
مەي ئوتقا تۇتۇلسا يالقۇنلىنىدۇ،
قەلبىم ئوت-تۇتۇڭلار تېخىمۇ كۆيەي.
ئاسمىندا دېڭىزدەك دولقۇنلىنىدۇ
ئاھ، يېشىل يەر سېنى يارىمدەك سۆيەي.

## كۆچەت

مەندەكتىن سانسىزى ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۆتىمەن مەنمۇ ھەم چىداپ پىراققا.

ۋە لېكىن مەن تىككەن يوق شۇ گىياھتىن
تۇغۇلغان ئوي - نەزمە چۈشتى ۋاراققا.
بىر كۆچەت تىككەن مەن ئالتە ياش ۋاقتىم
ئېقىن سۇ ئېپكەلگەن ئۇنى ئالدىمغا.

سۇ چىقماس دۆڭگە سۇ توشۇدۇم، باقتىم،
ئۈچ تارتىپ ئۆسكىنى چۈشەر يادىمغا.
چوڭ بولدۇم، كۆچەتمۇ ئۆستى—شاخلىدى،
ئوقۇشقا كەتتىم مەن شۇ چەت مەلەمدىن.

پەرۋىشلەپ ئانام ۋە بوۋام ساقلىدى،
ئاھ، ئاخىر ئۇلارمۇ كەتتى ئالەمدىن.
كېلىپ مەن بىر باھار شادلانغىنىم بار،
تىككەن شۇ كۆچىتىم مەندىنمۇ بەستلىك.

ئېسىمدە، يىراققا ئاتلانغىنىم بار،
قاپتۇ شۇ كۆچەتتىن ئۇنتۇلماس ئەستلىك.
نە بولدى ئاتمىشتىن ھالقىپ كۆز كۆنى
كېلىپ مەن كۆرمىدىم تونۇش مەلەمدىن.

ئىزدىگەن مەندەكلەر تاپالماس ئۇنى،
مەندىن ئۇ بۇرۇنراق كەتكەن ئالەمدىن.

ئالىدۇ ھەر قاچان مۇھەببەتتىن چوڭ نەپ،
بۇ گۈزەل كەڭ دىيار ھاياتلىق بېغى.
بار شۇنداق نادانلار مېۋىسىنى يەپ،
دەرىخىنى غاجايدۇ، چاپىدۇ تېخى.

كۆچۈردۇم قەلبىمگە شۇ كۆچەتنى مەن،
ئۇ ھايات دېمەككى ياشىرار غايە.
ئەبەدىي كۆزلەي ھەق-چوڭ جەھەتنى مەن،
يولچىغا شېئىرىم بولىدۇ — سايە.

قانداق چاپالىسۇن كۆچەت شېئىرنى،
يىلتىزى يۈرەككە تۇتىشىپ كەتكەن.
چىللايمەن مۇھەببەتقا ئىنسان مېھرىنى،
ئىنسان بۇ مۇھەببەتنى گۈلدەك ئۆزگەرتكەر

ئەراپات قاھار

# سەنئەتكار خەلققە ئېھتىرام

ئوت دىلغا ئوت بەرگەن سېھرىي مەنزىرە
ئىشقىمدىن قانات ئېلىپ ئۇنى كېزىمەن.
ھېكمەتنىڭ خەزىنىسى تونۇش چىرايلار
ھەر قاراپ سەندىن مىڭ سەنئەت سېزىمەن.

سېنى ھەر كۆرگەندە دەيدۇ ئۆزگىلەر،
ئۇسۇل ھەم كۈي بىلەن تۇغۇلغانمۇ تەڭ؟
ئالدىڭدا بۇ ئالەم تويۇلاتتى تار،
ھۈنىرىڭ دېڭىزدەك يېيىلغاندا كەڭ.

دەريانىڭ شاۋقۇنى بۇلبۇل ناۋاسى
سېنىڭدە يارالغان خۇمارلىق نەغمە.
گىياھلار نازىدىن تېپىلدى ئۇسسۇل،
قىزىتقان ئىدىڭ سەن كۆكۈللۈك يەزمە.

ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئەپچىل قولۇڭدا
گۈزەللىك مۇنارى سۆيگەنتى ئاسمان.
جەۋھەرلەر ئاتىدىڭ ئالەم ئۆيىگە
سەنئەتتە يۇلتۇز بوپ پارلايسەن ھامان.

uyghurkitap.com



مۇھەممەد پولات

## يېڭى شېئىرلار توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

ئۇكام مۇھەممەد ئىمىن!

خېتىڭىزنى ئالدىم، ئەمدى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن. ئالدىن ئېيتىپ قوياي، مەن خېتىمنىڭ ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوئاللىرىڭىزنى تولۇق كۆچۈرمىدىم، پەقەت مەزمۇنەن بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلەندىم. يەنە بىر تەرەپتىن، سىز «تۇتۇق شېئىرلار» دەپ ئاتىغان شېئىرلارنى مەن «يېڭى شېئىرلار» دەپ ئاتىدىم.

بىرىنچى، يېڭى شېئىرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان قاراش ۋە بۇ شېئىرلارنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرىش زۆرۈرىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا.

80-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەمىزدە، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئەقلەن چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن، يېڭىچە پىكىر ۋە تەپەككۇر يولىغا كىرگەن تالەپچان بىر ئەۋلاد پەيدا بولدى. ئۇلار شېئىرىيەتتىن ئىنسان روھىيىتىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى، ئۇنىڭ ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ پىنھان، ئەڭ يوشۇرۇن ھالەتلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى. لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن ئۆز-ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ئادەمنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، ئۇنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن ھاياتىي ئىنتىلىشىدىن كېيىن قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى يارقىنلىقلارنى مۇناسىپ لىرىك پەللىدە يورۇتۇپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. بۇ ھال ئۇلارنى ئىزدىنىش ۋە پىكىر قىلىش يولىغا، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش يولىغا، ئۆزلىرىنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرى بىلەن غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنى يېڭىچە بىر خىل شېئىرىي شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش يولىغا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلار پەيدا بولدى. مېنىڭچە بۇ، ياش ئاپتورلىرىمىزنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپ-

لىككە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلەپ ۋە ئۆلچىمىنىڭ يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

يېڭى شېئىرلار ئىجادىيىتى بىلەن ھازىر بىرمۇنچە ئاپتورلار شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ياراتقان ۋە ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. يېتەرلىك كىتابخانلىرىمۇ بار. شۇڭا بۇ شېئىرلارنى ئەدەبىيات سېپىدىگە ئېلىپ كىرىش ياكى ئېلىپ كىرمەسلىك مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ شېئىرلار ئۆزىگە خاس يېڭى پەزىلەتلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەكتە.

ئىككىنچى، تۇراق، قاپىيە، ۋەزىنلەرنىڭ شېئىردىكى ئورنى توغرىسىدا.

ھەممىمىزگە ئايانكى، شېئىرنى ئەقلىي، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان نەرسە ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى بەدىئىي پىكىردۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، شائىر سۇبيېكتىپىدىن، ئۇنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىدىن تۇغۇلغان، كىشىلەرنى ئويى ۋە ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى شېئىرىي مۇھىتتۇر. لېكىن بۇلارنىڭ ئۆزى ھەر قانچە رەڭدار، ھەر قانچە چوڭقۇر، ھەر قانچە گۈزەل ۋە ئىجادىي بولسىمۇ، ھەتتا ئۇ نەرسىلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەقلىي يۈكسەكلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار چوقۇم مۇئەييەن بىر بەدىئىي شەكىلدە ئەكس ئېتىشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر يېڭى ئىجادىي پىكىر ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان يارقىن بەدىئىي شەكىل تاپالىغاندىلا، ئاندىن مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ.

بىز ئېيتىۋاتقان تۇراق، قاپىيە، ۋەزىن دېگەنلەر قارىماققا شېئىرنىڭ فورما ۋە قۇرۇلمىسىغا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەكلىگە تەۋە بولغان تاشقى ھادىسىلەردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار شېئىرغا شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن ئىخچاملىقى، تىل جىلۋىگەرلىكى بىلەن قۇرۇلما رەڭدارلىقى ئاتا قىلىدىغان، شېئىرىي پىكىر بىلەن شېئىرىي تەسەۋۋۇرنىڭ جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقى بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر ۋە ئويناقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەدىئىي ئامىللاردۇر. تۇراق، ۋەزىن، قاپىيىلەر بەدىئىي شەكىلنىڭ تۇراقسىزلىقىنى چەكلەپ، بەدىئىي پىكىرنى مۇئەييەن فورمىغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، تۇراق، قاپىيە، ۋەزىنلەرسىز ھەقىقىي بەدىئىي شېئىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا، نورمال ھېس قىلىش، تەسىرلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ تاسادىپىي ئېيتىپ سالغان بىرەر ھاياجانلىق پىكرىمۇ شېئىر ھېسابلانغان بولاتتى. ۋەھالەنكى ھازىرغىچە سەنئەتكە ئەقلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بىرەر كىشىمۇ بۇنداق نەرسىنى شېئىر ھېسابلىغان ئەمەس. مېنىڭچە، تۇراق، قاپىيە، ۋەزىنلەرنىڭ شېئىردىكى زۆرۈرىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلدە نەۋشۇ بەدىئىي شەكىل چەكلىمىسى ئىچىدە پىكىر قىلىشنى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ئازاب ۋە قىينىلىش ھېس قىلىدىغان ئادەملەردۇر.

ئۈچىنچى، چۈشىنەلمىگەن نەرسىدىن ھوزۇر ئېلىش مۇمكىنمۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.

بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ نېمە سەۋەبتىن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر كىتابخاننىڭ ئۆزى چۈشەنمىگەن نەرسىدىن ھېچقانداق ھوزۇرلىنالمايدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن ئېنىق. بەدىئىي ھوزۇر ۋە ئېستېتىك زوق دېگەنلەر پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇقىنىڭ تەكتىگە يېتىپ، سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي جىلۋىسى بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشقاندىلا ئاندىن باشلىنىدۇ. كىتابخان ئېڭىدا ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىدىغان بۇ مەنىۋى جەريان ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇنى جەمئىيەت ۋە تەبىئەت سىر-ھېكمەتلىرىنىڭ پايانسىز ئالىمى بىلەن ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە مۇقەددەسلىكىگە ئاپىرىپ باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخان، ئىنسان ئەقىل-پىكرىنىڭ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن تەبىئىي ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يېڭى بىر ئەقلىي ھېكمەت ۋە ھاياتىي مەنە بىلەن بېيىتىدۇ.

يېقىندىن بۇيان بىر مۇنچە كىتابخانلاردىن بەزى يېڭى شېئىرلارنىڭ زادى چۈشەنگىلى بولمايدىغان جاۋابسىز تېپىشماقلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى رەنجىشلەرنى ئاڭلىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن تۇتۇق، مەزمۇنى نائېنىق، نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمەك تەس. توغرا، شېئىرىي ئەسەرلەردە ئەلۋەتتە بەدىئىي مۇرەككەپلىك بولىدۇ. لېكىن بۇ مۇرەككەپلىك ئادەتتىكى مەزمۇن تۇتۇقلۇقى بولماسلىقى، ھەقىقىي ئىجادىي تەپەككۇردىن تۇغۇلغان پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن سەنئەت رەڭدارلىقىدىن بارلىققا كەلگەن بەدىئىي-ئەقلىي مۇرەككەپلىك بولۇشى لازىم. لېكىن بىز دەۋاتقان بۇ شېئىرلاردا بۇنداق پەزىلەتلەر تېپىلمايدۇ. ئۇلاردا ئەقلىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىرەر يېڭى بەدىئىي پىكىر يوق. يەنە كېلىپ سەنئەت تۈسى شۇنچىلىك سۇيۇقكى، ئۇنى خۇددى ناچار يېزىلغان بىر ئېپىك پارچىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجانسىز ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شېئىرلار كىشىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدىكى تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق لىباسىغا ئورالغان. سىزنىڭ شېئىرىڭىزدا كۆتۈرۈۋاتقىنىڭىز ھەممىگە مەلۇم بولغان ئادەتتىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ھالسىز جۇغلانمىسى، ھايات تاسادىپلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى تەسىراتى، تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كىچىككىنە بىر ماھىيەتسىز كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت تۇرسا، سىز ئۇنى ھەرقانچە سۈنئىي مۇرەككەپلىك پەردىسىگە ئورىسىڭىزمۇ ئۇ ھامان ھەقىقىي ئىجادىي سەنئەت دەرىجىسىدە بەدىئىي قىممەت تاپالمايدۇ. مەن كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق ئويلايمەن: ئاپتور قەلبىدە پىشىپ يېتىلگەن ھاياتىي ھېكمەت، ئۇنىڭ ئۆزى تولۇق ئىگىلەپ بولغان ئىجادىي بەدىئىي پىكىر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاپتورنىڭ ئىجادىي شەخسىيىتى بىلەن

بىلە ھېچقانداق غەيرىي رەڭ ۋە بوياقلارسىز، ئەسلى تۇغۇلغان ھالىتىدەك پاك ۋە يارقىن كۆرۈنۈشتە، كىتابخان ئالدىدا نامايان بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، مانا مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي شېئىرلار كىتابخان ئەقلىنى يېڭى بىر مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ.

ئىجادىي سەنئەت شۇ پەزىلىتى بىلەن قىممەتلىككى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ سىر ۋە ھېكمىتىنى ئېنىق ئوبرازلار ۋاسىتىسىدە ئاچالايدۇ، ھەرقانداق تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىقنى ئېنىق ھېسسىيات يالقۇنى بىلەن يورۇتۇپ، ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنىڭ ھەرقانداق يوشۇرۇن ۋە پىنھان ھالەتلىرىنى ئېنىق پىكىرلەر ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق شېئىرىي ئەسەرلەرگە بەدىئىي ئەقلىي قىممەت بېغىشلايدىغان ئېستېتىك ئامىل ئەمەس. تەبىئەت ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى رەڭ ۋە بوياقلار بىلەن تەبىئىي يوشۇرۇق تۈسى يارىتىلىدىغان تاشقى ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن كىشىلەرنى بىۋاسىتە ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىجادىي سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولغان تۇتۇقلۇق ۋە غۇۋالىق ئېھتىمال بەلگىلىك بەدىئىي جىلۋە بېغىشلىشى مۇمكىن. لېكىن تىل سەنئىتى ۋاسىتىسىدە يارىتىلىدىغان ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىنتىلىش پەللىسى روشەنلىك ۋە يارقىنلىقتۇر. مېنىڭچە، شېئىرنىڭ ئۆزى ئاپتورنىڭ ئوتلۇق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان قۇدرەتلىك لەرزىك يالقۇن. ئۇ، يانغان ۋە پارلىغان ئىكەن، كىتابخان كۆز ئالدىدىكى سىرلىق ئالەم يورۇشى، ھەممە نەرسە خۇددى لېرىك شېئىرنىڭ ئۆچمەس يالقۇنىدەك نۇرلىنىشى ۋە جىلۋىلىنىشى كېرەك. بېلىنسكىينىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى ناھايىتى توغرا، كىشىنى ھېس - تۇيغۇلار دۇنياسىغا تەبىئىي باشلاپ كىرەلەيدىغان ھەقىقىي لېرىك شېئىر ھەرقانداق ئاددىي ئادەم چۈشىنىدىغان ساددىلىق ۋە يارقىنلىقىمۇ لېكىن ھېچقانداق ئادەم تەكتىگە يېتەلمەيدىغان چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپلىكىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم.

تۆتىنچى، شېئىرنى كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان تۈزۈكمۇ ياكى كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسىنى شېئىرنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.

قارىغاندا، بۇ، راۋاجلانمىغان مىللەتلەردە خېلى ئۇزۇندىن بۇيان مۇھاكىمە قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولسا كېرەك. مېنىڭ بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى شەرھلەنگەن بىر ماتېرىيالدىن بۇنداق بىر نەرسىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە. جاھان ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىقنىڭ پىرى دەپ ئاتىلىدىغان چېخوپ بەدىئىي تەپەككۇرى تازا قېنىمىغان يەتتەكەن يىللىرىدا ئەنئەنىۋى رۇس پروزىچىلىقىنىڭ قېلىپلاشقان پىكىر ۋە فورما دائىرىسىدىن چىقىپ، مۇرەككەپ بەدىئىي پىكىر ۋە شەكىللەر ۋاسىتىسى بىلەن رۇس كىتابخانلىرى تېخى ئۇچراشمىغان رەڭدار بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، رۇس جەمئىيەت-

ئىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىش يولىغا كىرگەن ئىكەن. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ بۇ خىل يېڭى بەدىئىي ئىزدىنىشى، رۇس ھاياتىنىڭ رېئال ھالىتى ھەققىدىكى مىللىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاجايىپ ئىجادىي پىكىرلىرى خەلقچىللىق تونىغا پۈركەنگەن، ئەمەلىدە بولسا رۇس خەلقىنىڭ رېئال ھاياتى بىلەن ئۇنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە بىرەر قېتىممۇ ئازابلىق تولغىنىپ پىكىر قىلىپ كۆرمىگەن بەزى ئەقىدىسىز تەنقىدچىلەرنىڭ ئەيىبلەش ۋە قارىلاش نىشانىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار چېخوپ روسىيىنى ئاياغقا تۇرغۇزۇۋاتقان ئاۋام خەلقنى ئۇنتۇدى، ئۇلارنىڭ ئاڭ ۋە پىكرىدە يوق نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىدى، چېخوپ ھەقىقىي يازغۇچى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاشۇ ئاۋام خەلقنىڭ ئېڭى دەرىجىسىگە قايتىشى كېرەك، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىر مۇنچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپتۇ. چېخوپنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان بۈيۈك يازغۇچى تولستوي ئاشۇنداق ئېتىقادسىز ماقالىلەرنىڭ بىرىنى كۆرگىنىدە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ماقالىنىڭ ئاخىرىغا «ئەخمەق، سەن ھەقىقىي تەنقىدچى بولساڭ، چېخوپنى ئاۋام خەلقنىڭ ئېڭى دەرىجىسىگە چۈشۈرمەي، بەلكى ئۇلارنى چېخوپنىڭ سەۋىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرگىن» دەپ يېزىپ قويغانىكەن.

دېمەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە ۋىجدان ۋە ئەقىل بىلەن كىرگەن ھەرقانداق ئەدىب ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىگە ماسلاشقۇچى، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ساددا پىكىر، خىياللىرى ئەتراپىدا رايىشلىق بىلەن ئايلانغۇچى ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىلىرىنى بۇزغۇچى، ئۇلارنىڭ ئوي ۋە تەسەۋۋۇرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگۈچى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بەدىئىي ـ ئەقلىي دۇنياغا باشلىغۇچىدۇر. ئۇ خۇددى گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى پرومېتىغا ئوخشاش يېڭى پىكىرلەرنىڭ يالقۇنى بىلەن باغرى سوۋۇغان ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇپ، ئۇنى ھاياتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان بۈيۈك كۈچ سۈپىتىدە ئاياغقا تۇرغۇزغۇچىدۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، ئومۇمىي سەۋىيىگە ماسلىشىش، دېگەن بۇ تەلەپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىن يېڭى يۈكسەك نەرسىلەرنى كۈتۈۋاتقان پاراسەتلىك كىتابخاننىڭ تەبىئىي ئارزۇسى ئەمەس. ھەرقانداق بىر كىتابخان بەدىئىي ئەدەبىياتنى يېڭى بىر ئەقلىي پىكىرگە بولغان تىنىمسىز تەشنالىقى ۋە ئۆزىدە بولمىغان، غايىۋى ئىنتىلىش ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن يېڭى بىر بەدىئىي ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن ئوقۇيدۇ. شۇڭا كىمكى كىتابخانلارنىڭ ئورتاق ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مىزانى قىلىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلايدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ھەقىقىي ئەدىب بولالمايدۇ.

بەشىنچى، ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ يېڭى شېئىرلار بىلەن پەرقى توغرىسىدا.

راستىنى ئېيتسام، مەن ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىمۇ، يېڭى شېئىرلارنىمۇ دېگەندەك بىلمەيمەن. چۈنكى مەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن ئۆزۈمدە بولمىغان يېڭى يەدىئىي ئەقلىي پىكىرلەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم. يېڭى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك پرىنسىپلىرىنى بولسا، تېخى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىدىم. لېكىن راستىنى ئېيتىشىم كېرەككى، مەن شۇنچىلىك ئېغىر بەدىئىي پىكىر نامراتلىقى ھالىتىدە تۇرۇپمۇ، يەنىلا ياشاپ ۋە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىدە جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى چۈشەندىم. ئۆزۈمنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ تونۇدۇم. كېيىنكى يىللاردا ماڭا ئەقىل ۋە ئىقتىدارىمغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا جاھان شېئىرىيىتىنىڭ بەزى مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدىن ئالغان كىتابخانلىق لەززىتىم بىزنىڭ ئاجايىپ شائىرىمىز موللا بىلالنىڭ غەزەللىرىدىن، ھاياتنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغان، ئەقىل ۋە ۋىجدانىنىڭ نۇرانى تىمسالى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن، جاپاكەش، لېكىن بەختىيار، ساددە، لېكىن ھاياتنىڭ ھەممە سىر، ھېكمەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتە سۈپەت ئۇيغۇرنى ئۆزىنىڭ ھەممە بۈيۈكلۈك ۋە زەئىپلىكى بىلەن ھېچقانداق پەردازلىماي، ئەسلى ھالىتىچە بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرگەن بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپقان ئازاب ۋە خۇشاللىقىمغا يەتمىدى. بۇ ھالنى مەن دەسلەپ، ئەنئەنە ۋە ئادەت كۈچى جاھىللىقىدىن قالغان ئەقلىي قاتماللىقتىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن كېيىنچە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ مىللىي ھاياتىمىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن ياراتقان رېئال تارىخىمىزنىڭ ۋىجدانىي شاھىتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكىنى بىزنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئېڭىمىز، بىزنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقىمىز، ئۈمىد ۋە ھەسرىتىمىز ئىكەن. ئۆز مىللىي ۋۇجۇدىمىزدا بىيىتىلىپ، ئۆز قەلبىمىزدە قايناپ تاۋلانغان بۇنداق ئەقلىي پىكىرلەرنى بىزگە ھەرقانداق ئىنگلىز، ئىسپان ۋە فرانسۇز ئەدىبلىرىمۇ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىكەن.

مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىز ئاجايىپ بىر پەزىلەتكە ئىگە. ئۇ نېمە؟ ئۇنىڭ ئەقلىي ھېكمەتكە بايلىقى، مۇزىكىلىق تۇسىنىڭ قويۇق ۋە يارقىنلىقى. مېنىڭچە، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەزەلدىن بەدىئىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكى، بەدىئىي پىكىر بىلەن بەدىئىي فورمىنىڭ بىرلىكى يۈكسەكلىكىدە نامايان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئورنى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بىزنىڭ شېئىرىيەت سەپىمىزدىكى بەزى نەزمىكەشلەرنىڭ ئادەتتىكى كىتابخانىنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى دەرىجىسىگىمۇ يەتمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى يەتكۈچە بىزار قىلىدىغان ناباپ پۈتۈكلىرى ئۇلارنىڭ ئەقلىي زەئىپلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنى زادىلا بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يارامسىزلىقىنىڭ ئىنكاسى دېگەنلىك بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئومۇمىي مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەزىلىتى سۈپىتىدە ئەقلىي ھېكمەت بىلەن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدا ئىپادىلىغان ئەقلىي ھېكمەت ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر چوڭقۇرلۇقىنى، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت بولسا، ئۇنىڭ لىرىك روھقا تويۇنغان شەكىل مۇقىملىقى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىر ئەسلىدە ئاپتور قەلبىدە ئەقلىي پىنھانلىق ھالىتىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن ئىكەن، ئۆزىنىڭ پىنھانلىق ھالىتىنى يوقىتىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە روھىغا تەسىر قىلىشى كېرەك. ئۇنى بۇ يەللىدە قارارلاشتۇرىدىغان نەرسە نېمە؟ ئېنىقكى بەدىئىي پىكىرلەرنى، كىتابخانغا روھ ۋە ئەقىل ئاتا قىلىدىغان ھاياتىي ھېكمەتلەرنى مۇئەييەن ئېنىقلىق ۋە مۇقىملىق ھالىتىدە كىتابخان ئېڭىغا ئۆزگىچە بىر خىل مەنىۋى لەززەت ئېقىمى بىلەن تەبىئىي ھالدا قۇيۇپ قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتتۇر. بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلارنىڭ خېلى بىر قىسمىدا دەل مۇشۇ پەزىلەت يېتىشمەيدۇ. ئۇلاردا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئادەتتىكى ھاياتىي چۈشەنچىلەر ئىجادىي سەنئەت ۋە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتتىن خالىي ھالدا تۈز ۋە توپتوغرا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مېنىڭچە، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىز بىلەن بولغان پەرقى دەل مۇشۇ يەردە.

ئالتىنچى، بىز ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئەمەس، كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يازىمىز، دېگەن پىكىر توغرىسىدا.

بۈيۈك رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ «ھەيكەل» ناملىق ئاجايىپ بىر شېئىرى بار. بۇ شېئىردا پۇشكىن ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق جۈرئىتى بىلەن شائىرانە پەزىلىتىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. ئۇ مەن شېئىرلىرىم ئارقىلىق ئىزگۈ ھېسلارنى ئويغىتىپ، ئەركىنلىك سازىنى جارائلاتتىم، شۇڭا كەلگۈسى روسىيە مېنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ، دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ شۆھرەتلىك نامىغا تىكلەنگەن مۇقەددەس بەدىئىي ئابىدە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ. دېمەك پۇشكىن ئۆزىنىڭ ھەممە شېئىرىي تالانتىنى ئۆز دەۋرى كىشىلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غايە ۋە ئارزۇسىنى دەۋر تۇيغۇسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارغا يېڭى روھ، يېڭى ئاڭ بېغىشلىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىجادىي تۆھپىسى ھېسابلىغان. مېنىڭچە، پۇشكىن بۇ پىكرىدە پۈتۈنلەي ھەق. چۈنكى مۇئەييەن بىر دەۋر كىشىسى سۈپىتىدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا كىرىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر ئەدىب ھېچقانداق مۇستەسناسىز ھالدا ئۆز دەۋرى ھاياتىنى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ پىكرى ۋە روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ

ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت مەنتىقىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىلمىي مۇقەررەرلىك، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھېچقانداق بىر ئەدىب، ھەتتا ئۇ ناھايىتى بۈيۈك ئەقىل ساھىبى بولغان تەقدىردىمۇ، دەۋردىن ھالقىپ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ كېيىنكى دەۋر ھاياتىنى يورۇتۇپ، ئۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئەقلىي تۇمار پۈتۈپ بېرەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەدىئىي ئەدەبىيات، جۈملىدىن، شېئىرىيەتمۇ ئالدى بىلەن دەۋر رېئاللىقى بىلەن دەۋر تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆز دەۋرى كىشىلىرىگە بېغىشلانماي، كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن يېزىلىشى مۇمكىن؟ مېنىڭچە، «كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يېزىش» دېگەن بۇ پىكىر ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئەمەلدە بولسا ئۆزىنىمۇ، زاماندىشلىرىنىمۇ بىلمەيدىغان يارامسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىئىي - ئەقلىي ئاجىزلىقىنى يېپىش مەقسىتىدە ئويلاپ تاپقان نەرسىسى، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆز دەۋرىدە ئالاھىدە بەدىئىي - ئېستېتىك قىممەت ياراتقان، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق بىلەن ئەدەبىياتتا روشەن ئىز قالدۇرغان ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەر كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىنمۇ ئىززەتلىك ئورۇن تېپىپ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنالايدۇ. لېكىن مۇنداق ئەسەرلەر يەنىلا ئۆز دەۋرىنىڭ روھى ۋە نەپسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇ دەۋر كىشىلىرى ئىچىدە مۇئەييەن تەسىر قوزغاپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتە مۇناسىپ رول ئوينىغان ئىجادىي ئەسەرلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ. جاھان ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن دانتې، بايرون، پۇشكىن، گېيوتې، گېينې قاتارلىق ئالەمشۇمۇل شائىرلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىمۇ دەل ئاشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئۆز نەرسىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ خىسلەتلىك ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگىمۇ خۇددى شۇنداق شۆھرەت ۋە سەلتەنەت بىلەن كىرىپ بارىدۇ.

يەتتىنچى، يېڭى شېئىرلاردىن ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكىدەك زوق ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەسىلە ھەققىدە.

مېنىڭچە، بۇنى ھەممىگە باپ كېلىدىغان مۇتلەق كېسىم دېگىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكى پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇنىڭدىكى مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئادەتلەنگەن، ئۇلاردىن زوق ۋە ئىلھام ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ يېڭى شېئىرلارغا كۆنۈشى قىيىن بولىدۇ. بۇنداق ھالدا ئۇلارنىڭ بۇنداق شېئىرلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە بەدىئىي زوق ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ ھال يېڭى شېئىرلارنىڭ ھېچقانداق زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. يېڭى شېئىرلارنىڭمۇ ئۆز كىتابخانلىرى ۋە زوقلانغۇچىلىرى بار. ئۇنداق بولمىغاندا يېڭى شېئىرلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل ئىجادىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى بۇ دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزگەرتەلمىگەن بولاتتى.

سەككىزىنچى، ئۇمۇ بولسۇن، بۇمۇ بولسۇن، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە، دېگەن قاراش توغرىسىدا.

بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتىنى ھېسابقا ئالغاندا، بۇ پىكىرنى توغرا دېمەي بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، بەدىئىي ئەدەبىيات مەيدانى ئەسلىدە گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولغان ھەممە نەرسىنى سىغدۇرالايدىغان، ھۆسنىگە تولغان، كۆركەم باغ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا ھەر خىل رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بولغان سەنئەت گۈللىرى تەكشى ئېچىلىشى، بىرلا ۋاقىتتا ئۆسۈپ ۋە مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جىلۋىگەرلىكىنى بەس-بەستە نامايان قىلىشى كېرەك. بىر خىل ئۇسلۇب ۋە بىر خىل شەكىلگىلا تايىنىدىغان، بىر خىللا پىكىر ۋە تەپەككۇر يولىغا ئادەتلەنگەن سەنئەت بەدىئىي ئەدەبىيات ھېسابلانمايدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچۈن ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت ئېقىملىرى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. شۇ چاغدىلا ئۇ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىرى، ھېكمەتلىرىنى، كىشىلەر روھىي دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي تاللىشى ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتى ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، بەزىلەر ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن زوقلىنىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا يېڭى شېئىرلاردىن ھۇزۇرلىنىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا قەدىرلىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ، كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي رايى، ئىرادىسى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان سۈپىتىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەركىنلىكى. بۇنىڭ قايسىدۇر بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قايسىدۇر بىرىنى ئىنكار قىلىش مۇناسىپ ئىلمىي-ئەخلاقىي پوزىتسىيە ئەمەس.

توققۇزىنچى، بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق» دەپ ئاتاش مۇۋاپىقمۇ-يوق، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.

بۇ شېئىرلارنى چۈشەنگەن ۋە ئۇلاردىكى بەدىئىي مەزمۇننى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرەلىگەن كىتابخان ئۈچۈن «تۇتۇق» ئاتالغۇسى ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن ئۇنى چۈشەنمىگەن، ئاپتورنىڭ ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن بەدىئىي-غايىۋى مەقسىتىنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن كىتابخان ئۈچۈن ئۇنى «تۇتۇق» دەپ ئاتاشتىن باشقا يول يوق.

ئونىنچى، بۇ شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا.

بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى نېمە؟ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر پۈتۈن مىللىي بەدىئىي ئاڭ بىلەن سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتكەن مىللىي روھنىڭ ئىزچىللىقى، ئەقىل بىلەن ۋىجـ

دالىنىڭ، چىنلىق بىلەن ھېسسىياتنىڭ، پىكىر بىلەن كۆركەملىكنىڭ بىرلىكى، شۇنداقلا تاۋلانغان ئوبرازلىق تىل، كىشىگە مەنىۋى زوق ۋە ئازادىلىك بېغىشلايدىغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە بايلىقى. مېنىڭچە، يېڭى شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇنداق پەزىلەتلىرىنى قەدىرلىشى، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىشى، ئۇلارنى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەرەپتىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنى چۈشىنىشى قانچىلىك بوش، ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتى قانچىلىك سۇس بولسا، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىشى شۇنچە تېز بولىدۇ.

ئون بىرىنچى، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا. يېڭى شېئىرلار ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ئاپتورلار ناھايىتى ئوبدان بەدىئىي - ئىلمىي تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن ئىقتىدارلىق ياشلار بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغىمۇ، نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش روھىغىمۇ ئىگە. شۇڭا ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى يېڭى ۋە ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن تېپىپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرىيىتىمىزدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇردى.

ئۆتكەندە يېڭى شېئىرلار ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلەر يېزىلدى. ئۇلاردا يېڭى شېئىرلارنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى، مەنىۋى ئەقلىي چوڭقۇرلۇقى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتە ئۇچرىمايدىغان باشقا بەدىئىي پەزىلەتلىرى خېلى كۆپ سۆزلەندى. ئەمدى گەپ، ئاشۇنداق شېئىرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، يېڭى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلىشتا قالدى. ماركسنىڭ بۇنداق ئاجايىپ بىر دانا سۆزى بار: «پەيلاسوپلار ھازىرغىچە دۇنيانى ھەر خىل تەرىزدە شەرھلەپ كەلدى. لېكىن گەپ ئۇنى ئۆزگەرتىشتە.» مېنىڭچە، ئۇنى يېڭى شېئىرلار ئىجادىيىتىگىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. مۇبادا يېڭى شېئىرلار ئاپتورلىرى تېخىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە كىرىشىپ، مەنىۋى بەدىئىي يارقىنلىق بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىدىغانلا بولسا، يېڭى شېئىرلارنىڭ ھاياتىي ئىستىقبالى نۇرلۇق ۋە پارلاق بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئېلىزابېت گاسكېل (ئەنگلىيە)

## ئۆگەي قېرىندىشىم

(ھېكايە)

ئانام ئىككى قېتىم تويى قىلىپتىكەن. لېكىن ئۇ تۇنجى ئېرىنى زادىلا تىلىغا ئالمايتتى. كېيىن ھاماچامنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە ئاساسەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن ئازراق خەۋەردار بولدۇم. ئانام ئۇ ئادەمگە ئون يەتتە ياشقىمۇ توشمىغان ۋاقتىدا ياتلىق بولغانىكەن. ئۇ چاغدا ئېرىمۇ يىگىرمە بىر ياشلاردا بولۇپ، كونىبۇلاندىكى دېڭىز بويىغا يېقىن جايدا بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغانىكەن. ئۇ بەك ياش ھەم تەجرىبىسىز بولغىنى ئۈچۈن يەر تېرىش، كالا بېقىشتەك ئېغىر ئىشلار ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتۇپتۇ ۋە كۈندىن-كۈنگە تېنى ئاجىزلىشىپ، تويى قىلغىنىغا ئۈچ يىل توشقاندا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئانام ئەمدىلا ئايىغى چىققان بىر بالا بىلەن تۇل قاپتۇ. ئانامغا يەنە ئېرىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تېرىۋاتقىنىغا تۆت يىلچە بولغان بىر پارچە يەرمۇ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئىلگىرى باققان چارۋا ماللىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆلۈپ تۈگەپتىكەن. شۇڭا ئانام ئېشىپ قالغان ئازغىنە چارۋىنىمۇ سېتىپ قەرز تۆلەپتۇ. ئاشقان پۇل بىلەن ئاران جان بېقىپتۇ. ئۆيگە ھېچنەرسە سېتىۋالالماپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئانام يەنە بىرنى تۇغۇپتۇ. مەن ئويلايمەنكى، ئانام شۇ چاغدا تۇغۇلغان بۇ بالىغا تولىمۇ ئىچ ئاغرىتقان ياكى ئۇنى تۇغقىنىغا بەكمۇ خىجىل بولغان بولغىيدى. قىش كۈنلىرى ھاۋا تۇتۇلۇپلا تۇرىدىغان، يېقىن ئەتراپتا ئادەم قارىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ جايدا ئانام يالغۇزلا ياشايدىكەن. ئانامنى بەزىدە ئاچىسى يوقلاپ كېلىدىكەن. بۇنداق چاغدا ئىككىسى پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ چارىسى ھەققىدە سۆزلىشىدىكەن. مەن ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ئاچامنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، پەقەت بىچارە ئانامنىڭ تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىنىلا بىلەتتىم. گرېگورى تۇغۇلۇشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئاچامغا ئەسۋى چىقىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئېغىر زەربە ئانامنى

ئۇزاق ۋاقىتقىچە پەرىشان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ھاماچام فېنىنى ماڭا شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى: ئاچام ئۆلۈپ كەتكەندە ئانام يىغلىماپتۇ، شۇ چاغدا يىغلىغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن، بىراق ئانام ئاچامنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ گۈزەل، ئاپئاق يۈزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ جىملا ئولتۇرۇپتۇ. پەقەت يىغلىماپتۇ. ئاچامنى كىشىلەر دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندىمۇ ئانام شۇ پېتى ئولتۇرۇپتۇ، پەقەت ئاچامنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويۇپ، دېرىزىگە يۆلەنگىنىچە، دەپنە قىلىشقا قاتناشقان بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ياغقان قارغا دەسسەپ دالىدىكى ئەگرى-توقاي يول بىلەن كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپتۇ (ئۇ چاغدا ئانامنىڭ يېقىنلىرىدىن پەقەت ھاماچام ۋە يىراق جايدا ئولتۇرىدىغان تۇغقىنىمىزلا بار ئىكەن. ئاچامنى دەپنە قىلىشقىمۇ شۇلارلا قاتناشقان ئىكەن). ھاماچاملار ئاچامنى دەپنە قىلىۋېتىپ قايتىپ كەلگەندىمۇ ئانام يەنە ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىماپتۇ. بىر تېمىمۇ ياش تۆكمەپتۇ. بۇ ھال تاكى گرېگورى تۇغۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىپتۇ. ئانام گرېگورى تۇغۇلغاندىن كېيىنلا يىغلاپتۇ، خېلى ۋاقىتلارغىچە كېچە - كۈندۈز كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. ئانامنىڭ يىغلاۋەرگەنلىكىنى كۆرگەن ھاماچام ۋە باشقىلار نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشىپتۇ. ئۇلار ئەگەر ئانامنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەركەن. بىراق ئانام يالغۇز قېلىشنى خالايدىكەن، يالغۇز قالغاندىلا ھەسرەت چەكمەيدىكەن. چۈنكى ئانامغا كۆز يېشىلا تەسەللى بولىدىكەن. كېيىن ئۇ، يېڭىدىن ھاياتلىقتا كۆز ئاچقان ئوغلىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بوپتۇ. قارىماققا ئۇ، گويا بورىگان چېركاۋى يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان ئېرى بىلەن قىزىنى ئۇنتۇغاندەك بوپتۇ. ھاماچام فېنىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرى مانا مۇشۇلار ئىدى. ھاماچامنىڭ ئاغزى ئېچىلسا توختىماي سۆزلەيتتى. بىراق ئانامنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، ئۇ كەمسۆز ئايال ئىدى. ھاماچام فېنىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانام ئېرى بىلەن قىزىنىڭ نامىنى زادى ئېغىزغا ئالمايدىكەن. شۇڭا ھاماچام ئانامنى ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ھاماچامنىڭ يېشى ئانامدىن چوڭ بولغىنى ئۈچۈن، ھاماچام ئانامغا بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەن. قانداقلا بولمىسۇن، ھاماچام ئاقكۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئايال ئىدى. ئۇ ئانامنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم ياشىشىنى تىلەپتۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا ھاماچامنىڭ ئازغىنە ئىقتىسادىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە گىتوسكىدىكى كىيىم - كېچەك سودىگىرىگە ئىشلەپتۇ. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئانامنىڭ كۆزى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىغۇ كۆرىدىكەن، ئۆي ئىچىدە ئويان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈپمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىكەن. ئەمما ئىنچىكە يىڭنە ئىشلىرىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن، قولى پۇل كۆرمەي كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىغۇسى كېلىدىكەن. ئۇ چاغدا ئانام ياش ئىكەن. ھاماچام-

uyghurkitap.com

نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چىراي جەھەتتە
ئانام يېزىدىكى ھەرقانداق قىز - چوكان-
لاردىن قېلىشمايدىكەن. ئانام شۇ چاغدا
تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ئوغلىنى بېقىش
ئۈچۈن ئىشلىيەلمىگەنلىكىگە ئىنتايىن
بەك ھەسرەت چەككەنىكەن. ھامماچام
فېننى ئانامغا قايتا - قايتا تەسەللى
بېرىپ، يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىشقا، بالاڭ بىلەن سېنى بېقىش-
قا قۇربىتىم يېتىدۇ، دەپ ئۇنى ئىشەن-
دۈرمەكچى بوپتۇ. بىراق ئانام ئاچىسى-
نىڭمۇ قولى ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى بىلى-
دىكەن، دېمىسىمۇ ھامماچامنىڭ قولى
ئۈزۈك بولغاچقا، ئۇلار ئادەتتىكى يېمەك-
لىكلەرنىلا يېيەلەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ
گرېگورنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا ئۇنى
يېمەكلىكتىن قىسماپتۇ. ئاسان تېپىلماي-
دىغان يېمەكلىكلەر بىلەن ياخشى
بېقىپتۇ، تامىقىدا يېڭى كۆكتات، يېڭى
گۆش كەم بولماپتۇ. ئانام ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، ھامماچام ئانام توغ-
رىسىدا ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن:
بىر كۈنى، ھامماچام فېننى ئۆي ئىشى
بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىدا ئانام
گرېگورنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتىپتۇ،
ئارقىدىنلا ماڭا دادا بولغۇچى ۋېلىيام
پرىستون كىرىپ كەپتۇ. ۋېلىيام قىرىق
ياشلاردىكى بويتاق بولۇپ، شۇ جايدىكى
ئەڭ باي ھېسابلىنىدىغان قورۇق ئىگى-
لىرىنىڭ بىرسى ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى
چوڭ دادام، ئانام، ھامماچاملار بىر
قەدەر ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن
چاغلاردىلا ئۇلار بىلەن تونۇشقانىكەن.
ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن
ناھايىتى خۇشال ھالدا شالەپىسىنى
قولىغا ئېلىپ توختىماي ئايلاندۇرۇپتۇ.
ھامماچام ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا
ئۇ ھامماچامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي
ئانامغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ
ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدىكەن. تۇنجى
قېتىم ئۆيگە قەدەم باسقاندىمۇ گەپ
قىلماپتۇ. ئۇ بىرمۇنچە ئىشلاردا ياردەم
قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئېغىزغا
ئالمايدىكەن. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا بۇ
ئۆيگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.
بىر كۈنى ئانام ئۆزى يالغۇز چېركاۋغا
كېتىپتۇ، ھامماچام بولسا ئۆيدە قېلىپ
بالىغا قاراپتۇ. ئانام چېركاۋدىن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن يا ئاشخانىغا كىرىپ
گرېگورنى يوقلىماي، يا ئاچىسىغا بىرەر
ئېغىز گەپ قىلىپ قويماي، ئۇدۇللا بالى-
خانىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ھامماچام
ئانامنىڭ بالىخانىدا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ
يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بالىخانىنىڭ
ئىشىكىنى ئاران تەستە ئېچىپ ئۆيگە
كىرىپتۇ. ئانام يىغلىغىنىچە ئاچىسىنىڭ
قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بويني-
دىن قۇچاقلاپ، ۋېلىيام پرىستوننىڭ
تېخى بايىلا توي قىلايلى دەپ ئۆزىگە
تەلەپ قويغانلىقىنى، بالىغا ياخشى
قارايمەن دەپ ۋەدە قىلغانلىقىنى،
تۇرمۇشتىن ۋە بالىنى ئوقۇتۇشتىن غەم
قىلماسلىقنى ئېيتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ
بۇ تەلەپكە قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ھامماچام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن
ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ھامماچام ئانامنى
ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنى ئەجەب تېزلا
ئۇنتۇپ كەتتى، دەپ ئويلاپتىكەن ۋە
ماڭىمۇ شۇنداق دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ
توي قىلىشقا تېزلا ماقۇل بولغانلىقى

هاماچامنىڭ قىياسىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپتۇ. هاماچام فېنىنى خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنى ئانام ھېلىنىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋىلىيام پىرىستوندەك ئادەمگە خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىكەن. ھېلىن گەرچە تۇل خوتۇن بولسىمۇ لېكىن تېخى يىگىرمە تۆت ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى كىشىگە خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىكەن. ۋەھالەنكى، هاماچام فېنىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن مەسلىھەت سورىمىغانلىقىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. بىراق ئۇ باشقا تەرەپلەردىكى بىرمۇنچە مەسىلەرنى، يەنى ھېلىنىنىڭ كۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ۋىلىيام پىرىستون بىلەن توي قىلسا جاپادىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىغا نىسبەتەن ئېغىر يۈك بولۇپ قېلىۋاتقان ئاتىسىز بالىنىڭ ھالىدىن ئەمدى ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئېغىر بېسىق بىر ئەرنىڭ خەۋەر ئالماقچى بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىكەن. شۇڭا بۇ تويىنىڭ مۇھىملىقىنى ئانامغا نىسبەتەن هاماچام فېنىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئانام ۋىلىيام پىرىستونغا توي قىلىشقا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ شەپىلىپ قاراپ باقماپتۇ. كۆلۈمسىرەپ باقماپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئوغلى گرېگورىنى ياخشى كۆرۈپتۇ. ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئانام دائىم گرېگورىغا سەن تېخى كىچىك، مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمەيسەن، دەيدىكەن. لېكىن گرېگورى ئانامنىڭ قوللىرىنى سىلاپلا قويالايدىكەن، ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ۋىلىيام پىرىستون ئانام بىلەن توي قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانام بىر باي ئائىلىدە ئايال خوجايىن بوپتۇ. ئانامنىڭ توي قىلىپ بارغان يېرى بىلەن هاماچام فېنىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئارىلىقى يېرىم سائەتلىك يول ئىكەن. مەن ئويلايمەنكى، دادامنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئانام ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. دادامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام ئەزەلدىن مۇنداق مەسئۇلىيەتچان خوتۇننى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بىراق ئانام دادامنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. داداممۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدىلا بىلىپ قالغانىكەن. ئانام گرېگورىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. دادام سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرسام ھامان بىر كۈنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق دادام ئانامنىڭ گرېگورىنى كۆرسىلا شۇئان جانلىنىپ خۇش بولۇپ، كۆزىدىن نۇر چاقناپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن كىشىگە بولسا سىپايىلىق بىلەن ئادەتتىكىچە مۇئامىلە قىلىپ، ھېچ بىر قىزغىن بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دادام تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. ئۆزىچە مۇشۇنداق قىلسام ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىمەن، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گرېگورىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئاشكارىلاپتۇ. ئۇ ئانامنىڭ گرېگو-

رىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشكە ھەسەتخورلۇق قىپتۇ، گرېگورى يېنىغا كېلىپ قالسا دادام تۈرلۈك ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇنى تىللايدىكەن. دادام مۇشۇنداق قىلسام ماڭا يالۋۇرىدۇ، مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلغىنىم ياخشى، بالىسىنى ياخشى كۆرۈشكە يول قويماسلىقىم كېرەك، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك ئىدى. بىر كۈنى، دادام قاتتىق خاپا بولۇپ گرېگورىنى تىللاپتۇ، چۈنكى گرېگورى ئۇششاق بالىلاردەك كەپسىزلىك قىلغانىكەن. ئانام گرېگورىنى ھىمايە قىپتۇ. بۇ چاغدا دادام باشقىلارنىڭ بالىسىنى باقىمەن دەپ خېلى جاپا تارتىۋاتىمەن، سەن تېخى نومۇس قىلماي جېدەلخور بالاڭغا يان بېسىۋاتىسەن، ئانا ـ بالا ئىككىڭنىڭ دىلى بىر، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇششاق ئىشلاردىن باشلانغان جېدەل بارغانسېرى ئاۋۇپ، ئاخىرى ئانامنىڭ مېنى ئاي كۈنىدىن بۇرۇن تۇغۇپ قويۇشىغا سەۋەب بوپتۇ. مەن شۇ كۈنى تۇغۇلۇپتىمەن. مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن دادام بەك خۇش بوپتۇ ھەم خىجىل بوپتۇ، ئۆزىنىڭ بىر ئوغۇلنىڭ دادىسى بولغىنىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاچچىقىدا دەپ سالغان سۆزلىرىنىڭ كاساپىتىدىن ئايالىنىڭ مۇشۇنداق كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بوپتۇ. بىراق دادام ناھايىتى ئاسانلا خاپا بولىدىغان ھەم كىشىگە زادىلا تەسەللىي بېرىشنى خالىمايدىغان ئەرسا ئادەم بولغاچقا، يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا يەنىلا گرېگورى سەۋەبچى بولدى، دەپ قاراپتۇ. ئانامنىڭ مېنى ئاي كۈنىدىن بۇرۇن تۇغۇپ قويغانلىقىنىمۇ گرېگورىغا دۆڭگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قاپتۇ. ئانام مېنى تۇغقاندىن كېيىن كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىپتۇ، دادام ئانامنى چارىسىز ئاپىرىپ دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىتىپتۇ. ئانامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئەجرى بىكارغا كېتىپتۇ. ھاماچام فېنىنى يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ئانام ھېلىقى دادامنىڭ بەك جاپا چېكىپ كېتىشىنى خالىمىغان، شۇڭا تۇغۇتتىن كېيىن، ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن. ھاماچام يەنە ئانامنىڭ كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ناھايىتى تىنىچ ياتقانلىقىنى، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئورۇندىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئانام ئەڭ ئاخىرىدا گرېگورىنىڭ كارىۋاتقا چىقىپ، مېنىڭ يېنىمدا كىچىككىنە قوللىرىمنى تۇتۇپ يېتىشىنى تەلەپ قىپتۇ. شۇ چاغدا دادام كىرىپ كېلىپ ئانامنى ئاستا يۆلەپتۇ ۋە ئەھۋالىڭ قانداقراق، دەپ سوراپتۇ. ئانام بىز ئىككى ئۆگەي قېرىنداشلارغا زەن سېلىپ قاراپ، بىزنى تاشلاپ كېتىشكە قىيمايۋاتقانلىقىنى ئىشارەت ئارقىلىق ئىزھار قىپتۇ، ئاندىن كېيىن دادامغا قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ. بۇ ئانامنىڭ دادامغا قاراپ تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىشى بولۇپ، ئانام شۇ چاغدا ناھايىتى يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەنىكەن! ھەتتا ھاماچام فېنىنىمۇ ئانامنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدى. شۇنداق قىلىپ بىر سائەتتىن

كېيىن ئانام جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن هاماچام فېنىنى كۆچۈپ كېلىپ
بىز بىلەن بىللە تۇرۇپتۇ. دادام ئەسلىدە
بۇرۇنقىدەكلا يالغۇز ياشىماقچى بولغان،
لېكىن ئىككى بالىنى قانداق بېقىشنى
بىلمەي، ئاخىرى هاماچامنى ئەكىلىشنى
مۇۋاپىق تاپقان. مېنى تۇغۇلغان كۈنۈم-
دىن باشلاپ هاماچام فېنىنى بېقىپتۇ.
مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغىنىم
ئۈچۈن تېنىم ناهايىتى ئاجىزكەن، شۇ
چاغلاردا هاماچام فېنىنى كېچە ـ كۈندۈز
ماڭا قاراپتۇ. دادام هاماچامغا ئوخشاشلا
بىئارام بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى يەرنىڭ
ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ
كېلىۋاتقىنىغا 300 يىلدىن ئاشقانىكەن.
مەن ئۇنىڭ يۈرەك باغرى هەم مىراسخورى
بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا بەك كۆيۈنىدى-
كەن. شۇڭا ئۇ مەندىن باشقا هەممە
ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىكەن،
شۇنىڭدىن قارىغاندا مەن تۇغۇلۇشتىن
بۇرۇن ئۇ هېچقانداق ئادەمگە ئىسسىق
چىراي ئاچمىغان بولسا كېرەك. مۇبادا
ئانام بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن بىر
مەھەل ھەسەتخورلۇقنىڭ دەردىنى تارت-
مىغان بولسا ئېھتىمال ئۇ، ئانامغىمۇ
ئاشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولار
ئىدى. مەنمۇ دادامغا بەك ئامراق ئىدىم.
ئەتراپىمدىكى هەممە نەرسىنى ياخشى
كۆرەتتىم. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ماڭا
نىسبەتەن سەمىمىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنەت-
تىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن مەن تەن
ئاجىزلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ناها-
يىتى ساغلام بولۇپ كەتتىم، دادام مېنى
بازارغا ئېلىپ بارغاندا كۆرگەنلەر
ئەجەب قاۋۇل بالىكەن، دېيىشىپ كېتەتتى.

مەن ئۆيدە هاماچامنىڭ ئەركە
بالىسى، دادامنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى، ئۆي
خىزمەتچىلىرىنىڭ غوجىسى، ئىشلەمچىلەر-
نىڭ كىچىك خوجايىنى ئىدىم. ئىشلەمچى-
لەرنىڭ ئالدىدا دائىم گېدىيىۋېلىپ
نوپۇزۇمنى كۆز ـ كۆز قىلاتتىم. هازىر
ئويلاپ باقسام، بىر بالىنىڭ مۇشۇنداق
قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى
بولمايدىغان ئىش ئىكەن.

گرېگورى مەندىن ئۈچ ياش چوڭ
ئىدى. هاماچام فېنىنى كونكرېت ئىشلاردا
ئۇنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسىمۇ
بىراق، دائىم ئۇنىلا ئويلاپ كېتەلمەيتتى.
ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى ماڭا ئاتىۋەتكەنىدى.
چۈنكى مەن ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ئەركە
بالىسى ئىدىم. دادام ئاخىرىغىچە گرېگو-
رىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلدى، چۈنكى
گرېگورى ئانامنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى
تامامەن ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. مېنىڭ
ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىممۇ كەم ئىدى.
دادام گرېگورىنى ئانامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ
ۋە مېنىڭ ئاي، كۈنۈم توشماي تۇغۇلۇپ
قېلىشىمنىڭ ئەيىبكارى دەپ قارايتتى.
روشەنكى، بۇ قىلچە ئەقىلگە سىغمايدىغان
خىيال ئىدى. دادام گرېگورىغا بەك ئۆچ
ئىدى. ئۇنى دائىم چەتكە قاقاتتى. ئۇنى
ئارتۇقچە يۈك دەپ قارايتتى. ئۇ بۇ
خىل قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشنى زادى
خالىمىدى. دادام بۇنىڭ پۇلغا سېتىۋال-
غىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىدىن
ئاغرىناتتى. ئۇ توي قىلىش ۋاقتىدا
ئانامغا ۋەدە بەرگەنلىكىگە ئېچىناتتى.
گرېگورى دۆت، كۆرۈمسىز، قوپال بولۇپ،
بىرەر ئىشنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمايتتى.
قورۇقتىكى ئىشلەمچىلەر دادامنى دائىم

ئاڭلاتتىپ تۇرۇپ زەھەرلىك سۆزلەر
بىلەن تىللايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن
ناھايىتى ئىزا تارتاتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە
غىرىبسىنىپ قالغان قېرىندىشىمنى كۆزگە
ئىلماي يۇرگىنىمگە بەك خىجىل بولاتتىم،
يۇرىكىم تىلىنغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى.
گەرچە ئۇنى مەسخىرە قىلمىغان ياكى
قەستەن ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمىغان بولسام-
مۇ لېكىن ھەممەيلەننىڭ ئەتىۋارلىشىغا
سازاۋەر بولغانلىقىم، ئالاھىدە تۇرمۇش-
تىن بەھرىمەن بولۇشقا ئادەتلىنىپ قال-
غانلىقىم ئۇچۇن، بۇنداق شان - شەرەپ-
لەر مېنى تەكەببۇرلاشتۇرۇپ قويغانىدى،
شۇڭا مەن دائىم ئۆزۈم خالىغان ئىش-
لارنى گرېگورىيغا قىلغۇزاتتىم ھەم ئۇنىڭ
ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتىم. بەزىدە تېخى
باشقىلار ئۇنى تىللىسا، ئۆزۈم چۈشەنمەي-
دىغان شۇ سۆزلەرنى مەنمۇ تەكرارلايتتىم.
ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى چۈشىنىدىغان ياكى
چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ مې-
نىڭ بۇنداق سۆزلىرىمگە ئادەتلىنىپ
قالغىنى ئۇچۇن جىم تۇراتتى. ھېچنېمە
دېمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىغا قارى-
سام قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلى-
ۋالاتتىم. دادام ئۇنى دۆت دەيتتى. ھام-
ماچام دادامنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلى-
سىلا خاپا بولاتتى. بىراق ھەممە ئادەم گرې-
گورىنى كالۋا، دۆت، جىمغۇر دېيىشەتتى.
ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل دۆتلۈكى ۋە
جىمغۇرلۇقى بارا - بارا كۈچەيدى. بەزىدە
ئۇ بىر نەچچە سائەتكىچە تۇرغان جايىدىن
مىدىرلىمايتتى. گەپمۇ قىلمايتتى. بۇنداق
چاغلاردا دادام ئۇنىڭغا قوپ ئورنىڭدىن،
ئىش قىل، دەپ ۋارقىرايتتى (ئېھتىمال
دېھقانچىلىق ئىشلىرى بولسا كېرەك)،

3 - 4 قېتىم ۋارقىرىغاندا ئاندىن ئورنى-
دىن تۇرۇپ ئىشقا باراتتى. مەكتەپكە
ئوقۇشقا بەرگەندىمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتى
ئۆزگەرمىدى. ئۇ دەرسلەرنى ئېسىگە
ئالالمايتتى. مۇئەللىم دەسلەپتە ئۇنىڭ-
دىن زېرىكتى، كېيىنچە ئۇنى تىللاي-
دىغان، ئۇرىدىغان بولدى. ئاخىرى دا-
دامغا ئۇنى مەكتەپتىن ئېلىپ كېتىشكە،
ئەقلى ۋە قۇدرىتى يەتكۈدەك ئىشلارنى
قىلىشقا ئاپىرىپ بېرىشكە مەسلىھەت
بەردى. ھېس قىلىشىمچە، شۇندىن كېيىن
ئۇ تېخىمۇ كالۋا، تېخىمۇ قاشاڭ بولۇۋال-
غانىدى. بىراق ئۇنىڭ مىجەزى ياخ-
شى، ئۆزى ياۋاش، سەۋرچان ئىدى.
ھەر قانداق ئادەمگە ياردەملىشەتتى، بىر-
ئىككى مىنۇت ئىلگىرى ئۇنى بىرەر
كىشى تىللىغان، ئۇرغان بولسىمۇ كۆڭلى-
گە ئالماي، ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋېرەتتى.
ئۇ دۆت بولغانلىقتىن، ئۆز ئىشىغا سېلىشۋات-
قان ئادەملەرمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. مەن
ئۆزۈمنى بەك ئەقىللىق دەپ ھېسابلايتتىم،
شۇڭا دائىم مەغرۇر يۈرەتتىم. مەكتەپتە بول-
سا ئۆزۈمنى مەغرۇر خورازغا ئوخشىتاتتىم.
مۇئەللىم مېنى، ئۆزى ياقتۇرغان نەرسىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ، دەيتتى.
بىراق دادام ئانچە كۆپ ئوقۇمىغان ئادەم
بولغاچقا، مېنى داۋاملىق ئوقۇتۇشنى
خالىماي ئۆيگە ئېلىپ كەتتى ۋە قورۇقتا
ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى. گرېگورىنى
بولسا قېرى فوجدارىمىز ئادامنىڭ يېنىغا
ئەۋەتىپ پادا باقتۇردى. غوجدار بول-
سا پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان
ئادەم ئىدى. قارىشىمچە، گرېگورى قېرى
ئادامغا يېقىپ قالغان بولسا كېرەك: غو-
جدار مېنىڭ قېرىندىشىمنى ناھايىتى

كۆپ ئارتۇقچىلىقى بار، دەپ قارايتتى.
گەرچە ئۇ گرېگورىنىڭ قانداق ئارتۇقچى-
لىقى بارلىقىنى بىلمىسىمۇ ئارتۇقچىلىقى
بار دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ
سازلىقتا يۈنىلىشىنى پەرق قىلىشتا گرېگو-
رىغا تەڭ كېلەلەيدىغان بىرەر بالىنى
تېخى ئۇچرىتىپ باقمىغانلىقىنى ئېيت-
قاندى. دادام قېرى ئادامنى سىناپ
بېقىش ئۈچۈن گرېگورىنىڭ كەمچىلىك
ۋە ئىللەتلىرىنى ئېيتىپ باققىن، دەپ
سوراپ قالسا، ئۇ دادامنىڭ مۇددىئاسىنى
دەرھال بىلىۋېلىپ، ئەكسىچە گرېگورىنى
ماختاپ كېتەتتى.

بىر يىلى قىشتا دادام مېنى مەلۇم
بىر يەرگە ئىش بىجىرىپ كېلىشكە ئە-
ۋەتتى. بۇ چاغدا مەن ئون ئالتە ياشلاردا
ئىدىم. گرېگورى بولسا ئون توققۇز ياشقا كىر-
گەنىدى. ئىش بىجىرىشكە بارىدىغان جاي
چوڭ يول بىلەن ماڭغاندا يەتتە ئىنگلىز
چىسى، سازلىق بىلەن ئۇدۇل ماڭغاندا
تۆت ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. دادام ماڭا
بارغان يولۇڭ بىلەن قايتىپ كەل، دەپ
تاپىلىدى. چۈنكى قىش كۈنلىرى بالدۇرلا
قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھەممە ياقنى تۇمان بېسىپ
كېتەتتى. پالەچ كېسىلى بىلەن يېتىپ
قالغان قېرى ئادام بۇگۈن قار ياغىدۇ،
دەپ ئەسكەرتتى. مەن ئۇ جايغا دەرھال
بېرىپ ئىشنى بىجىردىم - دە، ئۆزۈمچە
ئىشنى دادام بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت-
تىن بىر سائەت بۇرۇن بىجىرىپ بولدۇم
دەپ ئويلاپ، باشقا بىر يول بىلەن
قايتىشنى قارار قىلدىم. مەن سازلىققا
كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى.
بارا - بارا ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ بولۇپ
كەتتى. ھاۋامۇ تۇتۇق ئىدى. مەن قار

يېغىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىۋې-
لىشنى ئويلايتتىم، شۇڭا ناھايىتى تېز
ماڭدىم. بىراق ئەتراپمۇ تېز قاراڭغۇ-
لىشىپ كەتتى. ھەربىر يول ئېغىزىدا
ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاچاللار ئۇچرا-
ۋەردى. كۈندۈزدە يول ماڭغانلار يىراق-
تىكى مۇقىم نەرسىلەرنى، مەسىلەن،
چوقچىيىپ تۇرغان بىرەر قورام تاشنى
ياكى يەر ئۈستىدىكى بىرەر شارقىراتمىنى
بەلگە قىلاتتى. ھازىر بولسا مەن ئۇنداق
نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ كۆرەلمىدىم.
مەن ئۆزۈم توغرا دەپ ئويلىغان يول
بىلەن مېڭىۋېرىپ ئېزىپ قاپتىمەن.
ئۆزۈمنىڭ ناتونۇش بىر يەرگە بېرىپ
قالغىنىمنى سەزدىم. ھەممە يەر تۇتاش
كەتكەن سازلىق بولۇپ، ئادەمزات قە-
دەم باسمىغاندەك تىمتاس ئىدى. كۆڭ-
لۈمنى ۋەھىمە باستى، تېنىم شۈركىنىپ
كەتتى. ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەرمەك-
چى بولۇپ ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرى-
دىم. ۋارقىراۋېرىپ بارا - بارا ئاۋازىم
پۈتۈپ قالدى. ئاخىرى ئىچىمگە بىر
قورقۇنچ كىرىۋالدى. ھەقىقەتەنمۇ ھەم-
مە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن
بۇنداق قاپقاراڭغۇ چۆلدە ۋارقىراۋېرىش
بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى. تۇساتتىن
ئاسماندىن قار ئۇچقۇنداپ چۈشۈشكە
باشلىدى. يۈزۈم نەملەشتى. بۇرۇن ئۆ-
گەنگەن بىلىملىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بۇ
يەردە كارغا كەلمىدى. ئەسلىدە مەن
كەلگەن يولۇم بىلەن قايتقان بولسام
بولاتتى. مانا ھازىر نىشاندىن پۈتۈنلەي
ئادىشىپ قالدىم. ئۈستىبېشىم ئاپئاق قار
بىلەن قاپلاندى. قاراڭغۇدا چۈشۈۋاتقان
قارنىڭ بارغانسېرى قېلىنلاۋاتقانلىقىنى

ھېس قىلدىم. ئەگەر بىر ئىزىمدا تۇرۇۋەرسەم ئاستىمدىكى قار غىرسىلدايتتى. بىراق مەنمۇ يىراقلاپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم. پۈتۈن ياشلىق جاسارىتىمدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. يىغلىغۇم كەلگەن بولسىمۇ لېكىن خىجىل بولۇپ يىغلىمىدىم، ئۆزۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ يەنە ۋارقىرىدىم. تىمتاس سازلىقتا ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار، دېپ ۋارقىراشمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدىكەن. ئەتراپ يەنە جىمجىتلىققا چۆككەندە مەن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم. قايتقان ئەكس سادادىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. قار بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاخىرى شىۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى.

مەن بارا - بارا ئېسىمنى يوقىتىپ، ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ قالدىم. مېنى بىردىنلا مۈگدەك باستى، ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن مېڭىپ باقتىم. لېكىن يىراقلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى بىرەر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقتۇم. مەن ئەسلىدىكى جايىمدىن قوزغالماي تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدىم. كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈپ، ئاۋازىم بوغۇلۇپ قالدى. ئاھ، مەن ئەمدى ياردەمگە ئېرىشەلمەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ. ئۇلار ئۆيدە قىپقىزىل ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندۇ. ئۇلار مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتنى ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ. دادام مېنىڭ ئۆلگىنىمنى بىلسە چوقۇم ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپ ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولىدىغان بولدى. ۋاي ئېسىت، بىچارە دادام!

ھامماچام قانداق قىلار؟ ئۇنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كېتەرمۇ؟ مەن دەسلەپتە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلىدىم، بالىلىق چاغلىرىمدىكى خىيالىي مەنزىرە چۈشۈمدىكىدەك كۆز ئالدىمدا غىل - پال ئايان بولدى. مەن شۇ تاپتا ئۆز ھاياتىم ئۈچۈن قاتتىق ئېچىندىم. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، ئۈمىدسىز ھالدا يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدىم. مەن ناۋادا بىرەر كىشى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قېلىپ، مېنى قۇتقۇزۇشقا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدىم، ئۈمىدىم ئۈزۈلدى. بىراق مەن بىر ئەكس سادانى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، بۇ ئەكس سادا مەن ۋارقىرىغانغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇزۇن، ناھايىتى سوزۇلۇك بولۇپ، بۇ سوزۇلۇك ئاۋاز گويا يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىرىدا مەن بۇ ئاۋازنىڭ شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مەن بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. بىردەمدىلا پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ قىلچە مادارىم قالمىدى. ئەمدى ۋارقىراشتىن توختىدىم. دەل مۇشۇ چاغدا مەن قانداقتۇر بىر ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. دەرھال كاللامدا لاسىنىڭ ئاۋازىمۇ نېمە، دېگەن خىيال پەيدا بولدى، لاس قېرىندىشىمنىڭ پادا ئىتى ئىدى. ئۇ كۆرۈمسىز، يېرىمجان لالما ئىت بولۇپ، دادام ئۇنى كۆرسىلا تىللايتتى، قوغلايتتى، يېقىن كېلىپ قالغان بولسا تېپەتتى. چۈنكى بۇ ئىت ئادەمنىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ

ئۆستىگە، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتى ئىدى. مۇنداق چاغدا گرېگورى ئىتنى دەرھال ئېلىپ كېتىپ، ئىتنىڭ گەمىسىدە بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇراتتى. ئىت بەزىدە تۇساتتىن قاتتىق قاۋاپ ياكى غىڭشىپ كەتسە، دادام قاتتىق تېپىپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ خىجىل بولۇپمۇ قالاتتى. بىراق دادام گرېگورىنى ئەيىبلەش ئارقىلىق ئانچە ـ مۇنچە ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەپ قوياتتى. گرېگورىنى بولسا ئىتنى ياخشى تەربىيىلىمىدىڭ، بۇ ئىت دائىم ئاشخانىنىڭ ئوچىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىۋالىدۇ، ئىت بېقىشتا مۇشۇنداق دۆتلۈك قىلساڭ كىلىنتانتۇندىكى بارلىق ئىتلار يارامسىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئەيىبلەيتتى. گرېگورى بولسا بۇنداق ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلىمىغاندەك جىملا قاراپ تۇراتتى.

ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، بۇ لاسىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن:

— لاس! لاس! خۇدا ھەققى، مېنى قۇتقۇز، لاس! — دەپ ۋارقىرىدىم. بىر ئازدىن كېيىن، ئاق تۇمشۇق لاس ئاياغ تەرىپىمدە پەيدا بولدى. ئۇ بىردەم ئوڭ تەرىپىمگە، بىردەم سول تەرىپىمگە ئۆتۈپ مېنى پۇرىغىلى تۇردى. ئۇ خۇشاللىقتىن ھاسىرايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك تىپىۋېتىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. بىراق مەن بولسام خۇشاللىقىمدىن تىترىگىنىمچە ئېڭىشىپ لاسىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويدۇم. پۇت ـ قوللىرىم تىترەپ ئۆرە تۇرالماي، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، بىراق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمغا كۆزۈم يەتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئادەمنىڭ كۆل رەڭ چاپىنىنى پۇلاڭلىتىپ بارا ـ بارا ماڭا يېقىنلاشقانلىقىنى ئوچۇق پەرق ئەتتىم. بايا تىن ماڭا كۆرۈنگىنى گرېگورىنىڭ شامالدىن دالدا بولىدىغان يەڭسىز چاپىنى ئىدى.

— ئاھ، گرېگورى! — مەن ئىڭرىغاچ، گرېگورىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدىم. خۇشاللىقىمدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم. گرېگورىمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، مەن بىردەملىككە جىم تۇرۇپ قالدىم. گرېگورى بولسا بىز ئەمدى ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك، ھاياتىمىز ئۈچۈن مېڭىپ ھەرىكەت قىلايلى، بىز چوقۇم ئۆيگە قايتىش يولىنى ئىزدەپ تاپايلى، ئىمكانىيەت بولسىلا ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم؛ ھەرىكەت قىلمىساق توڭلاپ ئۆلىمىز دېدى.

— ئۆيگە قايتىش يولىمىزنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— مەھەللىدىن چىققاندا بىلەتتىم، ھازىر ئاڭقىرالمايۋاتىمەن. ھەممە يەرنى قار كۆمۈپ تاشلاپتۇ، تونۇيالمايۋاتىمەن. بايا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەنمۇ ئېزىپ قالدىم، — دېدى گرېگورى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىمدا پادا ھەيدەيدىغان تايىقى بىلەن يول تېپىپ ماڭدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېنىدىلا ماڭدىم، ھەر بىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باستۇق، ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلىدۇق. بۇ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك سەپەر بولدى. قېرىندىشىم گرېگورى لاسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن مېڭىۋاتاتتى، لاس بولسا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسمان

www.uyghurkitap.com

بەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنلىكتىن، يىراقتىكى نەرسىلەرنى زادىلا پەرق ئېتەلمەيتتۇق. بىراق گرېگورى پات-پاتلا لاسىنى چاقىردۇۋالاتتى ۋە ئۇ قايتىپ كەلگەن تەرەپنى بەلگە قىلىۋېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. توختاۋسىز ھەرىكەت بىزنى توڭلاشتىن ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. مېنىڭ پۈتۈن جىسمىمدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئارزۇسى باش كۆتۈرگەنىدى، بۇ ئارزۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. سوغۇق بىزگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى، سوغۇقتىن مۇزلاپ كېتىۋاتاتتۇق. قېرىندىشىمنىڭ تاغقا بېرىپ تۇرىدىغان ۋاقتى كۆپ بولغاچقا، بۇنداق قاتتىق سوغۇققا مەندىن بەكرەك بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئۇ لاسىنى پات-پات چاقىرىپ تۇرغاندىن باشقا ھېچنېمە دېمەيتتى. مەن پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ ۋايىسىماسلىققا تىرىشاتتىم. بىراق بۇ قېتىم ئاپەت خاراكتېرلىك، جانغا زامىن بولىدىغان ئۇيقۇ بارا-بارا ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

— ماڭالمىدىم، — ئاغزىم گەپكە قولاشماي، ئاران شۇنداق دېدىم. شۇ چاغدا تۇساتتىن قېرىشقاندەكلا ئۇيقۇم كەلدى، بىراق گرېگورى يەنىلا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكىمدىن جۆيلۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلغان ئوخشايدۇ.

— توختاپ قالساق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۆيگە تېخى يېتىلمىدۇق، ھازىر پۈتۈن ئۈمىدىمىز لاسىغا باغلىق بولۇپ قالدى. كىملە، پېلاشكام بىلەن يۆگەپ قوياي، ماۋۇ تاھنىڭ ئارقىسىدا بىردەم ياتقىن. شامالنى توسىدىكەن. مەن يېنىڭدا ياتاي، يېقىن ياتساق توڭمايمىز! سەندە ئۆيدىكىلەر تونۇغىدەك بىر نەرسە بارمۇ؟

گرېگورى مېنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىمنى قىلچىمۇ خالىمايتتى، چۈنكى ئۇخلاپ قالسام زادى بولمايتتى، ئۇ بەلگە بولغىدەك بىرەر نەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى يەنە سورىغانلىقى ئۈچۈن، يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى چىقاردىم، قول ياغلىقىنىڭ چۆرىسىدە ھامماچام تىكىپ بەرگەن كەشتە بار ئىدى. گرېگورى ياغلىقنى قولۇمدىن ئېلىپ لاسىنىڭ بوينىغا چېگىپ قويۇپ:

— ھەي، لاس، چاپسان ئۆيگە بار، — دېدى. سەت، كۆرۈمسىز، سالپاڭ قۇلاق پادا ئىتتى شۇئانلا گويا كىرىچتىن ئايرىلغان سادىقنىڭ ئوقىدەك، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپلا كەتتى. ئەمدى ياتسام بولىدۇ، ئەمدى ئۇخلىسام بولىدۇ، دەپ پىچىرلايتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە. مەن گويا ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇپ قالغاندىم. شۇ ئەسنادا، قېرىندىشىمنىڭ ئۈستۈمگە قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئاستا يېپىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم، لېكىن نېمە ياپقانلىقىنى بىلمىدىم، بىلگۈمۇ، ئويلىغۇمۇ كەلمىدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە بەك نەپرەتلەندىم. بەك شەخسىيەتچىكەنمەن. ئەگەر شەخسىيەتچى بولمىغان بولسام مۇشۇنداق ئادەمزاتسىز چۆللۈكتە، پايانسىز قارلىق دالىدا، قاتتىق شىۋىرغاندا بىرسى كىيىملىرىنى سېلىپ ماڭا يېپىپ قويسا شۇنىمۇ بىلمەسمىدىم. گرېگورى مېنى باغرىغا بېسىپ يېنىدا ياتقاندا، مەن خۇشلۇقىمدىن ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم.

—ئېھتىمال، ئانام جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئىككىمىزنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ياتقىنىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەن، ئانام سىڭلىڭ كىچىككىنە قوللىرىڭنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر بىزنى كۆرۈۋاتقاندۇ، ناھايىتى خۇش بولغاندۇ، چۈنكى بىز ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغان بولدۇق. قانداقلا بولمىسۇن ئاللا بىز بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى.

—سۆيۈملۈك گرېگورى،— دەپ پىچىرلىدىم - دە، تونۇلماسلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ياتتىم. كۆزۈم ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇ ھەدەپ ئانام توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن (ماڭا گويا ئازغىنە ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىندى) ئەتراپىمدا بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئادەملەرنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىل - پال كۆرۈنەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يېقىملىق، ئىسسىق ھارارەت تارالغاندەك بولدى. قاراپ باقسام ئۆيدە، كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن.

—گرېگورى قېنى؟— دېدىم مەن مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن.

ئۆيدىكىلەر بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى، دادامنىڭ ئىلگىرىكى سۈرلۈك قىياپىتى يوقالغان، چىرايى تاتىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ سەل - پەل مىدىرلاپ كەتكىنىنى، كۆزىگە تۇنجى قېتىم ياش ئالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

—ئەسلىدە يەرنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالامغا ئوخشاش ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئاھ، خۇدا! مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭدىن تاش يۈرەك ئۆگەي دادامنى كەچۈرگىن، دەپ تىلەيمەن.

مەن دادامنىڭ باشقا گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىم، بىر قاتار ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ ئايان بولدى. مەن ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەنىدىم.

مەن ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ، بىر ئازدىن كېيىن ئاخىرى ھوشۇمغا كەلدىم. دادام مېنىڭ چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ چېچىنىڭ تامامەن ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى، قوللىرىنىڭ توختىماي تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بىز گرېگورى توغرىسىدا قايتا سۆزلەشمىدۇق، ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. بىراق گرېگورى سىرلىق قىياپەتتە بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالدى.

لاس بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. دادام ئۇنى سىلاپ قويماقچى بولۇۋېدى، ئۇ قورقۇپ قېچىپ كەتتى. دادام بولسا گويا بۇ سۈكۈتتە يۈرگەن بىچارە ھايۋاننىڭ قارغىشىغا قالغاندەك بولۇپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، بىر ھازاغىچە گەپ - سۆز قىلماي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

ھاماچام فىننى پۈتۈن ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. دادام ھېلىقى دەھشەتلىك ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىسى شۇنچە ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن خاپا بوپتۇ. ئۇ ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، گرېگورىغا ئارتۇقچە يولسىزلىق قىپتۇ. دادامنىڭ قوپاللىقى چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامراتلىقىنى تىلغا ئېلىپ ھاقارەت قىپتۇ. يەنە تېخى دۆتلۈكىڭدىن ھېچبىر ئىشنى كۆ-

گۈلدىكىدەك قىلالمايسەن، دەپ تىللاپتۇ.
ئۇ چاغدا پېشقەدەم پادىچىمۇ شۇ يەردە
بارىكەن، دادام ئادەتتە ئۇلارغا ئوبدان
مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن گرېگورى
دەس ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، لاسنى چا-
قىرىپ مېنى ئىزدىگىلى يولغا چىقىپتۇ.
بىچارە لاس، ئىلگىرى باشقىلارنىڭ تې-
پىشىدىن، ئۇرۇشىدىن قورقۇپ دائىم
ئۇنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالات-
تى. دادام بىلەن ھاماچام قېنىنى مې-
نىڭ ھېلىقى چاغدىكى كىشىلەرنى ھەي-
ران قالدۇرغان ئەھۋالىمنى بىر مەزگىل
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈردى. ھاما-
چام ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: گرېگورى
پات ئارىدا شۇۋىرغان چىقىپ كېتىدىغان-
لىقىنى مۆلچەرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بى-
رىسىگە ئېيتىپ قويمايلا مېنى ئىزدەشكە
ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتكەن. ئۈچ سائەت-
تىن كېيىن، قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى
ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، مېنى قەيەر-
دىن ئىزدەشنى بىلەلمەي قېلىشقان. ھەت-
تا گرېگورىمۇ قورۇقتىكىلەرنىڭ ئېسىدىن
چىقىپ كەتكەن. بىچارىنىڭ چىقىپ كەت-
كىنىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، ئىسىت،
بىچارە گرېگورى! شۇ چاغدا لاس قايتىپ
كەپتۇ، ئۇنىڭ بويىندا مېنىڭ قول ياغلىقىم
چېگىكلىك ئىكەن. ئۇلار شۇئان ئىشنىڭ
تېگىگە يېتىپتۇ - دە، پۈتۈن قورۇقتىكىلەر
قوزغىلىپ چىقىپ، لاسقا ئەگىشىپ مېنى
ئىزدەپتۇ. ئادەملەر جۇۋا، پەلتۇ، ئەدى-
يال ۋە بەيلەندى قاتارلىق نەرسىلەرنى
ئېلىۋېلىشقانىكەن. لاس ئادەملەرنى باش-
لاپ ھېلىقى شامالنى توسۇپ تۇرغان قو-
رام تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مەن ئۇ يەردە
مۈزلاپ قېتىپ قالاي دېگەن ھالەتتە
تىترەپ ياتقانىكەنمەن. خۇداغا شۈكرى،
ھاياتكەنمەن. ئۈستۈمگە قېرىندىشىمنىڭ
يەڭسىز پلاشكىسى، ئايىغىم تەرەپكە پادى-
چىلارنىڭ قېلىن پەلتوسى مەھكەم يېپىق-
لىق ئىكەن. گرېگورى پەقەت يىلىڭ كۆڭ-
لەك بىلەن ماڭا ئالدىنى قىلىپ ياتقانى-
كەن. ئۇنىڭ توڭلاپ قالغان چىرايى كۈ-
لۈمسىرەپ ياتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ (گرېگو-
رى ئۆمرىدە كۈلۈپ باقمىغان بولغىيدى).

دادام بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدى-
غان چېغىدا ئەڭ ئاخىرىدا گرېگورىنى ئەس-
لەپ مۇنداق دېگەنىدى:

— خۇدا، ئۆز دادىسىدىن يېتىم قال-
غان بىر بالىغا شۇنچە باغرى تاشلىق
قىلغىنىمنى كەچۈرگەيسەن!

ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن توۋا قىلغان-
لىقى ۋە ئانامغا بولغان يالقۇنلۇق، چوڭ-
قۇر مۇھەببىتى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بىز
تېپىۋالغان بىر ۋاراق قەغەزدە ئىپادى-
لەنگەن، دادام بۇ قەغەزدە تاغ تەرەپنى
سىزىق ئارقىلىق ئىپادىلەپ، مېنى تاغ
باغرىغا دەپنە قىلىڭلار، دەپ ۋەسىيەت
قىلغان. چۈنكى ئۇ يەرگە بىچارە گرېگو-
رى بىلەن ئانام دەپنە قىلىنغانىدى.

(«داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
1992 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئابدۇرشىت ھاپىز تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن ۋاپات بولدى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى، پېشقەدەم كوممۇنىست شائىر قۇربان ئىمىن 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ قەشقەردىكى دىنىي ھەم پەننىي مەكتەپلەردە، 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1943 - يىلى قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇتۇش جەريانىدا نۇرغۇن جاپالىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

قۇربان ئىمىننىڭ «ئەدەبىيات» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1937 - يىلى دېكابىردا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شائىر شۇندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇزۇن ھەم جاپالىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خەلقىمىزگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلغان.

قۇربان ئىمىن ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. پۇشكىن، لېرمونتوپ، گوركىي، لۇشۈن، گومورو، ئەي چىڭ قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىن، چىن تيەنچۇ ۋە مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن قاتارلىق ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك شائىرلىرى قاتارىدا مەيدانغا چىقىپ، «شوخ - ئەركىن» تەخەللۇسى بىلەن «ئاچچىق كۆلەر»، «ھېيتگاھدا ئۈچ قىز»، «ئەركىنلىك» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، «گۈلقىز»، «ئىبرەت» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ۋە «توكيونىڭ تەقدىرى»، «ئارسلان»، «چېچەكلىرىم»، «ئاشنامغا دەشنام» قاتارلىق بىر مۇنچىلىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئىجاد قىلىپ، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىنى، جاھانگىرلىكنىڭ جىنايىتىنى ھەم فېئوداللىزمنىڭ ئاسارىتىنى غەزەپ بىلەن پاش

قىلغان، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى، بەختىيار، يېڭى ھايات يارىتىش يولىدىكى كۈرەش ھەم غايىلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يازغان بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلەر ئەينى يىللاردا سەھنىلەردە ئوينىلىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىن قوغلىغان ۋە قىيىن - قىستاقلارغا ئالغان، ئەمما شائىر زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان. ئۇ 1947 - يىلى ئۆزى بىلەن قەلبداش تۆت نەپەر شائىر بىلەن بىرلىشىپ، «شېرىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا زۇلمەتلىك كونا دۇنيا پاش قىلىنغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتتىق ئەيىبلەنگەن. خەلق ئامىمىسىنى ئويغىتىش دەۋەت قىلىنغان بۇ توپلام «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، رەسمىي تارقىلىشقا باشلىغاندا، گومىنداڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن توختىتىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. گومىنداڭ دائىرىلىرى پەيلىنى بۇزۇپ، بۇ توپلامغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن قۇربان ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنى قولغا ئېلىپ، بىراقلا ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا، ئازادلىق ھارپىسى يېقىنلىشىپ قېلىپ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

شائىرنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشى ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. 1949 - يىلى شائىرنىڭ قەلبىگە ئازادلىق تېڭىنىڭ پارلاق نۇرى تۆكۈلگەن. ئۇ 1950 - يىلى كۈزدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بۇ خىل ھۆرمەت ھەم ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن شائىر تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى بېيىتقان. ئۇ شۇ يىلى يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1960 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا، 1979 - يىلى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا، 1984 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان.

بىگۇناھ شائىر ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، ئازاب چەككەن. مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئازادلىققا ئېرىشكەن. يېڭى دەۋر ۋە ئۇنىڭ

گۈللىنىش مەنزىرىسى ئەركىنلىكىكە ئېرىشكەن شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلھام بەخش ئەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ۋەتەن ھەققىدە ناخشا»، «قەشقەردە باھار»، «ئانامغا»، «تەڭرىتاغ خىتابى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە «ئۈزۈلمەس رىشتە»، «قەشقەر قىزى»، «ھاجى ئاخۇن»، «سېمونت ئىشچىسى» قاتارلىق داستانلارنى يازغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ «تارىم غەزەللىرى»، «قەشقەر ئاۋازى»، «توي»، «ئاق بۇغۇن» (كېيىنكى ئىككىسى بىرلەشمە توپلام) قاتارلىق شېئىر، ناخشا تېكىستلىرى توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. 1979 - يىلى «توي» ناملىق دىرامىسى، 1981 - يىلى «ئانامغا» ناملىق شېئىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. شائىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى 10 يىلىدا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، 1989 - يىلى ئەدەبىيات شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «تاغ سۇلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1993-يىللىق نەشر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋان ھەم يەڭگىللىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر قۇربان ئىمىن ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پەخرىي رەئىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 4 -، 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3 -، 4 - قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىننىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىك، ۋاپادار، كەمتەر، ھارماس ئىجادكارىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

uyghurkitap.com

## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئىقتىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئوبدان يولى. كۇرسىمىز ئىقتىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، ئەمەلىي يېتەكلەش، كەڭ ھەۋەسكار، ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى دەۋر ۋە ئېقىملىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ماھارەت، دۇنيا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئېقىملار، ئىجادىيەت ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلار مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ، كۆپ نۇقتىلاردىن كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي ئىجادىيەت بىلىملىرى ۋە ماھارەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. كۇرسىمىزغا ھازىر تۇنجى قارار كۇرسانتلار قوبۇل قىلىنىدۇ.

1. سىنىپلار تۈرى: شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بويىچە ئىككى سىنىپقا ئايرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار سانى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەۋەسكارلار ۋە ئاپتورلار ئوقۇش تارىخى، يېشى، كەسپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇشقا تىزىملاتسا بولۇۋېرىدۇ.

2. ماتېرىيال ئەۋەتىش: خەت ئارقىلىق يازما يېتەكلەش چىڭ تۇتۇلىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا ھەربىر كۇرسانتقا «تارىم»، «ئىجادىيەت خەۋەرلىرى» ژۇرناللىرى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» گېزىتىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر نۇسخىدىن ھەقسىز ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. خەت ئالاقىسى ئورنىتىلىپ، يازما يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. ماتېرىيال تونۇشتۇرۇش بىلەن ئەسەر ئېلان قىلىش سەھىپىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش بىلەن ئوقۇشنى كۈچەيتىش چىڭ تۇتۇلىدۇ. كۇرسانتلار بۆلۈمىمىزگە ھەر ئىككى ئايدا بىر پارچىدىن ئۇزۇن پارچىلىق شېئىر ياكى ئىككىدىن تۆتكىچە نەسرىي ئەسەر ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى مەخسۇس مۇئەللىملەر كۆرىدۇ. كونكرېت پىكىر يازىدۇ، ژۇرنالنىڭ كۇرسانتلار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىشقا تاللايدۇ. ئەسەر ئېلان قىلىش، ئەسەر تۈزىتىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، مۇنەۋۋەر كۇرسانت سايلاش قاتارلىقلاردا ھەممە كۇرسانتلار مۇۋاپىق ئىمكانىيەت بېرىلىدۇ. نەتىجىسى كۆرۈنەرلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىك قەلەمكەشلەر يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

تىزىملىتىش: ئوقۇش ھەققى 60 يۈەن بولىدۇ. زاۋۇت، كان، كارخانا، مەكتەپلەر، ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەردىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا كوللېكتىپ تىزىملاتقۇچىلار ئوندىن ئاشسا باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئوقۇش ھەققى پوچتا پېرېۋوت چېكى ئارقىلىق ئەۋەتىلىشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. پۇل تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىنلا تالون ۋە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتىلىدۇ. ئوقۇش ئاخىرلاشقاندا ئوقۇش تۈگىتىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىدۇ.

تىزىملىتىش ۋاقتى: بۈگۈندىن باشلاپ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر. ئوقۇش مۇددىتى 9 ئاي بولۇپ، 1992 - يىلى 12 - ئايدىن 1993 - يىلى 8 - ئايغىچە. كۇرسانتلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرى 1992 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ئىشلىنىدۇ.

خەت - چەكلەرگە ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى، 22 - قورۇ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش بۆلۈمچىسىگە تېگىدۇ، دەپ يېزىلسا بولىدۇ. پوچتا نومۇرى: 830000.

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



شائىر تۇرغان شاۋۇدۇن دېكلا-
ماتسىيە ئوقۇماقتا.



سەبداشلىرى ئارىسىدا.



ئۇ، ئىلىدىكى ياش ئاپتورلار
بىلەن بىللە.



12 مۇقام مۇھاكىمىسى ئۈستىدە.

تۇرغان شاۋۇدۇن كۆزگە كۆرۈنگەن ئوتتۇرا ياش ئە-
ىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1956 - يىلىدىن
ئىتىبارەن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. «ھايات دولقۇنلى-
ى»، «قەرز قالغان توي»، «ئىختىرا ھەۋەسى
اشلىنار شۇنداق»، «سازەندە ناخشىسى»، «شاھ
ۋە غۇلام» قاتارلىق 5 توپلىمى ھەمدە باشقىلار بىلەن
ىرلىكتە تۈزگەن «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «ئىلى خەلق
اخشىلىرى» قاتارلىق 5 ناخشا تېكىستلىرى توپلىمى
ەشر قىلىنغان. «گۈلسۇم»، «شىپا ئاپىماس
كېسەل»، «تاشۋاي»، «گۈزەل دولان دەرياسى»،
«ئۈژمە سايىسى»، «گۈلباغ»، «سىېغىنىش» قا-
تارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئاپتونوم رايون ۋە
مەملىكەت بويىچە 1-، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشـ-
كەن.



ئۇ، پىشقەدەم ئۆزبېك شا-
ئىرى پەرھەتى قاتارلىقلار بىلەن
بىللە.



《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 - يىل 11- سان ( 381 - سان )، 42 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66　定　价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى: 830000